# تيانشان باغرىدا

تۇردى سامساق



مىللەتلەر نەشرىياتى

تۇردى سامساق

تيانشان باغرىدا

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1982 - يىل 8 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

1982 - يىل 8 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.49 يۈەن

# قەلەم سوزى

باللىق كۇنۇمدىنلا ھاياتقا يولنى سەرگەردانلىقتىن باشلىغىنىم ئۇچۇن، بۇ ئۇلكىدە كەزگەن يەرلىرىم، كەچمىش-كەچۇرمىشلىرىم كوپ بولدى. ئاڭلىغان-ئۇققانلىرىممۇ ئاز بولمىدى. شۇڭا مىنىڭ يازمىشلىرىم ئۇقۇغان كىشىنى ئانا قەشقەردىن تارتىپ ئۇرۇمچىنىڭ ھەيۋەت كوچىلىرىغىچە ۋە ياكى خوتەننىڭ يىراق سەھرالىرىدىن ئالتاينىڭ ئالىس ئاۋۇل-ئايماقلىرىغىچە سەيلە-ساياھەت قىلغۇزىدۇ.

دىمەككى، مىنىڭ ھىكايىلىرىم ئوتمۇش ۋە ھازىرنىڭ ھاياتىي كارتىنىلىرىدىن تورەلگەن. شۇڭا ئۇ، زامانداشلارغا، شۇ جۇملىدىن زامانىمىزنىڭ مەرىپەتلىك ياشلىرىغا ئوتمۇشنى چۇشىنىش ئۇچۇنمۇ مەلۇم مەنىۋى مەنپەئەت يەتكۇزسە، ئۇ ھالدا ئاپتور ئۇز مەقسىدى يولىغا قويغان دەسلەپكى قەدىمىدىن مەمنۇنىيەت بىلەن خوشاللىق ھىس قىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كىيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ يۇكسىلىشى ئۇچۇن ھەقىقى يولداش، قەلەمداش دوستلىرىنىڭ سەممى مەسلىھەت، مەدەتلىرىگە مۇھتاجلىغىنى چىن ئۇمىتۋارلىق بىلەن ئىزھار قىلىدۇ.

— ئاپتور.

## مۇندەرىجە

بەش تال ئۇق ........................ 1
قەشقەر گۈزىلى ........................ 29
خەلىمە ........................ 59
سىرلىق ساندۇق ........................ 70
تيانشان باغرىدا ........................ 87
بەختاخـۇننىڭ بەختى ........................ 129
سۈرەت ........................ 140
ئىنتىقام ........................ 151
بوستان ........................ 163
خالدەم ........................ 205
پاگون (ئوچېرىك) ........................ 214
ئاجايىپ ........................ 225
كۆتكەن كۈن ........................ 266

# بەش تال ئوق

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى
جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ
بىر قىسمى.
— ماۋ زېدۇڭ.

## I

خوجىلىق بولۇمىنىڭ باشقا ئويلەردىن چوڭ ۋە چوڭقۇرراق ياسالغان زېملانكا (گەمە) ئىسكىلاتىدىن خوشال چىققان پولات قولتۇغىدىكى كوينەك - تامبال، لوڭگە، پايتىملىق ماتا، ئوتۇك، سوپۇن، سەرەڭگىلىرى بىلەن تاماكا قەغەزلىرىنى (بۇگۇن يازلىق كىيىم - كېچەك بىلەن بىللە ئايلىق نورمىمۇ بېرىلگەن ئىدى) ئىسكىلات ئالدىدا تۇرغان يۇك هارۋىسىنىڭ شوتىسىغا قويدى. ئۇ، بويۇمغا خوپ كەلمىسە يەڭگۇشلىۋالىمەن دىگەن ئوي بىلەن، گىمناستۇركىنى شۇ يەردىلا كىيىپ كورمەكچى بولدى.

ماش رەڭ دىگنال تېرىكىدىن تىكىلگەن بۇ گىمناستۇركا خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك خوپ كەلگىنىگە خوش بولغان پولات-

نىڭ ئۇنى تىككەن ئۇستىغا ئاپىرىن ئېيتقۇسى كەلدى. ئەمما يەڭلىرى سەل-پەل ئۇزۇنىدەك سېزىلىپ، يېڭى قىسقىراقىقا تېگىشۋالايمىكىن دېۋىدى، ئىسكىلات دەرىزىسى تۈۋىدە ئول- تۇرۇپ ئوتۇك كىيىۋاتقان رەجەپ بولەكچە مەسلىھەت بەردى.

—سەل ئۇزۇنىراق بولغىنى ياخشى، يۇغاندا كىرىشىپ كېتىدۇ...

پولات گىمناستۇركىنىڭ ئۇ يان-بۇ يانلىرىنى تۇتۇپ كورگە- نىدىن كېيىن توش يانچۇغىغا قول سېلىۋىدى، بىرنەمە ئۇرۇندى. قارىغۇدەك بولسا، تۇمارچە قاتلانغان كىچىككىنە قەغەز ئىكەن. ئۇ ئالدىراپ ئاچتى. قەغەزنىڭ يۇقۇرى تەرد- پىگە قوش يۇرەك سۇرىتى، چورىسىگە غۇنچىلاۋاتقان قىزىلگۈل سىزىلىپ، تېگىگە سوسۇن رەڭ بىلەن چىرايلىق خەت يېزىلىپتۇ. خەت قىسقا، ئېنىق يېزىلغان بولۇپ، ھەر بىر سوزى خۇددى مەرۋايىتتەك تىزىلغان ئىدى. ئەمما پولات چالا ساۋات بولغىنى ئۇچۇن خەتنى تۇزۇك ئوقۇيالمىدى. بۇ چاغدا ھارۋىنىڭ شوتى- سىدا ئولتۇرۇپ ئوتۇكىنى سېلىۋالغان رەجەپ خەتكە بويىنىنى سوزۇپ قاراپ، سۇرەتلەرنى كورۇش بىلەن زوقلىنىۋالدى-دە، تېز-تېز ئوقۇشقا باشلىدى.

”مەن تىككەن مۇشۇ كىيىم مىللى ئارمىيىنىڭ قانداقلىكى جەڭچىۋارىغا نېسىپ بولسا، مەن شۇنىڭكى. مۇشۇ كىيىمنى كىيگەن ئەي مەردانە يىگىت، سىز ئەڭ ئېغىر ھۇجۇم پەيتىدە، مېنىڭ نامىمدىن بەش تال ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى يەر يۇتقۇزۇپ،

غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز، مېنى تېپىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ‹ش›. »

پولات خەتكە تەقەززالىق بىلەن قول سوزۇۋىدى، رەجەپ يەنە بىر ئوقۇۋېلىش غەرىزىدە بەرمەسكە ئۇرۇندى. پولات شاپلا قىلىپ تارتىۋالغاندا رەجەپنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، پولات سەل نېرى بېرىپ يەنە ئوقۇشقا باشلىۋىدى، رەجەپنىڭ ئىچى پۇشتى. ئۇ، ئوتۇگىنىڭ قونچىغا دەسسىگەن پېتى يېقىندىۋىدى، پولات يەنە نېرىراق داجىدى. رەجەپمۇ ئۇنىمىغانىغا قويمىدى.

—ئەكىلە، ئوقۇيالمىغان نەمەڭگە تىلىڭنى چايناپ، جېنىڭنى قىينىماي، مەن يەنە بىر ئوقۇپ باقاي...

بۇ كىچىككىنە خەتنىڭ خەۋىرى بىر دەمنىڭ ئارىلىغىدا بولۇمىلەردىن ئوتۇپ، ھەتتا پۇتۇن قىسىم تەركىۋىگە دىگۇدەك تارقىلىپ كەتتى. كورگەنلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەكلا خەت ئاپتورى ”ش“ ھەققىدە پىكىر يۇرگۇزمەي قالمايتتى. شاراپەت، شاپائەت، شاھادەت، شەرىپە، شەپىقە، شەمسىيە، شەرۋانەم، شەمشىنۇر، شەمشى قەمەر ۋاھاكازالار دەپ، ئالەمدىكى ئايال زاتىنىڭ ”ش“ ھەرىپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملىرىنى خۇددى ئىستىرويغا تىزىلغان ئەسكەرلەردەك قاتار تىزىپ كورۇشەتتى.

—ۋايۋۇي، بۇ پولاتنى قىز بىلەن كومۇپلا ئەتتىڭلارغۇ؟... قايسىبىرسىنى ئېلىپ بولارسەن پولات؟ — دىدى رەجەپ كۇلۇپ، — بولمىسا بىرەسىنى ماڭا بېرىۋېتەرسەن-ھە؟ — جەڭ-

ئۇ، ئوچاقتا كۇشۇلداپ يىغلاپ كويۇۋاتقان سوگەتنىڭ هول ئوتۇ-
نىنى تۇزۇۋۇدى، كوزلىرىگە تۇتۇن كىرىپ، قويۇق كىرپىكلىرى
ياشقا چوكۇپ قالدى. ياغلىشىپ كەتكەن يېڭى بىلەن كوزىنى
ئېرتقان پولات چوڭقۇر خىيالغا چومدى. ئۇ يېتىملىك ۋە مالاي-
لىقتا ئوتكەن كۇنلىرىنى، بىر قېتىم يېزىدىن شەهەرگە كىرگىنىدە
گومىنداڭنىڭ سېرىق پاچاق بىر چېرىگى ئۇنى توساپ، ئويىـگە
سەي كوتەرگۇزۇپ كېتىۋاتقاندا بىر بەسەي پاتقاققا چۇشۇپ كەتكەـ
نى ئۇچۇن "لوسگكو" دەپ، يۇزلىرىگە تۇكۇرۇپ قاتتىق ئۇرغان،
تەپكەنلىرىنى ۋە ئاخىرى مىللى ئازاتلىق ئىنقىلاپ باشلانغاندا
ئاشۇ گومىنداڭچىلارنى يوقىتىش ئۇچۇن مىللى ئارمىيە سېپىگە
پىدائى بولۇپ كىرگىنىنى ئەسلىدى-دە، ئوزىگە كەلدى:
—مەن ئاشپەز بولۇشقىلا پىدائى بولمىغانغۇ؟—دەيتتى
ئوزىچە پىچىرلاپ ۋە بىردىنلا ئىكرامجانغا دادىسى قوزىباي
ئاكىنىڭ يازغان سوزلىرى پولاتنىڭ يادىغا يەتتى.
"ئىكرام، خېتىڭنى ئالدىم. سەن مەندىن هەرگىز ئەنسىرىمە،
مەن هازىر جەڭچىلەر ئاشپەزلىگىدىن كوماندىرىمىزنىڭ مەخسۇس
ئاشپەزلىگىگە يوتكەلدىم دەپ يېزىپسەن. بۇ سېنىڭ ئوزەڭنى:
مەن خەتەرسىز خىزمەتتە دىگىنىڭمۇ ياكى مەنسەپ، مەرتىۋەم
ئورلەۋاتىدۇ دىگىنىڭمۇ؟!!!
"ئەگەر سەن راستىنلا مېنىڭ بالام بولىدىغان بولساڭ، مۇشۇ
خەت تېگىش بىلەنلا قولۇڭدىكى چومۇچ ئورنىغا قورال ئال.
ئۇلۇغ ناۋايىنىڭ "ئۇلۇمدىن قورقما، ئولەمەن بولۇپ ياشاشتىن

قورق“ دىگەن قىممەتلىك كېپى ھەر دائىم ئوڭ قۇلىغىڭدا بولسۇن! مەن سېنى ئەر دەپ باققان...“.

—ئۇھ، —دىدى پولات، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، —مەتروزنىڭ دىگىنىمۇ توغرا؛ رەجەپنىڭ دىگىنى ئۇنىڭدىنمۇ توغرا؛ ئابىيا ئويلانمايلا ئۇلارنىڭ كېپىگە خاپا بولۇپتىمەن. مەن بۇ ئاشپەزلىكتىن زادى نىمە تاپىمەن؟...

پولات شۇلارنى دىدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە روتا① كوماندىرىغا ماڭدى. ئۇ كىرگەندە كوماندىر كەچكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەتىكى قوچاقلاشما جەڭ مەشقىنىڭ پىلانىنى تۇزەۋاتات-تى. پولات تاققىدا توختاپ كوماندىرغا چاس بەرگىنىدىن كېيىن:

—يولداش كوماندىر، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا توغرىدىن-توغرا كىرگىنىمنى كەچۈرۈڭ، —دەپ تىك تۇردى. كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى چۇشۇرۇش، ئولتۇرۇش ئىجازىتى بەردى ۋە كۇلۇمسى-رىدى. چۇنكى ئۇمۇ خەتنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ بولغان ئىدى.

كوماندىر سوز باشلاپ، تاماقنىڭ سۇپىتى، خوجىلىقنىڭ نەرسە-كېرەكلەر بىلەن قانداق تەمىنلەۋاتقانلىرى قاتارلىقلارنى سۇرۇشتۇرگەندىن كېيىن:

—بۇگۇن كىيىم ئالدىڭلارمۇ؟ —دەپ سورىدى.

—ئالدۇق، —دىدى پولات. ئۇ قىسقا جاۋاپ بىلەن باشقا

---

① بەزى ھىكايىلەردە قوللىنىلغان ھەربى ئاتالغۇلار كېيىنچە خەنزۇچىغا ئوزگەرتىلگىنىگە قارىماي، زامان ئېتىۋارى بىلەن ئەينەن ئېلىندى. — تەھرىردىن.

سوزلەرنى تولۇقلاپلا مەنىنى مەقسەتكە توغرىلىدى.

—توغرا ئېيتىسەن، —دېدى كوماندىر ئاتىلارچە مېھرى بىلەن قاراپ، —تەمىنات خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر كوپ ھاللاردا كىشىلەرگە ياخشى بولالمايدۇ. ئەمما بۇ خىزمەت ئىشلارنىڭ ئەڭ زورۇرى. ئاشپەزلىكمۇ ئەڭ مۇھىم. شۇنىڭ ئۇچۇنكى، قۇرۇق تاغار ئورە تۇرمايدۇ دېگەن سوز بار ئەمەسمۇ؟...سېنىڭ تەلىۋىڭ ئورۇندىلىشى مۇمكىن. شەرتى شۇكى، ئوبدانراق ئاشپەز تەيىنلەنگىچە جەڭچىلەرنىڭ تامىقىنى ئىخلاسىڭ بىلەن ئېتىپ تۇرىسەن.

—خوپ يولداش كوماندىر. ئەمما...

—ئەمما تەلىۋىم بالدۇرراق ئورۇنلانسا دېمەكچىمۇ سەن؟

—ھەئە، يولداش كوماندىر.

—بولىدۇ، —دېدى كوماندىر كۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان پولاتقا ئولتۇرۇش ئىشارىسى قىلىپ، —ھە، ئوي ياقتىن خەت-پەت بارمۇ؟—دېگەننى قوشۇپ قويدى ئۇ.

قىزارغان پولات ئوڭايسىزلانغىنىدىن قىمىرلىدى ۋە:

—ياق...ياق، —دەپ ھىجايدى.

—بۇگۇن خۇش خەۋەرلىك خەت ئالدى دەيدىغۇ سېنى؟

پولات مەغرۇرانە كۇلگىنىچە ئىچ يانچۇغىدىن خەتنى ئېلىپ بەردى. كوماندىر كۇلۇپ زوقمەنلىك بىلەن قاراپ چىققىنىدىن كېيىن:

—مانا كوردۇڭمۇ؟ خەلقىمىزنىڭ بىزگە ئىشەنچى شۇ قەدەر

كۈچلۈككى، ئۇلار جەڭگىۋار مىللى ئارمىيىمىز بىزنى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قانلىق زۇلۇمى، ئىپلاس تاپىنىدىن ئەبەدى ئازات قىلىدۇ، دەپ قەتئى ئۇمىت بىلەن قارايدۇ. بۇ خەت، ــ كوماندىر قەغەزنى لامپا تۈۋىگىرەك تۇتۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مەلۇم قىز تەرىپىدىن يېزىلغان كىچىككىنە ئاددى بىر خەت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاددى خەتتە خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئارمىيىسىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى يالقۇنجاپ تۇرۇپتۇ. بۇ سۈرەتلەر نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ سۈرەتلەر، دۈشمەن تامامەن يوقىتىلىپ، يۇرتىمىز ئازات بولسا، خەلقىمىز-نىڭ بەخت-سائادىتى قىزىلگۈلدەك غۇنچىلاپ پورەكلەپ ئېچى-لىشقا باشلايدۇ دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. بۇ بىر جۈپ يۈرەك سۈرىتى شۇنداق مەنىگە ئىگىكى، بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز بىر مەقسەت-بىر نىيەتتە تەپسۇن! ئەگەر ئىش شۇنداق بولسىلا قالغىنىنى كېيىن ئۆزىمىز بىلىمىز دېمەكچى. بۇ ئاددى خەت، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇن ۋە چوڭ قىممەتكە ئىگە خەت، بۇنى ئوبدان ساقلىغىن.

ــ خوپ، يولداش كوماندىر!

ــ بەلكى خەت يازغان قىزنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇقراق بولۇپ بارارسەن. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ قىز سېنى ئاشپەزلىك قىپسەن دەپ ياراتماي قويسا، ماڭا ئېيتقىن. مەن: بۇ غىزا-سىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ياخشى پىشۇرۇپ بەرگىنى ئۈچۈن قەھرى-مانلار قەھرىمان بولالىغان دەپ قىزنىڭ ئالدىدا كۆۋالىق

قىلىمەن، — كوماندىر كۈلدى.

— رەھمەت، يولداش كوماندىر، — دېدى پولات ۋە خوشال كۈلگىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— شۇنداق قىل، ھازىرچە ئىشلەپتۇر.

— خوپ بولىدۇ، — ئۇ ھورمەت سالىمى بەردىلىگە بېرىلگەن ئىجازەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

## II

تاغ قاپتىلىدىكى كىچىككىنە شەھەردە شۇنچە كوپ ئوق ئېتىلدىكى، بۇ گۈلدۈر - قاراسلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كوڭلىگە: دۈشمەنىنىڭ ئوق - دورا ئىسكىلاتىغا ئوت كەتكەنمىدۇ دېگەن خىيالنىڭ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. گومىنداڭچىلار ئاشۇنداق ھەيۋىلىرىگە قارىماي بۇ يەردىنمۇ خۇددى ئۈۋىسى چۇۋۇلغان چومۇلىدەك پىتراپ قېچىشقا باشلىدى.

"گومىنداڭچىلار قېچىشقا، بىزنىڭ جەڭچىلەر ئېتىشقا ئۇستا" دېگەن سوزنى خەلق بىكار ئېيتمىغان - دە.

بىز توت ئەتراپى، كوچا ۋە دوقمۇشلىرى قاتمۇ - قات ئاكوپ ھەم پوتەيلەر بىلەن تولغان بۇ شەھەرنى بىر پاسائىلىق جىددى جەڭ بىلەنلا ئىشغال قىلدۇق. ئەمدىكى ۋەزىپە قاچقان دۈشمەننى قوغلاش ۋە شەرتسىز قورالسىزلاندۇرۇش ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا بولەكچە ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالدى.

بىز يېڭىلا ئالغان ئىدارىدىكى تېلېفون تىلغا كىرىپ، ئۇش-تۇمتۇتلا جىددى سوزلىشكە باشلىدى. شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن روتا كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنى رامىزان ئىسىملىك خۇيزۇ يىگىت دەرھال تۇرۇپكىنى ئالدى-دە، كىم بىلەندۇ خەنزۇچە سوزلەشتى، مەلۇم بولدىكى، بىزنىڭ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغىنىمىزدىن نېرىقى شەھەردىكى گومىنداڭچىلار تېخىچە خەۋەر-سىز ئىكەن. رامىزان تېلېفوندا ئوزىنى "گومىنداڭ ئەپىتسىرى" قىلىپ سوزلىشىپ، جىددى ياردەم كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ئۇ تەرەپتىن تولۇق قوراللانغان بىر يۈز ئەللىك كىشى ئالتە ماشى-نىدا "ياردەم ئۇچۇن يولغا چىققان" خەۋەرنى ۋە شەھەرنى ئوغ-رىلارغا (گومىنداڭچىلار ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلاپچىلىرىنى ئوغرىلار دەيتتى) بېرىپ قويماسلىق "بۇيرۇغى"نى ئالغان.

بىر قىسىم جەڭچىۋارلار ئۇ "چاقىرىلمىغان مېھمانلار"نى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلار ئېلىپ كېلىۋاتقان "ئالتە ماشىنا ياردەم"لەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۇچۇن كەتتى. ئۇلار تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىغىنى بويلاپ، گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ ئومىلەپ ئۇچقاندەك باراتتى.

ئەنە، ئىستىرويغا چىققىنىدىن بۇيان چوڭ-كىچىك بىرنەچچە جەڭگە قاتناشقان پولاتمۇ سەپنىڭ ئالدىدا لاچىندەك بارماقتا. ئۇنىڭ ئەپچىل كارابىن مىلتىغى قامىتىگە بەك مۇناسىپ كەلگەن. بىلدە بولسا، ئاشۇ نامەلۇم ئادرېستىن كەلگەن خەتتىكى قوش يۈرەكتەك بىر جۈپ گىرانات يالتىرايتتى.

پولات يۇگۈرۈپ كېتىۋېتىپ مەيدىسىنى يات-ياتلا تۇتۇپ قوياتتى. چۈنكى ئۇ ئىستروپغا چىققان كۈنىسىلا، ئاشۇ خەتتە تەۋسىيە قىلىنغان بەش تال ئوقنى شۇ خەت سېلىنغان توش يانچۇغىغا سېلىپ قويغان ئىدى. "بەلكى بۇ ئوقلار بۈگۈن ئۆز خېرىدارلىرىغا بىر-بىرلەپ يەتكۈزۈلەر" دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئالتۇن يۇلتۇزلۇق بايراقنى لەپىلدىتىپ مەيدانغا كىرىپ كەلگەن ئالتە ماشىنىنىڭ ئالدىنقىسىدا پولات غەلبە مارشىغا باشلامچىلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى شۇنچە ئاۋازلار ئىچىدە ئالاھىدە ئاڭلىناتتى. غالىپلار قەلبىدىن ياڭرىغان جەڭگىۋار مارش ساداسى تاغۇ-تاشنى تىترىتىپ يەر-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە؛ ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدا بولسا، چىرايلىرى مۇردىدەك سارغايغان، ئۆزلىرى قوتۇر ئېشەكنىڭ قۇلىغىدەك سالپايغان گومىنداڭچىلار نەيزىلىك مىلتىقلار ئارىسىدا خۇددى سوغا چۈشكەن ئىتتەك دۈگدەرەپ، پادىدىن يانغان مالدەك پەلپەتىش توپۇرلىشىپ كەلمەكتە: ئىشەك-دەرىزە ۋە بەزى ئۆگزىلەرگە چىققان خالايىقلار بۇ كارامەتلەرنى ياڭراق ئالقىش، قىزغىن كۈلكىلەر بىلەن كورمەكتە ئىدى.

ماشىنىلاردىن چۈشۈرۈلۈۋاتقان ۋە بەزىلىرىگە قان يۇققان قوراللار قاتارىدا گومىنداڭچى بەش مەجرۇھمۇ چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قايسىسىدۇ ھەييۇلىسا، قايسىبىرى سەت ھۆلايتتى. ھوڭگۈل چىش، خاڭگاۋاش بىرسى بولسا، خۇددى ئېشەك گۈگۈرىغاندەك پاناق بۇرنىنى ئەجەپ بىر تۈرلۈك

خىتىلدىتىپ، ئىغىر-ئىغىر نەپەس ئېلىپ، سەت ئىنجىقلايتتى. بىزنىڭ شەپقەت ھەمشىرە (سېستىرا)لىرىمىز بولسا، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

پولات توپ ئارىسىدىن ئىلدام چىقىپ، كوماندىرنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كەلدى-دە، تاققىدا توختاپ چاس بەردى ۋە سوزگە ئىجازەت سورىدى.

—ھە، رۇخسەت،—دىدى كوماندىر.

—يولداش كوماندىر، ماڭا رۇخسەت ئېتىلسە، ئاشۇ (ئۇ، مەجرۇھلارغا بىگىز قولىنى قاداپ تۇرۇپ سوزلەيتتى) بەش ئەبلەخنى مۇشۇ بەش تال ئوق بىلەنلا جايلىۋەتسەم!

كوماندىر پولاتنىڭ سوزىنى بولۇپلا قەتئى رەت قىلدى:

—ياق بولمايدۇ، قەتئى بولمايدۇ. بىز ئەسىرلەرگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىمىز. بۇ، مىللى ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ بۇيرۇغى. بۇيرۇق بىز ئۇچۇن قانۇن. سەن ئۇ بەش تال ئوق بىلەن تەييار بۇ بەش ئولەمەننى جوندەپلا باتۇر بولماقچىمۇ؟ بۇ، ئولگەن يولۋاسنى ئېتىپ ئوزىنى باتۇر سانىغانلىق بولمامدۇ؟ مۇنداق تەييارغا ھەييار، ھازىرغا نازىر بولۇش...

—ۋا... قايتىشقا رۇخسەت قىلىڭ!—پولات پوكاندەك ئېسىلىپ، چوغدەك قىزارغان ئىدى. ئۇ، قايتىش ئىجازىتى بېرىلىشىنى كۇتمەي ئارقىسىغا ئورۇلۇپلا تاق، تاق دەسسىگىنىچە نېرىراقتا پەخىلداپ كۇلۇۋاتقانلار قاتارىغا كىرىپ كەتتى.

# III

”شىخۇ قولدىن كەتسە، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ“ دىگەن بۇ ”مۇبارەك سوز“ گومىنداڭچىلارنىڭ ئاداققى مۇقەددەس ئىبارىسى ئىدى. بىزنىڭ جەڭگىۋار قىسمىلىرىمىز دۇشمەنىنىڭ ئەنە شۇ ئىشەنگەن تېغى — ”تەڭداشسىز“ مۇستەھكەم ئىستىھكام شەھىرى شىخۇغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

قىسمىلىرىمىز شىخۇدىن ئېقىپ كېلىدىغان قارا سۇ بويىدىكى كىچىككىنە مەھەللىگە ئورۇنلاشتى. بۇ مەھەللە شەھەردىن تەخمىنەن يىگىرمە بەش-ئوتتۇز كىلومېتىر شىمالدىكى بىر چوڭقۇرغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە خېلى ھەشەمەتلىك بىر نۇگ-مەن ۋە بىرقانچە ئونلىغان ئويلۇك خۇيزۇ ئائىلىلىرى بار ئىدى. بىز كېلىشتىن ئىلگىرى گومىنداڭچىلار بۇ يەردىكى كىشىلەرنى مەجبۇرى كوچۇرۇپ، ئوي-ئىمارەتلەرنى تامامەن دىگۇدەك كويدۇرۇۋەتكەن ئىكەن. بۇ ۋەقەلەرگە گۇۋا بولاي دىگەندەك پەقەت بىر خۇيزۇ ماميلا كېتەلمەي قالغان ئىكەن. ئۇ تېمى پاكار، چاڭزىسى كونا ناچار ئويدە مۇكچىيىپ ياتاتتى. بىزنى كورگەن موماي كىرلىشىپ كەتكەن تەكىدىن بېشىنى ئاران كوتىرىپ، قورايدەك قوللىرىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ سوزلەشكە باشلىدى:

— مەن يەيدىغىنىمنى يەپ، كىيىدىغىنىمنى كىيىپ بولغان،

ئولتۇرۇۋېتمەن دىسەڭلەر ئۆز ئىختىيارىڭلار... — مومايىنىڭ كوزلىرىدە ئاللا قانداق تەشۋىش ئالامەتلىرى يالتىرايتتى. بىز ئۇنىڭ سوزلىرىگە هەيران بولدۇق. هارام نىيەت گومىنداڭچىلار بۇ يەردىمۇ بىز توغرىلىق تۈرلۈك تەتۈر تەشۋىقلارنى تارقىتىپ، ئېچ ئاهالىنى تەشۋىشكە سالغان ئىكەن. ئەهۋالنى ئۇققىنىمىزدىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى بېرىۋىدۇق، موماي ئانچە-مۇنچە ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن بىردىنلا خېلى ئوبدانلىنىشىپ، ئېتىكلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ تارىقاي كىرپىكىدە مېهىر مونچاقلىرى پاقىراشقا، سولاشقان يۈزلىرىدە بولسا، هايات نۇرى چاقناشقا باشلىدى. مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، گومىنداڭچىلار تۇگمەننى ئورتىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلگۈرەلمەي قاچقان ئىكەن. ئۇ بىزنىڭ قىسىم ئىشتاۋىمىز، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى سولەتلىك سۇۋادان تېرەك بولسا، چارلاش پونكىتىمىز بولدى. ئۇنىڭدىن ياكى نېرىراقتىكى ئىگىز دوڭدىن دۇربۇن بىلەن قارىغاندا شىخۇنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى دىگۈدەك كورۈنەتتى.

شىخۇ شەهىرى پەسكە جايلاشقان بولۇپ، پەقەت ئۇرۇمچىدىن باراردىكى تاشيول تەرەپلەردە تېرىلغۇ ئېتىزلىرى بىلەن دەرەخزارلىقلارغا تۇتىشاتتى. قالغان تەرەپلىرى پۈتۈنلەي دىگۈدەك يانتۇ ئىگىزلىك بولۇپ، خۇددى مەخسۇس ئەسۋاپ بىلەن سىرىلدۇرۇپ ياسىغاندەك يامپاش تۈزلەڭ ئىدى. بۇ شەهەر ئەتراپىنى قاپلىغان سان-ساناقسىز ۋە هەر ياڭزا پوتەيلەر بولسا، بەزى قەدىمىي شەهەرلەر خارابىسىنى ياكى

مازارلاردىكى نۇرغۇن قەۋرە ۋە گۇمبەزلەرنى ئەسكە چۈشۈرەتـ
تى. ئاشۇنداق تولا پوتەيلەر ”ئورمانلىقى“ بولمىغاندا، قايسى
تەرەپتىكى دوڭدىن بولمىسۇن بىرەر دوپنى دومىلىتىۋەتسە،
ھىچقەيەردە توختىماي شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يۇمىلاپ
بارىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ شەھەر ئىستراتېگىيە جەھەتتە
ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغاچقا، گومىنداڭچىلار مىللى ئازاتلىق
ئارمىيىگە قارشى تەييارلىغان ئاساسىي كۈچ-قۇۋۋىتى، تاپقان-
تەرگەن دەسمايىسىنى مۇشۇ يەرگە جۇغلىغان دىيىشكە
بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ”بۇ مۇقەددەس قورغان“غا قاتتىق
ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ”شىخۇ قولدىن كەتسە، شىنجاڭ
قولدىن كېتىدۇ“ دەپ، پاختۇۋەن پونى ئېتىشقا قارامىلىق
قىلغان ئىدى.

دىمىسىمۇ بۇ شەھەرگە كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىش ئانچە
ئوڭاي ۋە ئەرزان چۈشمەيتتى. بەلكى مۇمكىنمۇ ئەمەس ئىدى.
شۇڭا تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى.

قوماندانلىق ئىشتاۋى تۈن سائەت ئون ئىككىدە قىسىملارغا
جەڭگىۋار بۇيرۇق بەردى: بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ شىخۇنىڭ
تەقدىرى چوقۇم، ئۈزۈل-كېسىل ۋە قەتئىي بىر تەرەپ
قىلىنىسۇن.

قاپ-قاراڭغۇ تۈن. دۈشمەننىڭ مەلۇم ئىستىھكامىنى بۇزۇش
بۇيرۇغىنى ئالغان ئىزۋوت جەڭچىلىرىنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يېقىنـ
لىشىپ، ئاخىرقى مىنۇتلارنى كوچۇرمەكتە ئىدى.

هۇجۇم ئالدىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى پەقەت جەڭچى بولغان كىشىلا تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن. هايات بۇ چاغدا كىشىگە شۇ قەدەر شىرىن تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇكى، بۇنىڭ هارارىتى تۈپەيلىدىن يۈرىكىڭنىڭ شۇررىدا ئېرىپ كەتمىگىنىگە ئۆزەڭدە ھەيرانلىق ھېس قىلىسەن. بۇ پەيتتە سېنىڭ كۆز ئالدىڭغا ئەزىز ئاتا-ئاناڭ، يارۇ-بۇرادەر، ئەل-ئاغىنىلىرىڭ، گۈزەل ئامرىغىڭ، ئۆسكەن يۇرتۇڭ — ھەممە-ھەممىسى بىر-بىرلەپ كېلىشكە، كۆڭۈل كوزۇڭدىن خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلايدۇ. سەن ئۇلارنى ھەر بىر ئۆيلىغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرى، ئوتلۇق تىلەكلىرى ساڭا كۈچ ۋە دەرمان بېغىشلاپ، ئالدىڭدا پارلاق تاڭ ئېتىۋاتقاندەك يوروۇقلۇق سېزىسەن ۋە ئۆز ئىختىيارىڭدىن غالىپ بىر كۈچلۈك ساراسىم قۇچىغىدا تېپىرلايسەن.

راست ئەمەسمۇ؟! "ھۇجۇم" بۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ مەشرىبى ئەمەس-تە، ئۇ ھايات-مامات جېڭىشى. سەن ئاشۇ كىشىلىرىڭنى قايتىپ كورەلەمسەن، يوقمۇ؟ بۇ ساڭا قاراڭغۇ. ھۇجۇم سائىتىدە جەڭچىنىڭ كۆڭۈل كوزى ئەينىكىدە ئەكس ئېتىدىغان كىنو ئارتىسلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بۇ ئوتلۇق ۋە شىددەتلىك ھالەتلەر ھەقىقى جەڭچى قەلبىنىڭ قايناق ھارارىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. چۈنكى، ئانا يۇرت مېھرىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى — جەڭچى روھىنىڭ سۇنماس ۋە تالماس قانىتى. جەڭچىنىڭ يۈرىگى — مۇھەببەتنىڭ سۇۋۇماس ئوتخانىسى. ئەنە

شۇ قۇدرەتلىك ئوتخانا ئۇنى قەھرىمانلىق مەيدانىغا تارتىدۇ.

ئەزىمەتلەرنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يەتتى. ئۇلار جانىجان كوماندىرلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ خوشلاشتى.

— خەير خوش، يولداش كوماندىر، — دېدى پولات قەدىر-دان كوماندىرنىڭ ئالدىدا ھەربى قائىدىگە خاس چەبدەسلىك بىلەن تىك تۇرۇپ.

— خەير خوش، سەپىرىڭلەرگە ئۇتۇق تىلەيمەن، — دېدى كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپ، — بىر بىرىڭلارغا مەسئۇل ھەم قەدىردان بولۇڭلار! — ھەممەيلەن بىلەن كورۇشۇپ بولغان-دىن كېيىن پولاتقا قاراپ: — بەش تال ئوق يانچۇقتىمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى ئۇ.

— ھەئە، تەييار...

— ھە، تەييار بولسۇن! ئوڭايراق يەردە بولسۇن! بەلكى بۈگۈن ئۇ ئوقلارغا نوۋەتمۇ كېلىپ قالار.

ئىزۋوت قارا سۇنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بىز كەلگەندىن تارتىپ كۈن-تۈن تىنىم تاپماي ئوق قازىنىنى قاينىتىشقا باشلىغان دۈشمەننىڭ غەزىۋى تېخىمۇ يۇقۇرى گىرادۇسقا ئورلەۋاتقىنى ھەر تەرەپتىن مانا مەن دەپ تۇراتتى. مىلتىق، پىلىموت، گىرانات، راكېتا، ئاپتومات ۋە گۇمبۇرلىگەن زەمبىرەكلەرنىڭ شىددەتلىك ئاۋازى تۈننى تىترەتمەكتە ئىدى.

سەپنىڭ ئالدىدا ئىككى-ئىككىدىن بارغان توت جەڭچى بەزىدە ئاللىقانداق قۇشلارنى دوراپ سايرايتتى ۋە بەزىدە

ھاشارەتلەرنى دوراپ چىرىلدايتتى. پولات قۇشلارنى دوراشنى، بولۇپمۇ غورۇلاي بىلەن سېغىزخاننى دوراشنى ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى بۈگۈن تازىمۇ ئەسقاتتى.

ئىزۋوت ئىگىز تاشنىڭ سول تەرىپىدىن قارا سۇغا سىرىلىپ چۈشكەن نوسمان يامپاش تۈزلەڭ يەرگە كېلىپ قالدى. ئالدىدىكى ئىككى جەڭچى خۇددى بېغىرتاقتەك تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن يەنە ئىككى جەڭچى ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەن پەقەت شۇ نور ئاغزىغا مۇئەككەللىك ئۈچۈن ياسالغان يوغان پوتەيدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. پوتەي تۆشۈكىدىن يورۇتۇلغان پىرژېكتىر ۋە پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىقلاردىن يامغۇردەك توكۇلۇۋاتقان ئوت ئوقلارنىڭ يورۇغى بىلەن ئەمدى بۇ ئىككى قاسىنغى توپ-توز نوسمان كەڭ جىرادىن ئادەم تۇرماق ئاغمىخاننىڭمۇ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداق-لىكى بولمىسۇن بۇ يەردىن قەتئى ئۆتمەي بولمايدۇ. چۈنكى بۇيرۇق — قانۇن.

جەڭچىلەر قەتئى قارارغا كەلدى. بىر-بىردىن يۈگۈرۈپ ھەم ئومىلەپ ئۆتۈشىمىز، بىرسىمىز تىرىك قالساقمۇ تېز بېرىپ ئاشۇ بەلگىلەنگەن پوتەيدىكى شۇم پىلىموتلارنى ھەركەتتىن چوقۇم توختىتىشىمىز لازىم.

جەڭچىلەر شۇڭقاردەك ئالغا تاشلىناتتى، ئاغمىخان تېزلىكى ۋە چاققانلىقىدا ئىرغىپ ھەم ئومىلەپ ئۆزلىرىنى ئالغا ئاتماقتا؛ ئەمما سەل يامغۇردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى بارغان-

سىرى دەھشەتكە ئايلانماقتا ئىدى. توت جەڭچى نىرىقى يان باغرىدا يەرگە چاپلىشىپ ياتاتتى. قالغانلىرىنىڭمۇ تېز ئوتۇشى ئەمدىكى جەڭنىڭ پۈتۈن تەقدىرىگە مۇتتەسىل مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە ئىدى. چۈنكى ئاشۇ لەنىتى بوتخاندىن قايناۋاتقان پىلموتلارنىڭ كاشىلىسى شىمالىي سەپلەردىكى (قارا دوڭ تەرەپ) پۈتۈن قىسىملارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە دىگۈدەك قاتتىق دەخلى يەتكۈزۈۋاتقانلىغى بارغانسىرى روشەن سىزىلمەكتە ئىدى.

ۋاقىت ئوتۇپ بارماقتا. مانا ئەمدى ئۇپۇقتا ئاغامچىدەك سوزۇلۇپ بىر تەرەپنىڭ قىزىل راكېتىسىمۇ ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتىن قاينىغان ئوق ۋە راكېتىلارنىڭ يورۇغىدا، ھىلىقى يەر تېخىمۇ يورۇپ، قىسمەت قىينىلاشماقتا ئىدى.

"ھە، مانا ھۇجۇم راكېتىكىسى ئېتىلدى، ئەمدى قانداق قىلىپ بولمىسۇن مەنزىلگە تېز يېتىپ، جەڭگىۋار ۋەزىپىنى قەتئى ئورۇنلاش، بۇيرۇقنى ئىجرا، جەڭچىلىك تەرزنى ئادا قىلىش شەرت".

ئۇچقاندەك ئوتۇۋاتقان ئۇچ جەڭچى يان تۇزلەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتمەستىنلا كەينى-كەينىدىن ئوققا ئۇچتى. ئۇلارنىڭ بىرسى (ئېھتىمال مەتروزى بولسا كېرەك) قاتتىق بىر سىلكىندى-دە، جىمىپ قالدى. كېيىن كەينى-كەينىدىن ئوخچىغان توت لاچىنمۇ تولغىنىپ يىقىلغانلىرىچە قايتا بېشىنى كوتەرمىدى.

بۇلارنىڭ بىرسى پومكوم ئىزۋوت قۇددۇس ئىدى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى قانداق قىلىش لازىم؟ ئاشۇ سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتمەكتىن بولەك چارە يوق ئىدى. كاشكى بۇ كاساپەت سۇ جەڭچىلەر بارىدىغان تەرەپكە ئاقسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاستى پاتقاق...

— ماۋۇ ئىپلاس پوتەينى ئۇجۇقتۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر شۇ چاققىچە نەلەردە يۈرىدىكىنا، — دىدى كوم ئىزۋوت ئۇتۇكىنى سېلىۋېتىپ، بۇ چاغدا، بۇ قاۋۇل ۋە چەپدەس قازاق ئوغلىنىڭ قاپ - قارا قوشۇما قاشلىرى تۇرۇلگەن ئىدى. — بولۇڭلار، سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈشكە — دىدى ئۇ. ئالدى بىلەن ئۆزى سۇغا سەكرىمەكچى بولۇۋىدى، جەڭچىلەر بىردەكلا:

— ياق، يولداش كوماندىر ئىزۋوت، ئاۋال بىز كىرەيلى! نىمە بولسا بىز كورەيلى! سىز رەھبەرلىك قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ قىياسلار ئاچچىق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشىنى كىم بىلسۇن؟! سېزىپ قالغان دۇشمەن ئەمدى بارلىق زەھىرىنى قارا سۇغا قاراتقان ئىدى. ئەڭ ئاخىردا كوماندىر ئىزۋوت مالىك باشلىق توت جەڭچىنىڭ ھەممىسى سۇدا ھالاك بولدى.

كوماندىر قوشۇنىنىڭ بېشى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئەزىمەت قازاق يىگىتى خۇددى تاغ بۈركۈتىگە ئوخشاش ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان، قەيسەر، تەدبىرلىك باشچى ئىدى. ئۇ شېھىت بولدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

كوم ئىزۋوتلۇقنى كوم ئوددېل رەجەپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى

بولسا، پولات ئۇستىگە ئالدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. جەڭچىلەر جىددىيلەشمەكتە. لېكىن نېرىراقتىكى يەنە بىر پوتەيدىن مولدۇردەك يېغىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى قاتتىق كاشىلا قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەمدى بۇ شۇم پوتەينىڭ ئۇجۇقتۇرۇلۇشىنى بەك جىلە بولۇپ بىتاقەتلىكتە كۈتمەكتە، پوتەي بولسا، هامان ھەركەتتە ئىدى. ئەڭ دەھشەتتى شۇ بولدىكى، قارا دوڭ تەرەپتىن ئىككى تانكىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا بىرەر مىڭ دۈشمەن شىتىك (نەيزە) بېكىتىلگەن مىلتىقلىرىنى بەللەپ "شا... شا..." دەپ ۋاقىرىشىپ سەپ يايغانلىرىچە چىقىپ كەلدى. ئەمدى بىزنىڭ جەڭچىلەرگە ھاياتتىن ئۇلۇم مۇقەررەرلىگى سېزىلەتتى. چۈنكى، چېكىنىش- نىڭمۇ ھېچ ئىمكانى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار شۇنداق قارارغا كەلدىكى، ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە ئېلىشىش، چېلىشىش، ئۇلگەن تەقدىردىمۇ مەرتلىك بىلەن ئۇلۇش شەرەپ...

جەڭچىلەر سۈدىن باشلىرىنى چىقىرىپ غازنىڭ باللىرىدەك ياتاتتى. ئۇلار ئاخىرقى دەم ئۈچۈن بىر تالدىن ئوقنى ئايرىم ئېلىپ قويۇشتى.

پولات "بەش تال ئوق"نى ئالدى. ئۇنىڭدىن بىر تالنى ئاي- رىپ يەنە شۇ يانچۇققا سېلىپ قويدى.

تانكىلار ئومىلەپ يېقىنلىماقتا، جەڭچىلەرنىڭ يۈرىگى ئادەت- تىكىدىن باشقىچە تېپىشكە، تىت-تىت بولۇشقا، تىپىرلاشقا باشلىدى. ئامال قانچە، كوم ئىزۋوت رۇخسەتسىز ئوق چىقارماسقا

بۇيرۇق بەرگەن. جەڭچىلەر كوم ئىزۋۇت رەجەپكە ئىنتىزار تىكىلمەكتە. تەشنا تەقەززالىقتا تىڭشىماقتا؛ ئەمما ئۇ ئۇزۇنتۇرا قارىۋاي بولسا، "تىش... تىش..." دەپ، كوزلىرىنى پاقىرىتىپ ھىچبىر پەرۋاسىز ياتاتتى.

مانا تانكىلار زەنجىر تاپانلىرىنى شاراقلىتىپ، يان باغرى يولنى بېغىرلاپ كەلمەكتە.

— ئات! — دەپ بىردىنلا بۇيرۇق بەردى رەجەپ ۋە ئۇزىمۇ قولىدىكى تانكائاتارنى دەرھال ئىشقا سالدى. بىر پىلىموتمۇ (يەنە بىرسى ئاشۇ شېھىتلەر بىلەن قالغان ئىدى) سايراشقا باشلىدى. شۇنچە داۋراڭ ۋە ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقان ھىلىقى "شا...شا..."چىلار ھىچبىر ئويلاپ باقمىغان ۋە كۇتمىگەن جايدا بالاغا دۇچكېلىپ، خۇددى شاختىن توكۇلگەن قارا ئۇژمىدەك دومىلىماقتا ئىدى. ئاڭغىچە دوڭدىن پەسكە ساڭگىلى-غان تانكىنىڭ بىرسى قىيسىيىپ توختىۋىدى، كەينىدىكى يەنە بىرسى بىرلا پىقىراپ، خۇددى ئېيىقتەك پايپاسلاپ بەدەر قاچتى. "شا...شاچى باتۇرلار"مۇ خۇددى ئۇركۇگەن ھايۋاندەك مالىمان بولۇپ بىر بىرىنى دەسسەپ قاچماقتا ئىدى. ئاڭغىچە نېرىقى باغنىڭ دوقمۇشىدىكى بايا بىرقانچە يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چىققان لەنتى پوتەيمۇ گۇمبۇرلەپ پارتىلىدى. شۇ ئەسنادا بېرىقى پوتەيمۇ يەر بىلەن يەكسان بولدى. بۇ چاغدا تاپىنى شور توپىغا پېتىپ سىڭايان ياتقان ھىلىقى تانكىدىن چىققان ئىككى ئالۋاستىمۇ جەھەننەمگە يوللاندى. ئاخىرقى نوۋەت

تانكىدىن چىققان سېرىق پاچاق ئىگىز ئەرۋاھنى پولات شۇنداق كېلىشتۇرۇپ ئاتتىكى، ئۇ ئەبلەخ يىلاندەك تولغانغىنىچە موللاق-لاپ چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتتى.

پۈرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئەزىمەتلەر ئاشۇلارنىڭ چاڭ-توزاڭلىرىغا ئارىلىشىپ يۈگۈرۈپ قارا دوڭ بىلەن شەھەر ئارىلى-غىدىكى ”شىخۇ كوۋرۈگى“گە يېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا بېكىنىۋالدى. ئەمدى بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەشكە مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. چۈنكى كوۋرۈكنىڭ شىخۇ شەھىرى تەرىپىدىكى ئىگىز دوڭگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك بۇتخانا ۋە ئۇنىڭ سۇرلۇك راۋاقلىرىدىن تىنىمسىز تارتىلداۋاتقان پىلىموتلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان ئىدى. بولۇپمۇ كوۋرۈكنىڭ سەل يۇقۇرىراغىدىكى تۈگمەنگە يېقىن ئىككى سۇ ئوتتۇرىسىغا ئورناشقان يوغان پوتەي پەقەت مۇشۇ كوۋرۈك تەرەپتىن بولۇنغۇسى ئەھۋالغا مۇئەككەل-دەك ھەر بىر توشۇكلىرىنى يىلاننىڭ كوزىدەك پاقىرىتىپ توختى-ماي زەھەر چاچماقتا ئىدى.

تاڭ ئېتىپ، ئوبدانلا يورۇق چۈشۈپ قالدى. بۇتخانىدىكى پىلىموتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان قارشىلىقى، قىسمىلىرىد-مىزغا قانچىلىك ئېغىر توسقۇن بولۇۋاتقانلىقى بارغانسېرى ئوچۇق-ئاشكارا سېزىلمەكتە ئىدى.

— يا ئۆلۈم، يا كورۇم دېگەن مۇشۇ، — دېيىشتى جەڭچىلەر. ئۇلار يەنە بىر-بىرلەپ يۈگۈرۈپ بىرەر كىشى ساق قالسىمۇ بېرىپ، ئاشۇ شۇم بۇتنى چوقۇم گۇمران قىلىش قارارىغا كېلىشتى. شۇ

جاسارەت بىلەن ھەركەتلىنىۋاتقانلىرىدا تۈگمەن تۈۋىدىكى پوتەيمۇ زاۋال تاپتى. لېكىن "يىلان ئۇلەر چېغىدا بەك چاقىدۇ" دېگەندەك، بۇ ئىپلاس پوتەيمۇ بىرقانچە يىگىتلىرىمىزنىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن جىمىقتى.

پولات بىلەن رەجەپ ھەسرەپ-ھومۇدەپ ھەممىدىن بالدۇر ئاشۇ دەھشەتلىك بۇتخانا جايلاشقان دۆڭگە ياماشتى. ئەجەپكى گىراناتىنىڭ كاپسۇلى بىرەر قانداق بولدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ رەجەپ سەل كېچىكتى. پولات بولسا، ئاللىقاچان بۇتخانىنىڭ ئىشىگىگە يېتىپ بولدى. پايپاسلاپ رەجەپمۇ يېقىندا-ۋاتاتتى. تامغا چىڭ چاپلىشىپ بۇتخانىنى كوزدىن كەچۈرۈۋات-قان پولات رەجەپنىڭ ئىلدام كېلىشىگە، شەپىسىز كېلىشىگە شەرەت قىلاتتى. كوردىكى، توت توشۇك ئاغزىدا توت ئەبلەخ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تۈرلۈك پوكۇس چىقىرىپ ئىستانكىۋوي پىلىموتنى راسا سايرىتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ بۇ توتىنىڭ بۆلۈك تەرەپتىكى بىرسى بىلىگىنى جەينىگىچە تۈرۈۋېلىپ، جان-جەھلى بىلەن ھەركەتلىنىۋاتاتتى. مانا ئەمدى شىخۇنىڭ تەرەپ-تەرىپىدىن ياڭرىغان "ھۇررا..." سادالىرى شۇنچە گۈمبۈرلەۋات-قان ئوق ئاۋازلىرىنى بېسىپ، ئاسمان-زېمىننى زىل تىترىتىشكە، تاغۇ-تاشنى جاراڭلىتىشقا باشلىدى. بۇ يۈكسەك ۋە ئاسمان-پەلەكنى ياڭراتقان غالىپ سادالار ئەزىمەتلەرنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلىرىنى شۇ قەدەر ئويناتماقتا ئىدىكى، ئۇلار شۇ تاپتا بودىنىگە ئېتىلغان لاچىندەك شۇڭغۇپ بارغىنىچە ئاۋۇ بۇت قەلەندەرلىرىنى موكلا باسقۇسى كېلەتتى. ئامال قانچە، ئاۋۇ

ئىتتەك غىڭشىپ ياتقىنىنى قوشقانىدا بوت ئەرۋاھلىرى بەش يېرىم: ھالىبوكى، ئەزىمەتلىرىمىز ئۇلارنى ئوق زايا قىلماي جايلاشقا ئەھدىلەشكەن ئىدى. ئىككى ئەزىمەت مانا شۇ شىددەتلىك منۇتلارنى دەم بوتخانىغا ئىنتىلىش، دەم ئارقىغا تەلمۈرۈش بىلەن ئوتكۈزۈۋاتقىنىدا، يەنە ئىككى جەڭچىنىڭ دوڭگە ياماشقان قارىسى كورۇندى. ھەر ئىككىسى تەڭلا ئۇلارنىڭ تېز كېلىشىگە قول ئىشارىسى قىلاتتى.

توت ئەزىمەت ئوز نىشانلىرىنى بەلگىلىۋالغانلىرىدىن كېيىن ئالىغا ئوقتەك تاشلاندى. پولات بولۇك تەرەپتىكى ھىلقى "ماھىر" پىلموتچىكنى گەجگىسىدىن تارتىپ، جاق ئوڭدىسىغا بېسىپ، مەيدىسىگە دەسسىگەندە، ئۇ بېشى ئېزىلگەن يىلاندەك تىپىرلاپ، سەت ۋە قوپال ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋاقىراپ-جاقىرايتتى:

— ۋاي ...مە ...مە ...مەن ئۇرغوي ...مە ...مە ...مەن مۇسۇلمان...

بۇ چاغدا پولات ئاشۇ ئاشپەز چېغىدا ئىشلەتكەن تومۇر ساپلىق پىچىقىنى بېشىدىن ئىگىز كوتەرگەن ئىدى، ئۇ:

— مانا ئۇيغۇر بولساڭ، — دەپ پىچاقنى شۇنداق ئۇردىكى، مۇسۇلمان كاپىرنىڭ ئۇچەي باغرى چۇۋۇلۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا تەرلەپ-تەپچىرەپ، ھەسرەپ-ھومۇدەپ يۇگۇرۇپ يېتىپ كەلگەن ئاق سېمىز جەڭچى بۇ كارامەتنى كورۇپ چاۋاك چېلىۋەتتى. بۇ چاغدا، بۇ لەنىتى بوتخانىدا پوكىنى چۇۋۇلغان، مىڭىسىنىڭ قېتىغى چىققانلار بولۇپ ئون بىر ئولۇك بىر بىرىنىڭ

بۇقسغان سىسق جەسەتلىرىنى تەكى قىلىپ قانغا چىلىشىپ ياتاتتى.

بىر ئىزۋوت ھىساۋىغا قالغان بۇ بەش ئەزىمەت ئەمدى بايراق قاداپ، ھۇررا تووۋلاش ئۇچۇن ئىشكتىن چىقىۋاتقاندا، قولىغا تاپانچى تۇتقان بىر دۇشمەن ئەپىتسرىنىڭ ئاكوپ ئىچى بىلەن دوڭغاسلاپ كېتىۋاتقانلىغىنى كورگەن رەجەپ ئاتماقچى بولۇۋىدى، پولات دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تەلەپ قىلدى:

— رۇخسەت بولسا مەن ئاتسام...

— مەيلى، تازا چىنەپ ئات.

ئۇ ئەپىتسەر "پىلموتنى ئىمىشقا ئاتمايسەن ۋاڭبادەنلەر" دەپ، غەزەپلىنىپ كەلسە كىرەك ئەتىمالىم، "سانى... مانى..." دەپ ئالدىرغىنىچە يىقىنلاپ، ئاۋازىنىڭ بىرىچە ۋاقىراپ: "دا..." (ئات) دېيىشى بىلەن تەڭلا ئۆز كوماندىسىدا ئۇزى "دالى" بولۇپ، جەھەننەمگە راۋان بولدى.

پولات ئۇ جايى جەھەننەمدە بولغۇرنى شۇنداق كېلىشتۇرۇپ ئاتتىكى، ئەبلەخنىڭ مىڭىسى ماغزاپتەك چاچراپ كەتتى. بۇ بىر تال ئوق پولاتنىڭ يانچۇغىغا ئايرىم سېلىپ قويغان ئاشۇ "بەش تال ئوق"نىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. بۇ جەڭگىۋار ئوقنىڭ ياڭراق ساداسىنى بەلكى ئاشۇ خەتنىڭ ھورمەتلىك ئاپتورى، ئاشۇ چىرايلىق گىمناستۇركىنىڭ ئۇستىسى شەمسى جانانمۇ ئاڭلاپ تۇرغاندۇ.

1957 ـ يىل 8 ـ مارت، ئۇرۇمچى.

# قەشقەر گۈزىلى

## (ئۈتمۈشتىن)

قانداق ئاجايىپ قەشقەر گۈللىرى.

— «تېھران» رومانىدىن.

قەشقەرنىڭ شۇ قىزىل گۈلى يادىڭدىمۇ؟

— «مېھراپتىن چايان» رومانىدىن.

I

قەشقەردە كۈن ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، چوغدەك قىزىغان يەرگە دەسسەپ بولمايتتى. مەن سەمەندىن كونا شەھەرگە پىيادە كېلىۋاتاتتىم. بەزىدە يول بويىدىكى دەرەخلەر سايىسىدا ماڭاتتىم ۋە بەزەن جايلاردا قايناق توپىنى ئىختىيارسىز كېچىشكە توغرا كېلەتتى.

شەھەرگە يېقىن بىر يەرگە كەلگىنىمدە ئايالنىڭ قاتتىق قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. چوچۇپ قارىسام، ئالدىمدا يېقىنلا يەردە، قامىتى خېلى قاملاشقان ياش يىگىتنىڭ شۇ قايناق ۋە قويۇق يول توپىسىغا پۇتلىرى پاتقان ھالدا خۇددى

قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ئاجايىپ كۆكۆلسىز كەيپىياتتا تۇرغىنىنى كوردۇم. ئۇنىڭ يېنىدا چىرايلىق ياش چوكان قاتتىق كۆلمەكتە ئىدى. ئۇ، قاتتىق كۆلكىنىڭ كۆچىگە چىدىيالمىدىمۇ ياكى بولەك ھال بولدىمۇ بىلمىدىم، چوكان كەينىگە داجىپ بارغىنىچە يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ كوك چىملىق قىرىغا كېلىپ ئەركەكلەرچە زوڭلا ئولتۇردى. چوكاننىڭ ئۇستىدە كىپەندەك ئاق پەرەنجە، يۇزىدە قارا چۇمبەت بولسىمۇ، ئەمما ھازىر يۇزى ئوچۇق ئىدى. ئۇ، ئولتۇرۇش بىلەن تەڭلا كۆلكىسىنى توختىتىپ شۇنداق قاتتىق يىغلاشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ يىغانىنى ئاڭلار بولسا تاغمۇ تاقەت قىلالماي، تاشمۇ ئېرىپ كەتكەن بولار ئىدى. يىگىت بولسا يەرگە بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ۋە بەلكى يۇمشاق توپىلىق يەرگە پۇتۇن بويى بىلەن چوكۇپ، سىڭىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. چوكان بولسا بارغانسېرى شۇنچە ئوكسۇپ ۋە ئەزۋەلەپ يىغلايتتىكى، گويا يۇرەك باغرى ئېزىلىپ كوز ياشلىرى قانغا ئايلىنىپ، بۇ قانلىق ياشلار ئېرىقنىڭ سۇيى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر ئۇلۇغ غەزەپلەر تاشقىنىنى ھاسىل قىلىپ، بۇ غەزەپلەر تاشقىنى يولنىڭ توپىسى بىلەن قوشۇپ شۇ قاملاشقان يىگىتنىمۇ بىللە ئاققۇزۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى.

مەن ھەيرانلىقتا ھاڭ-تاڭ ئىدىم. شۇنچە تاتلىق كۆلكىگە ئاچچىق يىغا ئارىلاشقانلىغىنىڭ سەۋىۋىنى چۇشىنەلمەي تىت-تىت بولاتتىم. سوراشقىمۇ پېتىنالمايتتىم. كاشكى باياتىن بېشىم-

نى جۇۋاز كالىسىدەك ساڭگىلىتىپ نەدىكى خام خىيالىلارغا چومۇپ ماڭمىغان بولسام، ۋەقەنىڭ بېشىدا نىمە ئالامەتلەر بولغىنىنى كورمەسىمدىم دەپ ئوزەمگە ئوزەم كايىيتىم.

ۋاھ ئەجەبا!... بۇ قانداق ئىشتۇ؟...تاتلىق كۇلكە ھەم ئاچچىق يىغا...بۇ، تويغا ھازا ئارىلاشقان تۇرمۇش كومدىيىسى-نىڭ خاتىمىسىمۇ ۋە ياكى قايغۇلۇق مۇھەببەت تىراگېدىيىسىنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ؟...

## II

ئەنجان كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە قوش قاناتلىق ئەپچىل دەرۋازىسى قىلۋىغا قاراپ تۇرىدىغان چىرايلىق بىر ھويلا بار ئىدى. ئۇنىڭدا كوڭۇللۇك ۋە خاتىرجەم ئۇچ كىشى تۇراتتى. ئۇلار ياش بىر يىگىت ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق بىر چوكىنى ھەم يىگىتنىڭ ئاپىسى ئىدى. ئاپىسىنىڭ ئېتى رازىخان بولۇپ، بۇ ئانا ئومرىدە توتىنى تۇققان. تۇنجى ئوغلى قىرىق ئىچىدە قىزدىل بىلەن ئولۇپ كەتكىنىدىن كېيىن ئىككى قىزىنى ئېرىنىڭ ھايات چېغىدا تالالىق قىلۋالغىنىدىن رازىخان ئاچى-نىڭ ئوزى تولىمۇ رازى ئىدى. بۇ كەنجە ئوغلىنىڭ ئېتى ئىمام مۇھەممەت بولۇپ، دادىسىدىن ئون ئۇچ يېشىدا قالغان. بۇ كۇنلەردە بالىنىڭ ھېيتكا جامەسى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۇرگىنىگە بىرنەچچە يىللار بولۇپ، قۇرئان ساۋادىمۇ

ئوبدانلا چىقىپ قالغان ئىدى. ئوقۇملۇق ۋە زىرەك بۇ بالىنىڭ كونا مەكتەپتىن كورە يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش ئىشتىياقى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما دادىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچىلا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېڭى مەكتەپ بالىلىرىغا يېقىن-دىن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، خەت ساۋادىنى ئاللىقاچان ئوبدانلا چىقىرىۋالغان ئىدى.

ئىمام مۇھەممەتنى ئاتا-ئانىسى ئارتۇقچە ياخشى كورەتتى. ئۇنىڭدا شۇنچە ياخشى كورگۈدەك ۋە كورگەن كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك ياخشى پەزىلەت بار ئىدىكى، ئۇ، ئوزىدىن چوڭ كىشىلەرنى كورگەندە ئىززەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ، هورمەت بىلەن سالام بېرەتتى. ئەدەپسىزلىك ناشايان سوزلەرنى قىلمايت-تى. كىم ئىشقا بۇيرۇسا ئاغزىدىن چىقىشچە تەييار بولۇپ تۇراتتى. كىيىم-كېچەكلىرىنى پاكىز، رەتلىك كىيەتتى. بىر نەرسە تېپىۋالسا، ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى ياكى نامرات-لارغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتەتتى. يالغان سوزلەشنى ئولۇمدەكلا يامان كورەتتى. ئاچكوزلۈكنى نومۇس دەپ بىلەتتى. شۇڭا هەممە كىشى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

دادىسىنىڭ ئارزۇسى بولسا ئىمام مۇھەممەتنى قارىلىققا بېرىش ئىدى. ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بولسا ئىمام مۇھەممەتنى (ئۇلار ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتىشاتتى) ياخشىراق بىرەر هۈنەرگە بېرىش ئىدى.

رازىخان ئاچا ئوغلىنى ئوزىنىڭ ئاتا كەسپى زەرگەرچىلىك

ھۇنىرىگە بەردى. بۇ چىچەن بالا ھۇنەرنى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا كامىل ئۆگىنىۋالدى ۋە دۇكان ئايرىپىمۇ چىقتى. مانا ئەمدى ئىمام مۇھەممەت ئوبدان ئۇستا، بۇرۇتى خەت تارتىپ چوپ-چوڭ يىگىت بولۇپمۇ قالدى. ئوغلىنى ئويلەش نىيىتىگە كەلگەن رازىخان ئاچا ئۇنىڭ، بۇنىڭ قۇلىغىنى قىزىتىپمۇ يۈردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇنىڭ ئۇستىسى ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىنى شاگىرتى ئىمام مۇھەممەت قارىغا بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئۇچقۇر شاماللار ئارقىلىق بولغۇسى قۇدا ۋە كۈيوغلىنىڭ قۇلىغىغا يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاش بىلەن رازىخان ئاچىنىڭمۇ، ئىمام مۇھەممەتنىڭمۇ بېشى ئەرش-ئەلاغا يەتكەندەكلا بولدى. چۈنكى ئۇلار ئەقىل-پاراسەتتە، ھوسنى كامالەتتە، ھۇنەر-خىسلەتتە داڭقى داستان بولۇپ، خېرىدارى كۆپىيىپ كەتكەن ئۇ قاتارلىق قىزنى بىزدەك تۇل خوتۇننىڭ ئوغلىغا بېرەرمۇ دەپ قارىغان ۋە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. مانا ئەمدى ئامەت دىگەن ئۆزىدىن، تەلەي بولسا دوڭىدىن كەلدى-دە، شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە دىققەت شۇ تەرەپكە راۋان بولدى.

قىز ھەقىقەتەن تولىمۇ چىرايلىق، چىچەن، چاققان بولۇپ، ئىسمى گۈلنەزەر ئىدى. گۈلنەزەر ھەققىدە كىشىلەرنىڭ "بويى بىر گۈل، چېچى سۇمبۇل، تىلى بۇلبۇل..." دىگەن شائىرانە تەرىپلىرى بىكارغا ئېيتىلمىغان. ئەسلىدە شائىر تەسۋىرلەيدۇ، خەلق تەستىقلايدىغۇ. ئەمما بۇ قىزنى ھەممىدىن بالدۇر خەلق-

ىنىڭ ئۆزى تولۇق تەسۋىرلەپ ۋە تەستىقلاپمۇ بولغان. ھالبۇكى يەنە مەن ئۇ قىز ھەققىدە سوز سەنئىتىنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرىنى ۋە رومانتىكىنىڭ ھەرقانداق رەڭدار بوياقلىرىنى ئايىماي ئىشلە- تىپ، ھەرقانچە تەسۋىرلىسەممۇ مېنىڭ ئىشلىگەنلىرىم بۇ تەبى لىتاپەت ئالدىدا خۇددى تاۋارغا تاغاردىن ياماق سالغاندەك بىر نەرسە بولۇپ قالماسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇ قىز ھەققىدە بولەك ھېچنىمە دىمەيمەنكى، پەقەت مېنىڭ ھىكايەمگە ئاتاپ، ياق، مېنىڭ ھىكايەمگىلا ئەمەس، ئۇنىڭ خوش پىچىم قاملاشقان قامىتى، ھوسنى-جامالىنى پۈتۈن گۈزەللەرگە ئەندىزە ۋە ئۇنىڭ خۇش خۇلقى، يېقىملىق مىجەزى، قول ھۈنەر، خىسلەت- پەزىلەتلىرىنى ھەممە چەۋەندازلارغا ئۈلگە-ئورنەككە لايىق قاملاشتۇرۇپ يارىتىپ قويغان تەبىەتكە تەھسىن ئېيتىمەن.

گۈلنەزەر ھەقىقەتەنمۇ شۇنچە چىرايلىق ۋە ئەقىللىق ئىدى. ئىمام مۇھەممەت گۈلنەزەرگە دادىسىنىڭ دۇكىنىدا ۋە ئۆي ئىشلىرى ئارىسىدا كورۇپ يۈرگەنلىرىدە ئۆزىنىڭ خۇش خۇلقى، يېقىملىق مىجەزى، سىلىق، مۇلايىم مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىسسىق كورۇنۇپ قالغان ئىدى. ئۇ كەمدىكىسى باللىقىنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىدىن تۇغۇلغان غەرەزسىز ئامراقلىقىنىڭ ئاجىز سەزگۈسى ئىدى، ئەمدىكىسى بولسا دىل رىشتىسىنىڭ ئالتۇن تارىنى چەككەن مۇھەببەت ئىشتىياقىنىڭ ئوتلۇق تۇيغۇسى بولغانلىقتىن قىزنىڭ قەلبىدە شۇنداق تاتلىق بىر ھىسسىيات ئويى- غاتتىكى، ئۇنى تەسۋىرلەپ تۈگىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

گۇلنەزەر ئىمام مۇھەممەتنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇچۇق كوڭۇللۇك بىلەن ماقۇل بولدى، كونا-يېڭى يوسۇنلارنىڭ ئەبجەش قائىدىسى ئارىلاشقان تويمۇ كوڭۇللۇك بولدى. بۇنىڭ بىلەن يۇزلىگەن قىز باغدا قالسا، مىڭلىغان يىگىت داغدا قالدى.
ئىمام مۇھەممەت ئۇچۇن كوپتىن كوز تىكىپ، ياغلىقلارغا گۇل-كەشتىلەرنىمۇ كوپ تىكىپ، چاچلىرىنى ھەر ياڭزا تاراپ، يوچۇقلاردىن ماراپ، كېچىلىرى ھەر خىل چۇش كورگەن، ئۇخلىيالماي تاڭغا تەلمۇرگەن تالاي-تالاي قىزلار ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ كوزلىرىگە ئەلەملىك ياش ئالسا، گۇلنەزەر ئۇچۇن ئۇزلىرىگە چوڭ تەمەننالار قويغان ۋە بەزىلىرى جانلىرىدىن تويغان نى، نى يىگىتلەرنىڭ يىگىتلىرىمۇ غەزەپلىك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قوللىرىغا تاش ئالدى.
"ئىت ھۇرۇۋەرگەن، كارۋان يۇرۇۋەرگەن"دەك رازىخان ئاچىلار ئائىلىسىدىكى كوڭۇللۇك كۇنلەرمۇ ئوز يولىدا بېرىۋەردى. بۇ ئامەتلىك ئائىلىنىڭ بەختلىك تاملىرى قايسىبىر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى قاباھەتلىك قىينانا ۋە كېلىن كۇلپەتلىرىدىن ھېچنىمىنى كورمىدى. نەچچە ۋاقىتتىن ئۇيدىن چىقالمىغان رازىخان ئاچىغا ئەمدى قىزلىرى ۋە تۇققان-تونۇشلىرىغا بارسا قانغىچە خاتىرجەم تۇرۇشنىڭ پۇرستى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھورمەتلىك ئانا ئەتىۋارلىق قەددى بىلەن قىممىتىنىڭ ھوزۇرىدا بىخىرامان كۇن كەچۇرۇشكە باشلىدى.
كۇنلەر كۇلدۇرۇپ، ئايلار ئالداپ، ھەش-پەش دېگىچە

ئارىدىن ئانچە ۋاقىتلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەپسۇسكى گۈلنەزەر تۇغمىدى. لېكىن بۇ ئۇچۇن باللاردا ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى. پەقەت رازىخان ئاچىلا بۇ خۇسۇستا ئوكۇنۇپ ھەسرەت چېكەتتى. شۇنداقتىمۇ "كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن" دەپ بۇ سىرىنى باللارغا بىلدۈرمەيتتى.

—گۈلنەزەرخان بالام،—دېدى بىر كۈنىسى رازىخان ئاچا، —سەۋەپ قىلسا سىۋەتتە سۇ توختايدۇ دىگەن گەپ بار، داخانغا بىر ئوقۇتۇپ باقساق بولماسمۇ؟

گۈلنەزەر قاتتىق كۈلۈۋەتتى. چۈنكى ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئاز-تولا ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭى مەكتەپ ساۋادىدىن ئورتا مەلۇماتلىق بولغاچقا "داخان"، "باخشى"، "رەممال" دىگەن بىرنىمىلەرگە ئەسلا ئىشەنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئاپىسىنىڭ كوڭلىنى ئاياپ:

—بولمامدىغان ئاپا، بولىدۇ،—دەپ خوش قىلدى. ئۇ، دوختۇرغا كۆرۈندى. دوختۇر گۈلنەزەرنىڭ تۇغمىدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوقلۇغىنى ئېيتتى. ئۇنى ئاڭلىغان رازىخان ئاچا ئاۋۋالاردىن مىڭ زىيادە خوش بولۇپ كەتتى. ئارتۇقچە خوشال-لىقىنىڭ ئالدى ياراشمىدىمۇ، ئارىدىن ئانچە ئۆتمىگەن كۈنلەر-نىڭ بىرىدە بىچارە مەزلۇم ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ، داۋا كار قىلماي ئولۇپ كەتتى.

## III

— كىم بۇ؟

— مەن.

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن دېگەن مەن، ئىشىكنى ئاچسىلا خېنىم. ئوھو... ئوھو...— بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى. گۈلنەزەر ئىشىكنى ئېچىش بىلەنلا چوچۇگەندەك سەل كەينىگە داجىدى. بۇ تونۇش ئەمەس ئايالنىڭ بوسۇغىدىن بىخىرامان ئاتلاپ ئوتتۇۋاتقىنىغا ئۇ تېخىچە ھاڭ-تاڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇيگە باشلاپ ئاستىغا كورپە سالدى. ئايال ئايەتلەر ئارىلاشقان ئۇزۇن پاتىھەدىن كېيىن تېچلىق سوراشتى. ئاندىن ئۇزىنىڭ بالا تىلىگۈچىلەرگە دۇئا قىلىدىغان، ساۋاپلىق ئىشلاردىن كۈچىنى ئايىمايدىغان تەلەپكوي بىر خوتۇن ئىكەنلىگىنى بىلدۇردى. چايدىن كېيىن يېرىم ناننى ''نەۋرەمگە ئېلىۋالاي'' دەپ قولتۇغىغا تىقتى. كېيىن گۈلنەزەر كەلتۇرگەن نىمكەش كوينەكنى قولىغا ئالماستىن تۇرۇپ شۇنداق بىر دۇئانى باشلىدىكى، ھەزرىتى غەۋسىل ئەزەم قوللىغايدىن چۇشۇپ، يەتتە سۇلتان، يەتمىش چىلتەن، مازا-ماشايىقلاردىن تارتىپ ئوغرى-مۇناپىقلارغىچە بىرمۇنچىسىنىڭ ئېتىنى قىچقىرىپ، ئاخىرىسىنى: ئەزىزانە قەشقەرنى بېسىپ ياتقان ھەزرىتى ئاپپاق خوجام مەدەت قىلغاي... بىلەن تۇگەتتى. ئاندىن

بىسمىللانى يەنە بىر مەررە تەكرارلاپ گۈلنەزەرنىڭ قولىدىن كوك كوينەكنى ئالدى ـ دە كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خوتۇن پات ـ پات كېلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. كېلىپ كېتىشلەر ئۇز يولىچە ئوتۇۋەردى. تەلەپ ـ تىلەشلەر ياكى قولتۇق يولەشلەردىن بولەك ئارتۇقچە گەپ ـ سوزلەرمۇ ئوتۇلمەيتتى. ئەمما ئۇ خوتۇن نوۋەتتىكى بىر كېلىشىدە خەقتىن ئاڭلىغان ماۋۇ بىر تۇرمۇش تەجرىبىسىنى گۈلنەزەرگە ئاستا بايان قىلىپ: ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ ھەمىشەم بىر ياڭزا بولۇشىمۇ بالا بولۇش ـ بولماسلىققا سەۋەپ بولىدىكەن... ھىھ... ھىھ... دىدى. بۇ مۇۋاپىق پىكىرمۇ، يا مۇناپىق پىكىرمۇ ئۇنى گۈلنەزەر ئىلگىرى ھىچ ئاڭلاپ، ياكى ئويلاپ باقمىغاچ بەك ھاڭ ـ تاڭ بولدى.

ــ ۋاي جىبنىم خىبنىم، ــ ئۇ ئەمدى گەپ مەنزىلىگە ئۇزۇندىن قەدەم تاشلىدى. بەزىدە ھارۋىنى ئىلىپ قاچقان يامان بايتالدەك سوزنى ھەر يان ئويىنىتىپ گۈلنەزەرنىڭ ئارزۇلۇق خىيالىنى ھەر قايان باشلايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كوڭلىنى تاتلىق سوز يەمتۈگى ئىلىنگەن قارماققا ئىلىندۇرۇپ ئاپىرىپ ئاللىقەيەرلەرگە تاشلايتتى. ئۇ ئوزىنىڭ كوپنى كورگەن، ئاڭلىغان، ئۇققان ۋە بىلگەنلىرىگە بىشىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقارغان بوغول چىچىنى گوۋا قىلىپ تۇرۇپ سوزلىگىنىدە، ئەرلەرنىڭ ھارامزادە، ئالدامچىلىغى، خوتۇنلارنى خارلايدىغان كۆلپەتلىرى، قەسەم ئىچىپ تۇرۇپمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان

كاززاپلىغى ھەققىدە لەنەت ياغدۇرۇپ قىلىغان شىكايەتلىرى ئارىسىدا ئاز قالغان چىشلىرىنى ئالقىنى بىلەن توساپ ھە دەپ ئەسنەيتتى. ئاندىن زىبۇ-زىننەت مەنزىلىگە قەدەم قويغاندا، ياشلىقنىڭ قەددىنى ھەر خىل ئاجايىپ تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن يوگەپ، نە ئۇنىڭغا ئالامەت يالت-يولت ھەقىق-كەھرىۋالارنىڭ كارامەت تاجىنى كىيگۈزۈپ، تاماشا بازىرىنىڭ راھەت باغلىرىدا ياش باللارنىڭ كوزىدىن ئوت، كاللىسىدىن دۇت چىقىرىۋېتىپ، مەرت يىگىتلەرنى سىنايدىغان مەيداننى بويلاپ سەيلىگە تەكلىپ قىلاتتى-دە، ئۇزىنىڭ ئويناپ كۇلەلمەي بىھۇدە ئوتۇپ كەتكەن ياشلىق كۇنلىرىگە ھەسرەت-نادامەت بىلەن ئوكۇنۇپ ئوپكىسى يېرىلغۇدەك ئۇھ تارتاتتى.

بۇ چاغدا گۇلنەزەرنىڭ كىرسىز كوڭۇل ئەينىگىدە يېقىلمىغان چىراقنىڭ شولىسىدەك ئاللىقانداق دەھشەتلەرنىڭ مۇدھىش گۇمانى ئەكس ئېتىپ، بۇ خوتۇننى ئاشۇ دەرۋازا قېقىپ بىرىنچى قېتىم كىرگىنىدە كورۇش بىلەنلا قايىسىبىر ھىكايە، چوچەك ياكى كىنولاردىكى جادىگەرنى كورگەندەك يىرگەنگۇسى كەلگەنلىرى-نىمۇ ئەسلىمەكتە ئىدى. خوتۇن ئاشۇنداق ئۇزۇن خالتا كوچا، ئايلانما كوۋرۇكلەرنى ئەگىپ كەلگىنىدىن كېيىن سوزىنىڭ ئايىغىنى: "چىشىڭنىڭ بارىدا گوش يەۋال..." بىلەن تۇگەتتى.

ئاچچىغى كەلسىمۇ ئەمما بىلدۇرمەسكە پۇتۇن كۇچىنى كوندۇرۇپ ئولتۇرغان گۇلنەزەر زور بېرىپ كۇلۇمسىرەپ:

— زادى نېمە دېمەكچى سىلە؟ — دېدى.

خوتۇن:

ــ ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز دىگەن گەپ بارغۇ ھىھ... ھىھ... ھىھ... ــ ئۇ مۇغەمبىرانە كۇلۇمسىرىشىنى يالىغان يوتەل بىلەنمۇ ياپماقچى بولدى.

ــ گەپلىرىنى ئۇچۇق ئېيتسىلاچۇ چوكنا؟

گۇلنەزەر "چوكنا" سوزىنى ئالاھىدە تەلەپپۇزدا قىلدى.

خوتۇن سوزىنى يەنە شۇ بالا تۇغۇش-تۇغماسلىق ئاپالدىلا ئەمەس، ئەرلەردىمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەنلىكىدىن باشلاپ، ئۇزىنىڭ تۇغمىغان قانچە-قانچە خوتۇنلارغا يول كورسىتىپ "خۇدانىڭ ئىلتىپاتى" بىلەن پەرزەنت كورۇپ ئۇيلىرىنىڭ بۇزۇلماي قېلىشلىرىغا سەۋەبچى بولغان "ساۋاپلىق ئىش تەجرە-بىلىرى"نىڭ بوغچىسىنىمۇ توكۇپ تۇگىتىۋەتتى.

ــ زادى نىمە دىمەكچى بولىسىلا؟ ــ يەنە ئەتەي سورىدى گۇلنەزەر.

ــ دىمەكچى بولغىنىم خان قىزىم... ــ دەپ يۇمشاق كۇلۇپ تېخىمۇ مېھرىۋانلىق بىلەن سوزلىدى خوتۇن، ــ تۇغماس سىلە ئەمەس، ئەرلىرىمىكىن دەيمىنا؟ ئۇنداق بولغاندىن كېيىن... ھىھ... ھىھ... ھىھ...

ــ ھە، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن دەپ توختاپ قالدىغۇ؟

ــ ھىھ... ھىھ... ھىھ.... ــ خوتۇن ئەجەپ بىر تۇرلۇك كۇلدى ۋە "ئېيتايمۇ؟" دەپ گۇلنەزەرنىڭ كوزىنىڭ ئىچىگە مۇغەمبىرانە قارىدى.

— ھە، ئېيتسىلا، — دىدى گۈلنەزەر ئالىجاناپ بىر قىياپەتتە.

— ئېيتسام تاتلىق خېنىم، سىلىنىڭ تۇغىدىغانلىقلىرىنى دوختۇرمۇ ئېيتقان بولغاندىن كېيىن... (ئۇ، مۇشۇ ئارىدا يەنە بىر ئىنجىقلىۋالدى) ئەمدى تازا كوكۇللىرىگە ياققۇدەك بەلەن يىگىتتىن بىرنى تېپىپ بەرسەم شۇنىڭ بىلەن...

گۈلنەزەر ئەمدى تاقەت قىلالمىدى. شۇ سوزىنى ئاڭلاش بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تەن تومۇرلىرى توك تەپكەندەك ئەجەپ بىر تۇرلۇك چىمىرلايتتى، چېكىسى لوقۇلدايتتى. بىردىنلا گېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولغان يۇرىگى تېخىچە جايىغا چۇشمەي، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان كوزىگە ھېچنىمە كورۇنمەيۋاتاتتى. ئۇ، نىمە قىلىشىنى بىلمەي شۇ تەقلىتتە بىر دەم شۇك تۇردى، ئاندىن ئەس-ھۇشىنى يىغدى-دە، بارغىنىچە ئىشىكنى بار كۈچى بىلەن تەپتى، قاتتىق ئېچىلغان ئىشىك تامغا تېگىپ يېنىپ يەنە يېپىلىپ، يەنە ئېچىلىپ جالاقلىغىنىچە بېرىپ توختىدى. ئۇ، ئوچۇق ئىشىكنى قولى بىلەن كورستىپ تۇرۇپ غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن دىدى:

— چىقسىلا، كوزۇمدىن يوقسىلە!

— جېنىم بالام... خې... خېنىم قىزىم...

— چىق دىدىم، چىق!!

— ئوبدان قىزىم، ئا... ئا... ئاچچىقلىرى، چا... چا... چاخچاققا خاپا...

خوتۇن تىزەك قوڭغۇزىدەك غوڭشىغىنىچە ئۇزىنى تالادا كوردى. ئۇ يەنە خېنىم... پېنىملىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. گۇلنەزەر بارلىق كۈچى بىلەن:

يوقال قېرى دەللە! — دەپ ئىشىكنى جاققىدا ياپتى.

IV

زەرگەرلىك دۇكىنىنىڭ ئىشىك دەرىزىسى كۈنگە قارايتتى. دۇكان ئەپچىل ۋە چىرايلىق بولۇپ، پاكىز ھەم سەرەمجان ئىدى. بولۇپمۇ شۇ تاپتا قىيامدىن قايرىلغان كۈننىڭ بەركەتلىك نۇرلىرى بۇ ئازادە دۇكاننى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. تېخى يېڭىلا كەلگەن ئىمام مۇھەممەت دۇكاندا ئۇزى يالغۇز ئولتۇراتتى. ئىش بۇيرۇتقانلار ياكى خېرىدارلاردىن دېرەك يوق ئىدى. شۇ چاغدا دۇكانغا مۇشۇ كەمگىچە ھېچ كېلىپ باقمىغان "بىر مېھمان" ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كىرىپ كەلدى. مېھمان ئاق پەرەنجىگە پۈركەنگەن بولۇپ، يۈزىدە چۈمبەت، ئايىغىدا قارا خۇرۇم توپلى بار ئىدى. توپلى ئالاھىدە پوسۇندا تىكىلگەن بولۇپ، ھەر بىر دەسسىگىنىدە "غىچپۇل، غىچپۇل" دېگەندەك غىڭشىشلىرى ئىختىيارسىز دىققەت شەيدا قىلاتتى.

"مېھمان" ئالتۇن زىرە، پەيپەيزە ئۇزۇك، بىلەيزۈك ۋە يولتۇزلۇق ھالقىلاردىن تارتىپ ھەممىنى ئىسقلىق جايىدىن ئېلىپ كورگىلى، ئۇنى ئۇ ياققا، بۇنى بۇياققا ئارىلاشتۇرۇۋەت-

كىلى تۇردى. ”قانداق نەرسە كېرەكلىكى“ سورالغاندا ئۇ دۇكاندىكى ھەممىۋا نەرسىنىڭ خېرىدارى بولۇپ چىقتى. مۇنداق خېرىدارنى ھېچبىر ھۈنەرۋەن ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇچرىتالىشى تەس ئىدى. بولۇپمۇ ئىمام مۇھەممەتتەك ياش كاسىپقا بۇ ھال تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىك تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەيرانلىقتا ھاڭ-تاڭ ئىدى. چاخچاقمىكىن دېسە راست بولۇپ چىقتى، ئەمما دۇكاندىكى شۇنچە ئەقىدە بىلەن ئىشلەنگەن تەييار مالنىڭ ھېچبىرى بۇ مېھماننىڭ كۆڭلىگە مەنزۇر كەلمىگىنى ئىمام مۇھەممەتكە بەك ئەلەم قىلدى.

—قانداق ياغىزىسى لازىم بولسا ياساپ بېرەلەيمىز،—دېدى ئۇ ئۈمىتسىز بىر ئاھاڭدا.

—جىڭ ئالتۇن بارمۇ؟

—جا ئىش بىلەن خوشمىز يوق،—دېدى يىگىت كەسكىن ھالدا. بۇ چاغدا چۇمبەت ئىچىدىن بىر تاتلىق كۈلكىنىڭ ئالتۇن قوڭغۇرىغى جىرىڭلىدى.

—تىللا تېپىلامدۇ؟

—تىللامۇ؟ ئۇنىڭ قاندىغى؟

—قاندىغى؟

—ھەئە، ئورۇسنىڭمۇ يا ئىنگلىزنىڭمۇ؟

—ئاۋارە بولمايلى، ئانچىكىلا دەپ قويدۇم، ھەممىسى ئوزەمدە بار،—دېدى مېھمان يەنە بايىقىدەك كۈلدى.

—ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى،—دېدى يىگىت خوش

بولۇپ. بۇ چاغدا ياش ئۇستىنىڭ ئالدىدىكى ئوچاقتا سېلىنغان ئالتۇنمۇ تېخى قايناپ قىيامغا يەتمەستىنلا شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك ۋە تامدىكى ئېسىقلىق سايمانلارنىڭ ياقۇت كوزلىرىدىنمۇ ۋاللىدا ئوت چاقناپ كەتكەندەك بولدى. راستىنى ئېيتقاندا ئايال ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، يېشى يىگىرمە توتلەردىن توۋەن بولمىسا ئوشۇق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ جاننى شەيدا قىلغۇدەك قاپ-قارا قويۇق كىرپىكلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان شەلا كوزلىرى بىلەن ھەر بىر سوزلىگىنىدىكى ئاجايىپ نازۇ-نازاكەتلىك خۇش خۇلقى جاننى ئېلىپ جاڭگالغا قويارلىق جازىبىگە ئىگە ئىدى. بۇ چاغدا ئىمام مۇھەممەتتە قانداقتۇ ئوز ئىختىيارىدىن غەيرى بىر كۇچنىڭ قۇدرەتلىك ھوكۇمى ئۇنىڭ كوزىنى كورۇنمەيدىغان سېھىرلىك سىم بىلەن ئۇ گۇزەل جانانىنىڭ ئويناق كوزىگە ئۇلاپ قويغاندەك بىر كارامەت كورۇندى. ئۇ ساھىپجامالغىمۇ خۇددى شۇنىڭ ئوزى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئاجايىباتلىقلار ئىچىدە ئەمدىكى ئىشلەنگۇسى نەرسىلەرنىڭ ياڭزا-فورمىلىرى، مىقدارى ۋە مانجىسى ھەققىدە سوزلىشىۋاتقانلىرىدا ئىشكتىن ئادەم شەپىسى كەلدى. ئۇ مېھمان دەرھال يۇزىنى ياپتى-دە، ئابىيام قانداق پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق غايىپ بولدى.

كەلگۇچىلەرمۇ ئىش-پىشلىرىنى پۇتتۇرۇپ كەتتى. ئەمما ھىلقى نازىنىن جانانىنىڭ ئوزى كەتكىنى بىلەن ئۇنىڭ گۇزەل رۇخسارى ۋە نازۇ-نازاكەتلىك قىياپىتى ئىمام مۇھەممەتنىڭ

كور ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. قانچە قىلىپ باقسىمۇ قولى ئىشقا بارمايتتى. ئۇ شۇنداق ئويلاشقا باشلىدىكى، ئۇمۇ تارىخ-نىڭ ھەممە ۋاراقلىرىنى ئارىلاپ چىقتى. ھېچقاچان ئۇنىڭ روھىدا مەيلى ئويلىنىشنىڭ ئالدى يا كەينىدە بولسۇن، ئوزىنىڭ گۇلنەزىرىدىن بولەك ھېچبىر ئايال زاتىغا مۇنداق ھىسسىياتنىڭ پەيدا بولغىنىنى ئەسلىيەلمىدى.

—ۋاھ ئەجەبا، — دەيتتى يىگىت، — بۇ قانداق ھادىسىدۇ؟ ئوكۇممۇ بۇ چۇشۇمىمۇ، ئادەممۇ ئۇ شەيتانىمۇ؟... يا ھورى پەرىمۇ؟...

شۇ پەيتتە، قاچاندۇر بىر غەزەلچىدىن ئاڭلىغان تووەندىكى بېيىتلەر ئۇنىڭ يادىغا يەتتى:

كوكسىنى كوڭلىدىنمۇ كەڭ ياراتقان،
بەلگە قىپ مەڭزىگە بىر مەڭ ياراتقان.
بويىنى يامان كوزدىن ساقلىسۇن دەپ،
چىچىنى تاپان بىلەن تەڭ ياراتقان.

ھەتتەڭگەي، ئېتى نىمە بولغىيدى؟... ئويى نەدە بولغىيدى؟...

بىز بۇ يەردە ئىمام مۇھەممەتىنى بىر دەمگە ئوز ھالىچە قالدۇرىمىز. چۇنكى ئۇ شۇ جانان ھەققىدىكى شىرىن خىيالىنى قارنى كوكسى تويغۇدەك ئويلاپ قېنىۋالسۇن! بىز ئەمدى ئىلگىرى ئوتكەن بەزى ئىشلار ئىزىدىن بارىمىز.

گۈلنەزەر تۇرمۇشقا چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن، شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ ئىشقى-پىراقىدا پەرۋانە بولۇپ، ئارزۇ-ئارمان ئوتلىرى باغرىنى كاۋاپ قىلىپ كەلگەن بىرمۇنچىسىنىڭ ئوغىسى قايناپ كەتتى. ئۇلار يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا تۈرلۈك پىتنە-پاسات ۋە سېسىق ئىغۋالىرىنى خۇددى سەل يامغۇرىدەك ياغدۇرۇۋەتتى. ھەتتا شەخسەن گۈلنەزەرنىڭ شەنىگە توقۇلغان قۇرۇق تۆھمەت، تاپا-تەنىلەر ئاز بولمىدى. شۇنداقلا گۈلنەزەرنىڭ دادىسى مەرھۇم ئۆمەر ئۇستام رەھمەتلىكنىمۇ خېلى چىشلەپ-تارتىشقان ئىدى. بەزىلىرى ئۇ ئادەم ھەققىدە: ئەسلىگە تارتتى. ئۇ ئەسلىدە سەھرادىن يالىڭاياق كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ئۆزىمۇ بىر تۇل خوتۇننىڭ بالىسىمىش. مانا ئەمدى شۇ قاتارلىق قىزىنى نە-نەلەردىن لايىق چىقسا بەرمەي، نەدىكى بىر تۇل خوتۇن-نىڭ بالىسىغا بەرگىنىنى قارىمامدىغان؟ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن خەجلىيەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدىغۇ؟ ئەقلى يوق ئادەم ئىكەن... ۋاھاكازا دىسە، يەنە بەزىلەر: ئىست-ئىست، ئۆمەر ئۇستىنىڭ شۇنچە دۇنيا-دەپىنىسىگە رازىخانىدەك بىر تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى مىراسخور بولارمۇ؟-دەپ ئىچى ئادايتتى. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ تولىسى دىگۇدەك رازىخان ئاچىنىڭ ھايات چېغىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ئاڭلىق ۋە ئەقىللىق كىشىلەر تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلگەن ئىدى. ئەمما ئەمدىكى ھالەت ھەركەتكە ئۆتكەن بۇگۈنكى كۈنلەردە دەرت-ئەلەملەر تۈگىمىنى پەقەت بىر گۈلنەزەرنىڭ بېشىدا چۆرگىلىمەكتە

ئىدى.

كۈتۈلمىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈتمىگەن ئادرىستىن گۈلنەزەرگە بىر "خەت" كېلىپ قالدى. خەت خۇددى مۇتىھەمنىڭ ئەرزىيدەك ئۇزۇن ۋە تېتىقسىز بولۇپ، ئۇنىڭدا چاينالغان لاۋزا سوزلەر ئىختىيارسىز كىشىنىڭ غىدىغىنى كەلتۈرەتتى. خەت كىچىك بالا ئارقىلىق كەلگەن؛ گۈلنەزەر ئۇ بالىنى مۇندىن كېيىن ئۇنداق يامان يولغا ماڭماسلىق ھەققىدە نەسىھەتلەر بىلەن قايتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئەمما لېكىن بولەك باللار ئازمىدى؟...

خەتلەر خىللىرىنىڭ كوپىيىشى، قۇرۇق گەپلەرنىڭ ئاۋۇشى جېنىغا تەككەن گۈلنەزەر ئاقىۋەت بىرەر چارە قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى-دە، بىر خەتنىڭ قېتىغا بىر تال كومۇرنى يوگەپ ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتتى. بۇ "كوڭلى قارا، قارا يۈز، قارا نىيەت" دىگەنگە ئىشارە ئىدى. ئەمما ئالغۇچى قانداق چۈشەندى دىسىڭىز، ئۇ: "سىزنىڭ ئۇتىڭىزدا كويۈپ كومۇرگە ئايلاندىم، دىگەننىڭ بەلگىسى، چۈنكى مەندەك يىگىت قەشقەردە يوق-تە" دەپ خۇلاسە چىقاردى. بۇ ماز ئاندىن تېخىمۇ چوڭىنى چىقاردى، ئۇ "گۈل مەشۇق" ئۇچۇن چىرايلىق خېرىتتىن "سوغا" ئەۋەتتى. مەلۇم ئىدىكى، گۈلنەزەر ئۇنداق لاتىغا مۇھەببەت باغلايدىغان پەس تەبەتلىك بەزى مەخلۇقلار جۇملىسىدىن بولمىغىنى ئۇچۇن ئۇ ئەسكىنىڭ ئەلىمگە چىدىماي "ئۇ ئىسىل بوخچا" قېتىغا يامان نەرسىگە مىلەنگەن بىر پاي رەزگى كەشنى يوگەپ

ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتتى. بۇ پەشۋا بىلەن ئۇ لالمىنىڭ ئاغىزى جىمىققان بولسىمۇ، ئەمما بولەكلىرى قاۋاشنى توختاتمىدى.

گۇلنەزەر نومۇس ۋە ھاياتنىڭ ئىسلىزادىسى بولغىنى ئۈچۈن ئەر-خوتۇن تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئەھۋاللارنى كىشىلەردىن مەخپى تۇتقۇسى كېلەتتى. ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى كورۇنگەنگە ئېيتىپ يۇرۇش ئەدەپسىز كىشىلەرنىڭ خۇلقى دەيتتى ئۇ. ئەمما ئۇزىنىڭ ئىمامىدىن بولسا، ھەقىقەتنىڭ ھېچقاندىغىنى يوشۇرمايتتى. بۇ بولۇنغان ئىشلارنىمۇ ھېچبىر يوشۇرمىدى. چۈنكى، مۇنداق قىلىشنىڭ ئۇزى گۇلنەزەرنىڭ نەزىرىدە مۇھەببەت ئىشەنچىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشنىڭ جانلىق ئامىلى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەر بىر ئېھتىماللار ئۈچۈن ئېھتىيات چىرىغىنى يورۇتۇپ يۇرۇش زورۇرلۇگىنى ھەر ئىككىسى ئەۋزەل ۋە راۋا كوردى. شۇنىڭ بىلەن گۇلنەزەرنىڭ ئوتتەك قىزغىن قاتنىشىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەھەللە ئاياللىرىنىڭ ساۋات چىقىرىش پائالىيىتىگە بىر مەھەل تەسىر يەتمەي قويمىدى. ئۇ ئەمدى كوپىنچە ئۆي ئىچىدە ئوقۇش، ئوقۇتۇش، تىكىش، سوكۇش بىلەنلا مەشغۇل ئىدى. ھىلقى كوك كوينەكنى ئالغان تىلى شېكەر، دىلى زەھەر مەرەز خوتۇننىڭ دەسلەپكى كەلگىنىدە ئىشكنى ئېچىدىن چىلىك ئېتىپ ئولتۇرۇشىمۇ شۇنىڭ داۋامى ئىدى.

بۇ رەزىل ھەركەتنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئوز مەغلۇبىيەتلىرىگە

تېخىچە تەن بەرمەيتتى. ئۇلار بۇ بىر تەرەپتىن غەلىبىگە كوزى يەتمىگەنلىرىدىن كېيىن ئەمدى "يىپنى ئىككى ئۇچىدىن تەڭ تارتىپ ئۈزۈش" غەرىزىدە بىر چوڭ "سۇيىقەست دىراممىسى"نى يېڭىۋاشتىن ئىشلەپ چىقىپ، ئۇنى ئويناشنى باشلىغان ئىدى. بىز بايا ئىمام مۇھەممەتنىڭ دۇكىنىدا كورگەن ھىلىقى بويلىرى لىڭشىپ، پۇتلىرى غىڭشىپ تۇرىدىغان نازۇ-نازاكەتلىك گۈزەل جانان ئەنە شۇ "ئاجايىپ دىراما"نىڭ ياش رولچىسى ھەم باش رولچىسى ئىكەنلىگىنى كوڭلىگە بىرمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىمام مۇھەممەتنىڭ ئۇ خېنىم ھەققىدە ھامان ئويلىغىنى ئويلىغان ئىدى. ئۇ تولا ئويلاۋېرىپ ئېلىشىپ قالمىسۇن يەنە. بىز ئەمدى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى.

— تاك... تاك... تاك.

— ... ... ...

— ھەي ئىمام مۇھەممەتخان؟

— تاك... تاك... تاك... ھەي ئىمام مۇھەممەتجان ئۆزلىرى بارمۇ؟ — ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پەيپەيزىدىن سايرىغان سادا چىقتى:

— ۋاي يوق... يوق.

— قېنى، نەگە كەتتى؟

— ئابىيامىلا دۇكاننى تاقاپ كېتىپ قالغان.

دىمەك، ئۇ ئابىيامىلا دۇكاننى تاقاپ كېتىپ قاپتۇ.

## ۷

كۇنمۇ-كۇن كېلىۋەرگەن كوتۇلسىز خەۋەرلەر گۇلنەزەرنى ئارتۇقچە خاپا قىلغىنى تۇردى. ئۇ كورۇنگەننىڭ سوزىگە ئىشىنە-ۋەرمەيدىغان ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ دىگىنىگە ئېتىۋارسىز قارىمايدىغان ئىدى. بولۇپمۇ ئوزىنىڭ ئىمامىغا چىن قەلبىدىن چەكسىز ۋە شەكسىز ئېتىقات قىلاتتى-دە، ئۇنى يورۇق دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىرلا ئالتۇن تۇۋرۇكۇم... دەپ بىلەتتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ مۇئامىلە، هورمەت، ئىززەت قىلاتتى. ئىمام مۇهەممەتمۇ ئوز ئامرىغىنى ناهايىتى ئەتىۋارلايتتى. ”مېنىڭ گۇلۇم ئالەمدە تەڭدىشى يوق خۇش پۇراق گۇل“ دەيتتى ئۇ. ئويگە قايتىپ كەلگىچە تاقىتى-تاق بولاتتى. گۇلنەزەرمۇ ئىمام كەلگىچە ئىشىككە نەچچە چىقىپ، نەچچە كىرەتتى. غىزانىڭ تۇزىنى نەچچە تېتىپ نەچچە تەڭشەيتتى. ئوتنى نەچچە يېقىپ، نەچچە ئۇچۇرەتتى. ئىمام مۇهەممەتمۇ هەرگىز قۇرۇق قول كەلمەيتتى. كوڭلىگە ياققان، يا كوزىگە چىرايلىق كورۇنگەن تاڭسۇق نەر-سىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى-دە، ئۇنى ئالقىنىغا قويۇپ: گۇل، مە، مانى ئال، بەشكېرەمىنىڭ خۇۋەيىنىسى، شاخ مانتۇسى دىگەن مانا شۇ. قارىغىنا گۇل، بۇ، دۇنياغا پەقەت سەن ئۇچۇنلا يارال-غان ئوخشايدۇ... دەيتتى. ”هەشقاللا“ دەپ ئىمامىنىڭ كەلتۇر-گىنىنى قوش قوللاپ ئالغان گۇلنەزەر ئۇنى لايىغىدا ماختاپ

ۋە ھوزۇر بىلەن چاينايتتى-دە، كېيىن ئۇچكىسىنى چىشى بىلەن چېقىپ، مېغىزىنى لېۋىدە توختىتىپ ئىمامىغا تەڭلەيتتى. ئۇمۇ ئاغزى بىلەن ئالماقچى بولغاندا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتەتتى، ياكى يۇمشاققىنا نېرى ئىتتىرىپ ۋە ياكى سىلىققىنا چىمداپ قوياتتى.

قايسىبىر كۈنلىرى ئىمام مۇھەممەت ئالدىراپ كېلەتتى:

— گۈل... گۈل... مەن بىرنىمە ئېلىپ كەلدىم، — دەپ قوينىنى ئاختۇرۇشقا باشلايتتى ۋە چىرايلىق خېرىتىنى چىقىراتتى، — بۇگۈن يېڭى چىققان ئىكەن، كىشىلەر باس-باس ئېلىۋېتىپتىكەن، مەنمۇ ساڭا بىر كىيىملىك ئالغاچ كەلدىم. قارىغىنا، قانداق سىپتا رەخت، قانداق چىرايلىق...

گۈلنەزەر بولسا ئەركىلەپ تۇرۇپ دەيتتى:

— بىكار ئاپسىز ئىمام، قايسى كۈنكىنى تېخى تىكمىگەن تۇرسام، يەنە بۇنى ماڭا ئالغىچە ئۆزىڭىزگە شىملىق ئالسىڭىز بولماسمىدى؟ ھىلىقى كوك شىمىڭىزنىڭ تىزى سۇزۇلۇپ قاپتىكەن... بۇنى بىكار ئاپسىز.

— ياق گۈل، بىكارغا ئالمىدىم، پۇلغا ئالدىم...

گۈلنەزەر يەنە كۈلۈۋېتەتتى. يا توقۇش، يا تىكىش، يا سوكۇش، يا ئۇقۇش ۋە يا خېمىر ئىشىنى قىلىۋەرگەن بولاتتى. ۋە ياكى: ئىمام ئاشنىڭ تۇزىنى ئوتلاپ بېقىڭا، تىتىدىمكىن... دەيتتى. يا بولمىسا ئىمام مۇھەممەت: كەمزۇلىڭىزنى دەزماللاپ قويىۋۇدىم، يوتكۈۋېلىك... دىگەنلەرنى ئاڭلايتتى ۋە:

— گۈل، مەن نىمە ئىش قىلاي؟... دىسە: — ياق، قويۇڭا

ئىمام، ئۇزەم يېتىشىمەن، دەيتتى. ئۇلار بىر بىرىنى ئىمام-گۈل دەپ ئاتاشنى بەك ياقتۇراتتى.

كۈنلەر كۈلدۈرۈپ، كۆكۈللەر كويدۇرۇپ ياشلىق باھارىنىڭ گۈزەل چاغلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردىكى شۈبھىلىك ئەھۋاللار ئاشقا چۈشكەندەك ھالەتنى ئىپادىلىسمۇ، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ بىر بىرىنى ئاياپ، بىلىندۈرمەسكە تىرىشقانلىرىدىن بۇ خاھىشلار يوشۇرۇن ھالىتىنى ساقلىغان ئاغرىقتەك ئۆتۈپ، ھايات ئۆز ئېقىمىدا بېرىۋەرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئاقىۋەت تېخىمۇ يامانلاشقىنى تۇردى. گۈلنەزەرنىڭ رەڭگى-رۇخسارىدىكى كۈندىن-كۈنگە ئۆزىنى كورسىتىپ بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ئىچى پۇشقان، ياق، ئىچى ئاغرىغان ئىمام مۇھەممەت ئىپىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

—گۈل، مۇشۇ كۈندە نىمە بولۇپ يۈرۈيسەن؟ بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇيا؟...

—ياق، ھېچنىمە بولۇۋاتقىنىم يوق...—دىدى گۈلنەزەر ئوچاققا تارشىنى ئوشتۇپ سېلىۋېتىپ سالقىن بىر قىياپەتتە.

"بەلكى بالا تۇغمىغىنىغا كۆڭلىنىڭ يېرىملىغىدىن بولسا كېرەك" دەپ ئويلايتتى ئىمام مۇھەممەت ۋە "كۆڭلى كوتىرىلسۇن" دەپ كىنو، تىياتىرلارغا ئەمدى ئاۋالقىدىن كوپرەك ئاپىرىدىغان، ياخشى، تاكسۇق، چىرايلىق نەرسىلەرنىمۇ كوپلەپ كەلتۈرىدىغان بولدى. گۈلچۇ؟ گۈل ئەمدى ئۇنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ تەكلىپ قىلغان نەرسىلىرىگە نەزەر قىلمايتتى. قىلغاندىمۇ ماندا قالا

ئېلىپ ئەرزىمەس نەرسىلەرچە ئۆتسىۋاتقان يەرلەرگە قويۇپ قوياتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ خۇددى ئاپتاپقا تاشلانغان بېلىقتەك ئىچ-ئىچىدىن تىت-تىت بولماقتا ئىدى. چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىپ، تولا ئۇھ تارتاتتى. ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك ئىسەدەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى. كېچىلىرى، يا كۈندۈزى ئۆي خالى چاغلاردا ئاۋازىنى چىقارماي تازا يىغلاپ-يىغلاۋالاتتى-دە، شۇنىڭ بىلەن كوڭۇل-كوكسىنى بوشىتىۋالغاندەك بولاتتى. لېكىن سىرىنى ھېچكىمگە تىنمايتتى:

"كاشكى دادام بولسىمۇ، — دەپ ئويلىدى گۈلنەزەر ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، — ھېچبولمىسا، ئەيمىنىش يۈزىدىن مۇنداق ئەھۋاللار بولماسمىدىكىن..." ئۇ رەھمەتلىك دادىسىنى ئەسلەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋەتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. يىغىدىن بولەك دۇنيادا كوڭلىگە ئارام بېرىدىغان ھېچنىمە يوقتەك تۇيۇلاتتى.

"توختا... — دىدى ئۇ ئۇزاق خىيالدىن كېيىن ئۆز ئۆزىگە، — يىغا ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتىغۇ؟ ئاجىزلىقىدىن يىغلاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئايىلى ئازمۇ؟!... ئەمدى مەنمۇ يىغلاپ يۈرەيمۇ؟ نەدىكى بىر ئولەمەن، بىچارىلەردەك يىغلاپ ئۆتەيمۇ؟!... مۇشۇنچىلىك بىر تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالماي-ھە؟..." شۇلارنى دىدى-دە، غەيرەتكە تولغان گۈلنەزەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

## VI

ياخشى كۆنلەرنىڭ بىرىــدە، ھېيتكا مۇنارىـسنىڭ تۈۋىدە ئاق پەرەنجىگە پۈركەنـگەن، يۈزىگە قارا چۇمبەت تارتقان بىر ئايال كىمنىدۇ كۈتۈۋاتقاندەك تۇراتـتى. بۇ قايـسىبىر كۈنى ياش زەرگەر ئىمام مۇھەممەت ئۇستىنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ چىققـ ۋاتقىنىنى بىر غىل-پاللا كورۇپ قالغان ئايالغا خۇددى قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغۇ؟... بويى، تەقـقى-تۇرقـىمۇ، كىيىم-كىچەكـلىرىمۇ، نازۇ-نازاكەتلىرىمۇ ۋە ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ ھەر بىر ھەركەتلەنگىنىدە قارا خۇرۇم توپلىيىنىڭ غىڭشىشلىرىمۇ خۇددى شۇنىڭ ئۆزىغۇ؟... بۇ شۇمىدۇ يا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بولەك بىر ئايالمىدىمۇ؟... ھەي!... بۇ قەشقەردە ئۇنداق ئايال ئازمۇ...؟ بۇ ھەقتە ھېچكىمنىڭ ئوپۇل-توپۇل بىر قارارغا كېلىشى تەس بولۇپ تۇرغىنىدا، دۇكىنىدىن يانغان ئىمام مۇھەممەتـنىڭ شۇ يەرگە كېلىپ قالغىنى تولىمۇ ئوبدان بىر ئىش بولدى-دە، چۇنـكى زەرنى زەرگەر تونۇيـدۇ ئەمەسـمۇ؟... چوقۇم شۇنىڭ ئۆزى...

مانا، ئۇ ئايالنى كورۇش بىلەنلا ئىمام مۇھەممەتمۇ قادىلىپلا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئوتكۇر كوزلىرى ئاشۇ كۈنكى قاراشلىرىـ نىڭ چالا قالغان قازاسىنى ئادا قىلىۋاتاتتى. پەرەنجە ئىچىدىن ساز كۈلكە ئارىلاش ئۇن چىقتى:

— تونۇۋالغاندەك نىمانچە قاراۋېرىدىغاندۇ؟
— تونۇسامىمۇ تونۇغاندىمەن، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپلىغۇ؟
— ھەئە، ئۇزلىرىنى قاچان كېلىدىكەن دەپ ساقلاپ تۇرۇشۇم.
— ئۇنداق بولسا مانا مەن كەلدىمغۇ.
— كەلگەنلىرى تولىمۇ ياخشى بولدى، جۇرسىلە.
— نەگە؟
— نەگە بولاتتى، بارسا كەلمەس يەرگە.
— ۋاي نىمانداق قورقىتىدىلا ئادەمنى؟... بارسام كېلەلمەمدىمەن؟
— كېلەلمىسەك تۇرۇپ قالارمىز.
— كەچ بولۇپ كەتسچۇ؟
— كەچ بولۇپ كەتسە قونۇپ قالارمىز.
ئۇلار شۇنداق شىرنە-شېكەر چاخچاقلار بىلەن قەيەرلەرگە بېرىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. سوز-چاخچاقلار ئارىسىدىكى ئاز جىملىق پۇرستى چېغىدا پەرەنجە ئىچىدىن "خوتۇنلىرى بارمۇ؟" دىگەن سوئالنىڭ چىققىشى يىگىتنى بەكمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. چۈنكى "خوتۇنى بار تۇرۇپ خوتۇنۇم يوق دىسە، ئەمرىدىن جۇدا بولىدۇ..."غان ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەپ-قائىدىسىنى ئىمام مۇھەممەت ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، كوتمىگەندە چاقماقتەك تۇيۇقسىز چىققان بۇ سوئالغا نىمە دىيىشىنى بىلمەي ھولۇققىنىدىن دەرھاللا سوئالنى سوئال بىلەن كوممەكچى

بولدى:

— ئۇزلىرىنىڭ ئەرلىرى بارمۇ؟

— بار-يوقنىڭ ئارىلىغىدا.

— ئاتلىرى نىمىدى سىلىنىڭ؟

— ئېتىمىما؟ ئېتىم تەلەيخان، — تەمكىن جاۋاپ بېرەتتى ئايال.

— تەلەيخان... ۋاي ئەجەپمۇ ئۇزلىرىدەك چىرايلىق ئات ئىكەن.

— ئېتىم تەلەيخان بولغان بىلەن ئۇزەم بىتەلەيمەن.

— سىلە قاتارلىق بىر كىشىنىڭ تەلەيسىزلىگىگە ئىشىنىش مۇمكىنمۇ؟

— مۇمكىنگە ئوخشايدۇ.

— ۋاي تاگەي، مېنىڭ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ...

ئايال ئالدىرىماي يۇرۇپ باراتتى، يىگىت بولسا ھە دەپ كەينىگە سورەلمەكتە ئىدى:

— توختىسىلا، نەگىچە بارىمىز؟ — دىدى ئۇ ئايالغا.

— ۋىيەي، مېڭىۋەرمەمدىلا؟ تازا بىر توخۇ يۇرەك ئوخشىماملا؟

— راستىنى ئېيتسام بەك قورقۇۋاتىمەن.

— نىمىشقا؟

— راستىم، ئومرۇمدە مۇنداق يولغا مېڭىپ كورمىگەن ئىدىم.

— راست ئېيتىۋاتامىلا؟

— ئەزبىرايى خۇدا، يالغىنىم يوق.

ئايال كۈلۈۋەتكىنى تاسلا قالدى ۋە:

— يالغان سوزلەۋاتىلا، — دىدى.

— ياق، ياق، بۇ دىگەنلىرى مۇتلەق توغرا ئەمەس، قەسەم ئىچىپ بەردىمغۇ، ئىشەنمەيۋاتامىلا؟ تېخىمۇ يوغان يەردىن قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ يا؟

— ياق بولدى، كېرەك ئەمەس، قەسەم دىگەن ۋىجداننىڭ ئىشى، بۇ يولغا قەسەمنىڭ كېرىگى يوق. — ئايال مېڭىشىدا داۋام قىلاتتى.

"قەسەم دىگەن ۋىجداننىڭ ئىشى..." ئىچىدە ئاستا تەكرار-لايتتى يىگىت. بىر چاغدا گۈلنەزەرنىڭ گۇمىنىغا ئۇنىڭ "خۇدا ھەققى، ماڭا ئىشەنگىن گۈل، مۇبادا مەن ساڭا قارا سانايدىغان بولسام، ۋىجدانىمغا لەنەتلەر بولسۇن" دىگىنى يادىغا يەتمەكتە ئىدى.

— توختىسىلا دەيمەن، — ئۇ مۇشۇ يەردە توختاپ بىر دەم سوزلەشمەيمىزمۇ دىمەكچى بولدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كورە مەدىنىرەك قىلىپ، — مەشەدە توختاپ سوھبەتلەشمەيمىزمۇ، — دىدى.

— ماقۇل، سوھبەتلەشسەك سوھبەتلىشەيلى، — دىدى ئايالمۇ ۋە ئاستا توختىدى. يىگىت يېقىنداپ:

— سىلە بىلەن بىز تونۇشمايدىغان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن يۈزلىرىنى ئىچىۋەتمەملا؟ — دەپ تاتلىق كۈلدى.

— مانا ئاچتىم، ھە، ئەسسالام، — دېدى. بۇ گۈلنەزەر ئىدى.

— ھوي... — تووۇلىۋەتتى ئىمام مۇھەممەت بىردىنلا يۈرىكى گېلىغا قاپلىشىپ، نەپىسى بوغۇلۇپ تىنالمايىۋاتقاندەك قېتىپلا قالدى. گۈلنەزەر قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ قاتتىق كۈل- كىنىڭ كۈچىگە چىدىيالمىدىمۇ كەينىگە سەل سەندۈرۈلۈپ بارغى- نىچە يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ كوك چىملىق قېشىغا كېلىپ ئەر- كەكلەرچە زوڭلا ئولتۇردى. ئاندىن كۈلكىدىن توختاپ شۇنداق قاتتىق يىغلاشنى باشلىدىكى، ئۇنىڭ پىغانۇ- پەريادىنى ئاڭلار بولسا، تاغمۇ تاقەت قىلالماي، تاشلارمۇ ئېرىپ كەتكەن بولار ئىدى.

تاتلىق كۈلكە ھەم ئاچچىق يىغا...

بۇ، ھاقارەتلەنگەن مۇھەببەتنىڭ نەپرەتلىك غەزەپ كۈل- كىسى، ئېغىر نومۇسنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئىدى. يىگىت بولسا توپىلىق يولدا خىجالەت تەرلىرىدىن تورەلگەن لايغا پېتىپ، يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەك ئېغىر ئىزا ئالدىدا مەھكۇمانە باش ئېگىپ تۇراتتى.

1966 - يىل 20 — 25 - دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# خەلمە

ياپىلاق يارقىلدايدۇ يار بېشىدا،
نىمە ئۇ، يوقىنىڭ كۇنى بار قېشىدا.
دوست بولۇپ قەست قىلىشتىن ساقلا خۇدا،
قاشىقىرمۇ قەست قىلمايدۇ يولدىشىغا.
— قازاق ئۇلېڭىدىن.

— ئىست-ئىست... خەلمە ئەجەپمۇ بالىدى، كوز تەككەن-دەك بوپتۇ-دە، بىچارە، تۇگىشىپلا كېتىپتۇ. قاراڭلارا ئۇنىڭ ئەپتىنى...

ناۋايخانا ئالدىدا تۇرغان بىر توپ كىشىلەر خەلمە ھەققىدە ئەنە شۇنداق ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى ئىزھار قىلىشۋاتاتتى. كىمدۇ بىرسى:

— نىمە بولغان ئۇنىڭغا...، — دەپ سوراپ قالدى. سورىغۇ-چىغا لاپپىدا قارىغان ئاقاي (ئەسلى ئېتى ئاقىلبېك) دىگەن چالا قازاق ئۇزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان جوۋەندە تىلى بىلەن خەلمە ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— خەلمە كەلدىباي دىگەن گاداي چارۋىچىنىڭ يالغۇز

قىزى ئىدى، ئۇنى قابانباي دىگەن كىشىگە توقاللىققا بەرگەن. ئون ئالتە ياشلىق خەلىمىنى توقاللىققا ئالغان چىغىدا قاباكەڭ (قابانباي ئاكاڭ دىگىنى — ئاپتور)نىڭ ئۆزى ئاتمىش ئالتە ياشتا بولسىمۇ، ئەمما قىزنى چال ئاكاڭ ئالماي، مال ئاكاڭ ئالغان. يوقسۇزلۇقىنىڭ ئىغىر تىغى گەجگىسىدىن باسقان كەلدىباي ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى قىزى خەلىمەنى قالىڭ مالغا — يۈز باي- تالغا بىرىۋەتكەن. خەلىمەنىڭ نالە-زارى، ئاھۇ-پەريادى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا كار قىلمىغان يەردە قابانبايغا كار قىلات- تىمۇ، خۇداغىمۇ كار قىلمىغان. قابانباي كاپىرنىڭ ئۆزىمىغۇ ئۇنداق-مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، ئۇ، ھازىرقى بەيىبچە (چوڭ خوتۇنى) باغىلەنىمۇ خەلىمەدىن كىچىكرەك چىغىدا توقاللىققا ئالغان ئىدى. باغىلە بولسا ئورتا چارۋىچىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ توقاللىققا بارمايمەن دەپ بولەك بىر يىگىت بىلەن قاچقىنىدا ئىز قوغلاپ تۇتۇپ كىلىپ، يىگىتنىڭ يۈزىگە قارا سۈر كەپ، بوينىغا كويەك① باغلاپ، ئاتقا تەتۈر مىندۈرۈپ، قام- چىلاپ، ئۇرۇپ ئەلگە ئىبرەت قىلىپ ئاۋۇل ئارىلاتقىنىنى ئەل ھىلىغىچە ئۇنتۇغىنى يوق. قامچىسىدىن قان تامىدىغان قابانباي ئەنە شۇ باغىلەدەك قىزنىمۇ كوندۇرگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ قامچا بىچارە خەلىمەنىڭ بىشىدا ئويناپ، بايقۇشنى قانداق

---

① كويەك — قوشقار ۋە تىكىلەرنىڭ ئالدىنى توساپ قويىدىغان كىگىز شالدۇرۇق.

هالغا چۇشۇرگىنىنى قاراڭلارچۇ...

خەلىمە يەنە كەينىگە قايتىپ، ئۆزىچە ئىمىلەرىندۇر سوزلەپ ناۋايخانا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوك قاپىغى كوپ-كوك ئىششىق، سول تەرەپ پېشانىسىدە سۇرۇلگەن يارا ئىزى بار ئىدى، "قاچتى، كەتتى، كاپىرنى قاراڭلارچۇ..." دەيتتى ئۇ.

— خەلىمە ئېيتقىنا، كىم ئۇ قاچقان؟...— دىدى ئاقىلىبېك.

خەلىمە ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ جاۋاپ بېرەتتى:

— ھىلىقىچۇ، ھىلىقى... كىم ئىدى ئۇ؟...— ئۇ، تېڭىرقاپ توختاپ، ئوت چاقنىغان كوزلىرىنى نېرىغا تىكتى-دە، بىردىنلا ئىنتىلىپ،— ئەنە... ئەنە قاچتى، ھەي توختا دەيمەن، توختا دەيمەن، بەربىر ساڭا يېتىمەن،— دەپ يەنە جېنىنىڭ بېرىچە يۇگۇردى. بارغانسېرى چوك-چوك سەكرەپ بېرىپ ئىمىنىدۇ-چىك قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى ۋە "تۇتۇۋالغىنى" بىلەن پومۇداقلىشىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن مىقتاپ-ئىنقتاپ، پۇتى بىلەن يەرنى تىرەجەپ ئېلىشاتتى. تىپىرلاپ، تەرلەپ، چىك چىشلىگەن لەۋلىرى كوكۇرۇپ، كېيىن ئوت ئالغان كوز-لىرى بىلەن ئوزىنىڭ قۇرۇق ھاۋانى قۇچاقلاپ قالغان كوكسىگە جىددى ئىزلىنىپ قارىدى-دە، ئۇ يان-بۇ يان تەلمۇرگەچ ئورنىدىن قوپتى ۋە:

— ھە، يەنە قاچتىڭمۇ؟ خەپ سېنى خەپ... ھىم، توختاپتۇر بەلەم...،— دىدى. ئۇ يەنە كەينىگە يېنىپ، ناۋايخانىنىڭ ئالدى بىلەن ئوتۇپ توت كوچا تەرەپكە ئۇدۇل كەتتى، بۇ قېتىم ئۇنى

ھېچكىممۇ قىچقارمىدى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى تىككەنلەر يەنە شۇ بايقىدەك ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى.

خەلىمە ھەقىقەتەنمۇ كېلىشكەن كېلىنچەك ئىدى. ئۇنىڭ خوش پىچىم زىلۋا بويىغا بېلىنى تار قىلىپ تىكىلگەن مايسارەڭ دۇخاۋا چاپىنى شۇ قەدەر ياراشقان ئىدىكى، ئۇ چاپاننىڭ پەشلىرىنى چۆرىدەپ سەل-پەل چىقىپ تۇرغان قىزىل كۆينەكنىڭ كەشتىلىك ئېتەكلىرى خۇددى بۇ چىرايلىق چاپاننىڭ پەشلىرى چۆرىسىگە گۈلدىن چىلتەك تۇتقاندەك كۆرۈنەتتى. گۈل كەشتىلىك يېشىللىققا چۆمگەن زىبا قامەت ئۈستىدىن تاراملاپ ساڭگىلىغان نىمكەش سېرىق گىجىم رومالنىڭ چۇچىلىرى ئارىسىدىكى سۇمبۇل چاچلار بىلەن ئويۇنىشىۋاتقان كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ ۋاللىدىشى شۇ قەدەر مۇناسىپ كەلگەنكى، ئەگەر ئۇنى شۇ تۇرقىدا كۆك ئارال ياكى چۆرىلىرى چىمەنلىك سۇ بويىدا كۆرگەن كىشى گويا بۈيۈك بىر سەنئەتكار تەرىپىدىن يارىتىلغان مەنزىرىگە گۈزەللىك نۇرلىرىنى چېچىپ تۇرغان ئاجايىپ ساھىپجامال پەرىشتىنىڭ رومانتىك ۋە لىرىك رۇخسارىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ھالبۇكى، ھازىر خەلىمە رەڭگى-روھىدىن ئازغان. رەڭگى-روھىدىنلا ئەمەس، ئەقلى-ھوشىدىنمۇ ئاداشقان ”جىندى خوتۇن“ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يەنە گۈزەل ئىدى.

يازنىڭ كۆكۈلۈك كۈنلىرىدىن بىرسى ئىدى. بۇلبۇللار ۋەتىنى بولغان ئالتاي دەرياسى بويلىرىدىكى بۈك-باراقسان

يېشىل تونقايلاردا بۇلبۇللار ساداسى شوخ ئوركەشلىگەن ئوپىناق سۇغا تەڭكەشلەنگەندەك ھەر يان ئۇرغۇيتتى. سۈزۈك ئاسماندا بولسا تورغاي-لارنىڭ مەرغۇل-لۇق ناۋاسى ياڭرايتتى. ئوزەن بويىدىكى كوپ-كوك چوپ-چىمەنلەرنى ئارىلاپ بىر توپ كالىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. نېرىراقتا، توگمەننىڭ يۇقۇرىسىدىكى يوغان تېرەك تېگىدە بىر توپ يىلقا چىۋىنداپ، بەزەن پۇرقۇپ ۋە بەزەن قۇيرۇغى بىلەن ئوزلىرىنى يەلپۈپ تۇرۇشاتتى. ئوزەننىڭ نېرىقى ياقىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭدە، ئوت-چوپ قاپلاپ كەتكەن ئايرۇپىلان ئىستانسىدا بولسا، قوش قاناتلىق بىر جۈپ ئايرۇپىلان خۇددى قانىتى سۇنغان كوك چىكەتكىدەك ئاپتاپتا قاغجىراپ ياتاتتى. مانا شۇنىڭ يۇقۇرىسىدا، مويكىننىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ باغرى تۈزلۈكتە سەككىز ئوتاۋدىن تەركىپ تاپقان بىر ئاۋۇل قونغان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئاپپاق، ھەيۋەتلىك يوغان ئوينىڭ تورىدە قوش ياستۇقتا يولەنگەن قابانباينىڭ بەيبىچىسى باغىلە بورلىغان سىيىردەك پۇشۇلداپ، چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئالا بولۇماچ سىرلانغان قاتار-قوبدى (ساندۇق)لار ئۈستىگە يىغىلغان بىساتلار توپىسىدە توگولۇپ ياتقان قارا ئالا مۈشۈكمۇ باغىلە بىلەن بەسلەشكەندەك تازا كېلىشتۇرۇپ خورەك تارتىۋاتاتتى. تالادا بىرسى سېرىق مىس چوگۈننى موسىغا ئېلىپ قويۇپ، ئوزى تىزەك ئوتىنىڭ توتۇنىدىن قاچقاندەك كېلىپ كىگىز ئوينىڭ سايىسىدا ئورچۇقنى ئوينىتىپ يىپ ئىگىرىۋاتاتتى. بۇ خەلىمە ئىدى. شۇ ئەسنادا

يىراقتىن كىمنىڭدۇ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هاي... موزاي ئىمۋالدى... هاي موزاي...

خەلمەنىڭ چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن تەڭ، قايناپ تاشقان چوگۇن تىزەك ئوتىنىڭ كۈلىنى پۇرقىتىۋەتتى، ئۇ چوگۇننى موسى بىلەنلا ئوتتىن نېرى قىلىپ قويدى-دە، ئوزى ئۆزەن تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى. موزايلار خاتىرجەم ئوتىلاۋاتقان، بەزىلىرى ياتقان ۋە بەزىلىرى بىر-بىرسىنى يالىشىۋاتقان ئىدى. ئۇ ئۇ يەردىكى خاتىرجەملىكنى تاماشا قىلىپ، سۇ بويى بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. قويۇق توقاي قويىدىن توغرا توساپ ئاتلىق بىرسى چىقتى. بۇ ئەبىش ئىدى. ئەبىشنى كورۇش بىلەن خەلمەنىڭ يۈرىكى ئوت ئېلىپ، دۇپۇلدەپ، كوزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ، ئويناق كوزلىرىنى ئېھتىيات تەرەپلىرىگە يۈگۈرتتى. ئاندىن يېقىنداپ كەلگەن ئەبىشكە قاراپ تەرىپىگە تەسۋىر ئەتكۈسىز بىر تاتلىق كۈلۈمسىرىدى ۋە نىمە ئۈچۈنكى ئىختىيارسىز هالدا كوزىگە لىققىدە ياش ئالدى:

— بۇ سەنمۇ، ئەبىش؟

— سالامەتمۇ سەن خەلمە؟

— شۈكۈر، ئوزەڭ ئامان-ئېسەن يۈرەمسەن؟

— مۇشۇنچىلىك يۈرۈپتىمەن.

— يوغان ئاتقا مىنىپ مىرزا بولۇپلا كېتىپسەنغۇ؟

— هەئە، ئوكۈزگە تۇققان كۈن موزايغىمۇ تۇغار دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ مېنى قاتما تون، كون شالۋۇرنى تېقىمداپ،

ئومۇر بويى چولاق ئوكۇزگە مىنىشكىلا يارىتىلغان دەپ ئويلايتتىكمۇ؟ — ئوز ئوزىگە زوقلانغان ۋە مەغرۇرلانغاندەك ئەبىشمۇ مېھرىبىلىك بىر كۇلۇمسىرىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇغداي ئوڭ ھوسنى خەلىمەگە پۇتۇن ئالەمنىڭ خوشاللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلغاندەك كورۇنۇپ كەتتى.

ئەبىش ئات ئۇستىدە قىشايدى. خەلىمە قولىنى كۇنگە دالدا قىلىپ ئېگىز قاشتا — كوك چىم ئۇستىدە تۇراتتى. جىرەن قاشقا ئات بولسا، ئېغىزدۇرۇغىنى چايناپ. ھە دەپ تىزگىن سىرىپ ئەركىلەيتتى.

— نىمە قىلىپ يۇرۇيسەن؟ — سورىدى خەلىمە.

— باينىڭ بوتىسىنى ئىزدەپ يۇرۇيمەن. راستىمنى ئېيتسام سېنى كورگۇم كېلىپ بانا ئىزدەپ يۇرىمەن.

— ھە، راست، ھايھايلىغان سەنمۇ؟

جاۋاپ ئورنىغا يەنە بايقىدەك تاتلىق كۇلكە يېگىت.

— مېنىڭ تەتۇر تەلىيىمگە تەقدىرنىڭ يازغىنى شۇ ئوخشايدۇ. تارتماسقا ئىلاجىم يوق ئىكەن. ئەمدى ئەبىش مېنى ئۇنتۇپ قال.

— سېنى ئۇنتۇشقا بولارمۇ خەلىمە؟ سېنى ئۇنتۇش گۇنا...

ئۇلار ئۇنىڭدىن زىيادە سوزلىشەلمىدى. كىمنىڭدۇ يېقىنلا يەردە قاقىرىپ يوتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ ئوچەي دەپ قالغان ھەسرەت ئوتلىرى ئۇستىگە يېڭىدىن ياغ سېپىلگەندەك بولدى. ھەر ئىككىسى ئوز تەرەپلىرىگە كەتتى. ئۇلارنىڭ

سۇ بويىدىن كېلىۋاتقانلىرىنى كورۇپ قالغان ئۇرازبېك بىرگە ئۇننى قېتىپ، يالغانغا ياۋداقنى چېتىپ، قابانبايغا خوشامەتتىن سوغات. يەتكۇزدى. بۇنى ئاڭلاپ يىرتقۇچلارچە قەھرلەنگەن قابانباي خەلىمەنى چېچىدىن چاڭغىراققا ئېسىپ قويۇپ تۇن بويى تاكى قولى تالغىچە قامچىلىدى. ئەتىسى ئەقلى ـ ھوشىدىن ئېزىپ ئۇيغانغان خەلىمە ئاشۇ بىز كورگەن سەرسانلىق كوچىسىدا سەرگەردان بولۇپ يۇرگەن "ساراڭ خوتۇن"غا ئايلانغان ئىدى.

جۇت ـ شۇرغانلىق كۇنلەرنىڭ بىرسى ئىدى. خوجايىنىم مېنى ئاتقا يەم ئېپكېلىشكە بۇيرۇدى. مەن گىر (ئاشلىق بازىرى)دىن يارغان پۇرچاق سېتىۋېلىپ, ئۇنى مشكاپتا يۇدۇپ، يېڭى مەھەللىدىكى ساقچى ئىدارە بار كوچا بىلەن كېلىۋاتاتتىم. كوۋرۇككە يېقىن كېلىشىمغىلا يان كوچىدىن خەلىمە ئالدىمغا شۇنداق قاتتىق يۇگۇرۇپ چىقتىكى، ئۇنىڭ ئەپتى ـ بەشرىسىنى ۋە چانىغىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيگەن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كوزلىرىنى كورۇش بىلەن ھەتتا تاغارنى تاشلاپ قېچىشقا تاسلا قالدىم. ئۇ شۇنچە پەرىشان ئىدى، چاچلىرى چۇۋۇلغان، چاپىنىنىڭ قايرىلغان پەشلىرى ئارقىدا ئاللىقانداق يەلپۇللەيتتى. ئۇ ئۇدۇلۇمدىن ئۇچقاندەك ئوتتى ـ دە، يوغان دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغان قوراغا كىرىپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ نىمىدىن شۇنچە قورققىنىغا ھاڭ ـ تاڭ ئىدىم. ئاڭغىچە كوۋرۇككە كېلىشىمگە خەلىمە قېچىپ چىققان ھېلىقى كوچىدىن غەلىتە

بىر ئادەم ئالدىمغا چىقتى. مەن ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپلا، ئاشۇ بىر چاغدا ناۋايخانا ئالدىدا توپلىنىپ تۇرغان كىشىلەرگە ئاقىل- بېك ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا نامىنى ئاڭلىغان قابانباي ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ماڭا يىلانىنىڭكىدەك كوزلىرى بىلەن سەت بىر قاراپ:

— ھەي، خوتۇن كوردۇڭمۇ؟ ساراڭ خوتۇن قايان كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە كوردۇم. ئاۋۇ نېرىقى كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئوتۇپ كەتتى، — دېدىم مەنمۇ قازاقچىلاپ. يالغان ئېيتتىم. ئۇمۇ بىلىۋالدى-دە، ماڭا ھومىيىپ بىر قاراپ قويدى. ئەمما ھېچ- نىمە دېمىدى. بىر قولى بىلەن كوك مۇشۇكىنىڭ قۇيرۇغىدەك بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى. شۇ چاغدىلا ئارقىسىدىن ئاستا يېنىغا چۇشكەن يەنە بىر قولىدا سارالا قامچا تۇرغىنىنى كوردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەينىگە ئورۇلدى-دە، ماڭدى. مەنمۇ كەينىدىن سەپسىلىپ مېڭىۋەردىم. ئۇنىڭ قارا تەقىيە دوپپى- سىنىڭ توۋەنىدىكى بوينى خۇددى بوقىنىڭ بوينىدەك تۇرۇم- تۇرۇم ئىدى. قارا چىپەرقۇت چاپىنىنى تاغاردەك كەڭ ۋە كەشتىلىك شىمىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان؛ پۇتىدا بولسا، ھەر بىر پېيى پۇتۇن بىر كالىنىڭ تېرىسىدە تىكىلگەندەك ئاجايىپ يوغان، قونچى سالپاڭ، ئاق كىگىز پايپاق بىلەن كىيىۋالغان كېلەڭسىز ساپلىما ئوتۇگى بار ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا پايپاسلاپ مېڭىش- لىرىنى كورگەن كىشى بەئەينى بەزى ئاجايىپخانىلاردىكى قۇيرۇغى يوق قارا ئېيىقنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇشى تامامەن

مۇمكىن ئىدى.

قىش كېتىپ ياز كېلىۋاتاتتى. كوچىلار كوكۇلسىز پاتقاقلار بىلەن كورۇمسىز ئىدى. ئۇ يەر-بۇ يەردە، تاغ ئېدىرلىرىندا قېپقالغان قار قالدۇقلىرى ئۇمىتسىزلىك تەسكەيلىرىدىن مەيۇسانە مارىلىماقتا ئىدى. دەريا بولسا خۇددى پاختا كارۋىنىدەك، ئاپپاق قارلار بىلەن قاپلانغان مۇز توركۇملىرىنى يۇكلەپ شاۋ-قۇن-چۇقانلىرىنى سۇرلۇك ياڭرىتىپ ئوركەشلەپ ئاقاتتى. شەھەر كوچىسىدىن دەرياغا چۇشىدىغان ئېرىقنىڭ ئايىغىغا يىغىلىپ قالغان سۇدا بىر جۇپ ئالا ئودەك باھارغا ئاتاپ بويىنى سۇغا سېلىۋاتاتتى. نېرىراقتىكى دوڭدە بىر توپ باللار لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتاتتى. دەل شۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ئاسماندا باھارنىڭ تۇنجى غۇنچىسى بولغان بىر جۇپ سار ئايلىنىپ دائىرە سىزىۋاتقاندەك چورگىلەيتتى. ئەپكەشكە ئىككى چېلەكنى ئىلغان مەن بولسام تەبىئەتنىڭ كارامەتلىرىنى تاماشا قىلىپ دوڭدىن پەسكە چۇشۇپ باراتتىم. بىردىنلا دۇپۇرلىشىپ دەريانىڭ توۋەنىگە كېتىۋاتقان كىشىلەرگە كوزۇم چۇشتى. كىمدۇر بىرسى سورىۋىدى، كېتىۋاتقانلاردىن بىرسى جاۋاپ بەردى:

— دەريادىن ئادەمنىڭ ئولۇكى چىقىپتۇ! — ئاڭلاپ يۇرىكىم قاتتىدا قىلىپ، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ھىلىقى باللارمۇ لەگلەك-پەگلەكلىرىنى ئۇپۇل-توپۇل يىغىشتۇرۇپ شۇ يان چاپتى. مەنمۇ چېلەكلىرىمنى غىچىرلىتىپ كىشىلەر يېنىدىن ماڭدىم.

ئادەملەر نۇرغۇن ئولاشقان ئىدى. ھەركىم ھەرنىملەر

دەيتتى. ھەيران قالدىغان ۋە ھەسرەتكە سالىدىغان سوزلەر جىق ئىدى. ئۇلۇكنى كورگەنلەر ئاجايىپ سوزلەيتتى. مەنمۇ سوڭگۇپ يۇرۇپ توپ ئىچىگە كىردىم. ئۇ يەردە يېشىنىپ سۇغا سەكرىگەن بىرقانچە كىشى پالتا، لوم تومۇرلەر بىلەن مۇزنى چېپىۋاتاتتى ۋە چېقىۋاتاتتى.

—بۇ تەرەپنى چاپ ئەبىش، بۇ تەرەپنى،—دەيتتى ئاقاي. ئەبىشنىڭ پاقالچاقلىرى خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ لومنى غەزەپ بىلەن ئۇرۇشىدىن يوغان بىر پارچە مۇز قومۇرلۇپ چۇشتى. كوردۇمكى ئەينەكتەك كوك ۋە قېلىن مۇزنىڭ تېگىدە، سىماپتەك سۇزۇك سۇدا، پۇت-قولى قىل ئاغامچا بىلەن مەھكەم باغلىنىپ بويىنىغا يوغان بىر قارا تاش ئېسىلغان ئايال جەسىدى، چۇۋۇلغان قاپ-قارا، قويۇق چاچلىرىنى داۋالغۇغان سۇ يەلپۇتۇپ تارىغان ھالدا ياتاتتى. بۇ، تەڭسىز تۇرمۇشنىڭ گۇناسىز قۇربانى، قازاق قىزى گۇزەل خەلىمە ئىدى.

بۇ ۋەقە 1944-يىلنىڭ باھارىدا، ئالتاي شەھەرلىرىنىڭ بىرسىدە بولغان ئىدى.

1967-يىل 21-ئاپرېل، ئۇرۇمچى.

# سىرلىق ساندۇق

ـــ ئەل قىساسى مىنەلھەق.

"سامۇق خوتۇنىغا كوڭۇلسىز ئىكەن..." دىگەن گەپنى ئاڭلىغانلىكى كىشى "ۋاي سولاش، هالىغا باقىسچۇ؟ ئىلىدىن بىر قوتۇر ئاتنى مىنىپ، بىر قۇر چىبەرقۇت چاپان كىيىپ كىلىپلا شۇ قاتارلىق گۈلدەك خوتۇنىدىن چانغۇسى كەپتىمۇ ئۇ ياغاقنىڭ..." دەپ هەقلىق نارازىلىقلىرى بىلەن نەپرەتلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى.

كامالخان راستىنلا گۈلدەك خوتۇن ئىدى. بوي-تۇرقى، رەڭگى-رۇخسارىغۇ بىر ياقتا تۇرسۇن، ئادەمگەرچىلىگى، ئىنساپ-دىيانىتى، گۈلدەك ئوي تۇتۇشى، ئەپچىللىگى، چىۋەرلىگى بىلەنمۇ كوپچىلىك ئارىسىدا: ئەرنى ئەر قىلىدىغان خوتۇن... دىگەن يۇقۇرى ئىتىۋارغا ئىگە ئىدى.

سامۇق كامالخاننى ئون بەش ياشلىق قىز چىغىدا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى بالىسى بار ئىدى. ئۇ ئىلىدىن ئۈچ يىلدا كەلدى. شۇنىڭغىچە كامالخان ئاز جاپا تارتمىدى. ئويىنىڭ، بالىلارىنىڭ پۈتۈن جاپالىرىنى تارتقاننىڭ تاشايىندا، تا ئەتىيازدىن كۈزگىچە باغ-ۋاران ۋە ئىتىز-ئىرىق ئىشلىرىغا ئاساسلىق كىشى

سوٰپىتىدە قاتنىشتى. قول - پۇتـلىرى چاك - چاك يېرىلغانلىقىدىن قارىماي، كىم ئۇلىدىن كەپتۇ، ياكى ئۇلىغا بارىدىكەن دىسە، كامالخان شۇ يەرگە ئۆتەتتى. ئېرىنىڭ ھالىدىن ئۇچۇر ئۇقمىغىچە كوڭلى ئارامىغا چۈشمەيتتى، ئەنسىرەشلىرى پەسەيمەيتتى. ئۇ ئېرى ساۋۇق ئاخۇنغا ئاتاپ قۇرۇتۇلغان يەل - يېمىشلەردىن خالتىلار ئەۋەتىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىشلىرىغا چۈشلۈق ئېرى ساۋۇقنىڭ ئۈچ يىل مابەينىدە پوتلا ياغلىق قاتارى بىر نەرسە بىلەن ياد ئەتمىگىنىنى ئاز دەپ، مانا ئەمدى كېلىپ بۇ خوتۇنىدىن چېنىشى كامالخانغا ئولۇمدىن ئېغىر چۈشتى. ئۇنىڭ ئاچچىق ياشلىرى قانچە - قانچە باغ كوچەتلىرىنى سۇغىرىپ، قايغۇلۇق كېچىلەردە مۇڭلۇق تەكىيلەرنىڭ سامىنىنى نەملەيدىغان بولدى. ساۋۇق بولسا ھىچ ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلماي ئىلىچە تومغىنى سىڭايان كىيىپ يۈرگەن ئىدى.

ئىلىچە تۇماغىڭنى،
قىرلاپمۇ بۇزۇپ ئەتمە.
ئۇلمىسەك كورۇشەرمىز،
ئۇمىتنى ئۇزۇپ ئەتمە.

دەپ غەزەل چىقتى. ساۋۇق كامالخاننى قويۇۋېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئاللىكىملەرنىڭ قىزلىرىغا ئەلچى قويۇپ ھەممىسىدە دەككىسىنى يىسىمۇ، ئەمما نىيىتىدىن يانمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ

كامالخاندەك خوتۇننى قويۇۋېتىشكە پۈتۈن ئەۋلادى نارازىلا ئەمەس، بەلكى ھەننىۋاسى قاتتىق قارشى بولغىنى ئۈچۈن ئۇي ئوڭاي بۇزۇلماي بىرنەچچە يىللار كۆڭۈلسىزلىكتە ئۆتتى.

”كۆڭۈلسىز كۈنلەر“نىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە ئەڭ ئېغىرى ساموق سەھرادىن شەھەرگە كۆچكىنىدىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئالغىنى تۇردى. بۇ كۈنلەردە بىچارە كامالخان شۇنچە ئىزا-ئاھانەت، دەككە-دەشناملار ئۈستىگە ئەمدى تاياق-تېپىكنىمۇ ئاز يېمىدى. ئۇنىڭ شەھەردىكى ئىككى-ئۈچ يىلى ساموقتا چۈشكەن ئون قانچە يىلدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئاخىر چىدىماي خېتىنى ئېلىپ تۇگەشتى.

ساموق قاتتى-سوقتى قىلىپ، ئۇ، بۇغا چاكمۇزا كىيگۈزۈپ يۈرۈپ شەھەردە بىر دۇكان ئېچىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنى كونا شەھەرنىڭ ئوردا ئالدىدىكى بىر خالتا كوچا دوقمۇشىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەرزان باھا نەرسىلەرنىڭ تولا تۈرلىرى دىگەندەك بار ئىدى، ئۇ، سودا-سېتىق قىلىش ئەسناسىدا ئاياللارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى ھېچقاچان يادىدىن چىقارمايتتى.

ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساموقنىڭ دۇكىنىغا بىر خوتۇن كېلىپ تارشا گۈگۈت سېتىۋالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئىككىسى تونۇشۇپ قالدى. ئۇ خوتۇن ”خەلىچە جىن“ نامى بىلەن پۈتكۈل قەشقەرگە مەشھۇر بولغان بىر دەللال بولۇپ، شەيتانغا دەرس بېرەرلىك مەككارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە دېيىلسىمۇ

لاپ بولمايتتى. ساموۇق كوڭۇلدىكىدەك ياخشى لايىق بولسا ئۇزىنىڭ ئۇيلىنىش نىيىتى بارلىغىنى خەلچىخان ئاچىسىغا ئېيتتى. ئۇ كەسپىگە ئىش تاپقىنى ئۇچۇن خوش بولۇپ كەتتى. ئەتىسى ئۇتتى، ئۇگۇنى خەلچىخان پەرەنچە چۇمبەللىك ئايالنى باشلاپ كەلدى. ھەر ئىككىسى دۇكاندىكى نەرسىلەردىن كوڭلىگە ياققىنىنى ئالدى. ساموۇق بولسا "مەرتلىك مەيدانىنىڭ سىنىغىدىن ئۇتۇش" ئۇچۇن ئۇ نەرسىلەرگە پۇل ئالغىنى ئۇنىمىدى. ناھايىتى كېتىش ۋاقتىدا ھىلىقى ئايال چۇمبەتىنى لەپپىدە قايرىپ پىسىڭگىتە بىر كۇلۇپ قويىدى-دە كەتتى.

ئايال دىگۇدەكلا چىرايلىق، ياش چوكان ئىكەن، ساموۇق، ئۇنىڭ ھوسنى-جامالىنى قانغۇدەكلا كورەلمىگىنى، كوز خۇماردىن چىقمىغىنى ئۇچۇن پايپىتەك بولۇشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ كېلىش-كېتىش، سودا-سېتىقلار يەنە نەچچە تەكرارلانغان بولسىمۇ، ئەمما ساموۇققا ئاشۇ دەسلەپكىسىدىن ئۇشۇۇق ھەسرەت ھارارىتى بېرىشتىن باشقا، ھوزۇر-ھالاۋەت پۇرسىتى نېسىپ بولمايلا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۇنى بولمىسىمۇ كۇن ئارىلاپ دىگۇدەك "خەلچىخان ئاچا"نىڭكىگە سوكۇلدايدىغان بولدى. لېكىن ئۇ گۇزەل جانانىنىڭ سوزىدىن بولەك ئۇزىنى، يا كوزىنى كورەلمەي كوڭلى پاراكەندە ئىدى.

بىر كۇنى كەچقۇرۇنلۇغى ساموۇق شۇ شەرتلىك دەرۋازا ئالدىدىن ئوتمەكچى بولۇپ كەلگىنىدە ئۇ چىرايلىق چوكان بوسۇغىدىن چىقىۋاتقاندا ئۇچراشتى-دە، شۇ ئان ئارقىسىغا

يانغىنىچە كۆلۈپ قاچتى. سامۇق بۈگۈنمۇ ئارماندا قالدى. ئۇ، ئەھۋالنى خەلچىخان ئاچىسىغا ئېيتىپ بەردى، ئۇمۇ كۈلدى ۋە:

— ئاشىق-مەشۇقلۇقنىڭ لەززىتى مانا شۇنىڭدا. كۆپ كۆرۈ-شۈۋەرگەندە ئەتىۋارى بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟ سىلى ئەر كىشىلەر بەك تاقەتسىز بولىسىلەر، كېيىن قېنىشىۋالمامسىلەر؟ توي تەييار-لىقىنى پاتراق ئۇتكۈزسەك، شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىش كوڭۈلدىكىدەك ھەل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

مەشۇقىنىڭ گۈزەللىكىدىن مەمنۇن بولغان سامۇقۋاي "تويلۇق" دېگەنگە كەلگەندە ئۇزىنىڭ پىخسىق-پىششىقلىغىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويدى ۋە تويلۇق ئالغان نەرسىلەرنى خەلچىخان ئاچىسىغا ساقلىغىنى بېرىپ تۇردى. بۇنىڭدىن مەقسەت، بىرىنچىدىن، ئىگىسى كورسۇن دېمەكچى بولسا، ئىككىنچىدىن، نەرسىلەر بىلەن كوڭلىنى ئۇتۇپ، ھازىرچە بولسىمۇ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ تۇرۇش، توي قىلىش-قىلماسلىقنى كېيىنكى ۋاقىتتا كورۇش ئىدى.

بىر كۈنى پېشىن مەزگىلى ئىدى. خەلىچە جىن خوشال كەلدى.

— خوش خەۋەرگە كەلدىم، سويۇنچىگە نىمە بېرىلا؟ — دەپ ئاز چىشلىق ئاغزىنى بولۇشىغا ئېچىپ ھىجايدى ئۇ.

— خالىغانلىرىنى ئالىلا، — دېدى سامۇقمۇ ھىجىيىپ.

— بىر كىيىملىك تاۋار.

— ۋايۇۋي، تاۋار ئايلانسۇن سىلىدىن خەلچىخان ئاچا...

— ئۇنداق بولسا، — دىدى خەلچىخان جىن ”بولسا“ دىگەن سوزنى سوزۇپ، — ئەتە ئاخشا مىلىقا بىزنىڭ ئويگە بارىلا، مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتىلا! — جىن ئۇچقاندەك كەتتى.

”ئەتە ئاخشام...“ ئارىلىغىدىكى بىر كۇن ساموقا قىيامەتنىڭ بىر يىلىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ، يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياستىۋىدى، كونا مەسىنىڭ قونچىدەك قورۇلۇپ كەتكەن يۇزلىرىگە خېلى ئىسكەت كىردى. ئۇنى ئاخشامنىڭ خىرە - شىرە گۇگۇمىدا خەلىچە جىن ئۇزى يالغۇز كۇتۇۋالدى. خەلچىخانمۇ بۇ ئاخشام ئۇچۇن ساموق ئاخۇندىن ئوشۇق بولمىسا، كەم ئەمەس دەرىجىدە ياسانغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالۋاستىنىڭكىدەك جىڭگىلەك چېچى يىلىم بىلەن شۇنچە شىلىملەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇرۇل ئاقلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئەرۋاھنىڭكىدەك رەڭسىز شىرداقلىشىپ كەتكەن يۇزلىرىمۇ ئۇن تاغىرىدىن يېڭىلا سوغۇرۇۋالغاندەك كورۇنەتتى. ئۇ، پۇتى - پۇتىغا، قولى - قولىغا تەگمەي يورغىلاپ ئاجايىپ خوش تەۋەززۇلار بىلەن ساموق ئاخۇننى كۇتمەكتە ئىدى. بۇ ئىشلارغا ساموق ئانچىۋىلا ھەيرانىمۇ قالماي، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھىلىقى چىرايلىق چوكان بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇگۇنكى توييمىزنىڭ شەرىپى ئۇچۇن دەپ ئىچ - ئىچىدىن خوش بولاتتى، بەلكى، بۇ ئىلتىپاتلارمۇ تېخى ئاز دەپ قارايتتى.

— يېڭى ئوتۇك پۇتلىرىنى ئاغرىتىۋاتقان بولسا سىلىۋەتسىلە، —

دېدى تۈزۈك ئولتۇرالمايۋاتقان ساموۇقا جىن، — ئېپكەلسىلە، مەن تارتىۋېتەي، — ئۇ ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ ساموۇقنىڭ ئۆتۈكىنى تارتتى، تۇپىلىرىنى تازىلاپ ئاپىرىپ ئىگىز تەكچىدىكى چىنە - قاچىلاردىنمۇ ئۈستۈنگە ئېلىپ قويدى، — يېتىپ ئارام ئالسىلا، — دەپ قوش ياستۇقنى جۈپلەپ ساموۇقنىڭ بېقىنىغا يۆلىدى. ساموۇق بولسا ئۇيىنىڭ تورىدە، مورىنىڭ تۈۋىدە خۇددى ھەلەپكە تويغان بوقىدەك ئېغىناپ ياتاتتى. خەلچەك بولسا ھىلىدىن - ھىلىغا تالاغا يۈگۈرەپ، يەنە كىرىپ، ھەر قېتىم كىرگىنىدە بىرەر يېڭى خەۋەر بىلەن ساموۇقنىڭ كۆڭلىنى ئۇينىتىپ تۇراتتى. كېيىنكى خەۋىرىدە ئۇ مۇنداق دېدى:

— كىرىمەن دەۋاتقىنىدا ئاكىسى بازاردىن كېلىپ قالدى. ھازىر ئاكام خۇپتەنگە چىكەتسىلا كىرىمەن دېدى... چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟ چاي ئىچكەچ تۇراملا؟ ئۇسسىلىمۇ؟ قەنچاي ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

— ياق، — بېشىنى چايقىدى ساموۇق، چۈنكى گېلىدىن ئۆتمەيتتى. بىر دەمدىن كېيىن سالامنىڭ يوغىنىنى بېرىپ بىر توپ جامائەتنىڭ كىرىپ كېلىشى ساموۇقنى تولىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. خەلچخانىنىڭ يۈگۈرىلىشى بولسا تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. مېھمانلارغا دەرھال داستىخان سېلىنىپ، كەينى ئۈزۈلمەي كەلگەن يىمەكلىكلەر تولۇپ كەتتى ۋە ئاخىرىغا ئۇلاپلا توت لىگەن گۆرۈچ ئاشمۇ ئۇلگۈرۈپ كىردى. ئاش ئاخىرلىششقا يېقىن قالغاندا تۈزغا ئىككى پارچە نان چىلانغان چىنىمۇ يېتىپ

كىردى ـ دە، توزدە ئۇلتۇرغان سەللىلىك (بەلكىم ئىمام ئاخۇنۇم بولسا كېرەك) كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. بۇ نىكانىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇنى كورۇپ ئالاقزادە بولغان ساموق چەكچەيگەن كوزلىرى بىلەن ئىشىك تەرەپكە قارىغىنىدا، ئىشىكنى يېرىم ئېچىپ، گىجىم رومالغا پۇركەنگەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى كورسىتىپ سىڭايان تۇرغان خەلچە جىنىدىن بولەك جاننى كورمىگىنىدىن كېيىن ئالاقزادىلىگى ئەسەبىلىككە ئايلانغىلى، سەپرايى ئورلىگىلى، ئەرۋاھى ئۇچقىلى تۇردى. بۇ چاغدا ھىلىقى ئىمام دىگىنىمىزنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كەكە ساقال، پاكىنەك كىشى ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناپ ئولتۇرۇپ سوزگە كىرىشتى.

ـــ خەلچىخان...، ـــ دەپ بىر توختىۋالدى ئۇ كىشى، خەلچىخان ئاچام دىمەكچىدى، ئەمما بۇلۇڭدا دۇگدىيىپ ئولتۇرغان قارا ساقال يىگىت (ساموق)نىڭ يۈز ـ خاتىرى ئۇچۇنلا "خەلچىخان" دەپ ئاتاشنى لايىق كوردى، ـــ ئون بەش ـ يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە بىزگە تونۇش، ئوبدان مەزلۇم. ساموق ئاخۇن بولسىمۇ ئەھلى سودىگەر ئىكەن. بۇ ئىككىيلەن ئوي ـ ئوتاق بولۇشقا كوڭۇل تېپىشىپ ۋاجىپاتى ئىمان نىكا قىلىپ قويۇشقا جامائەتنى بۇ يەرگە...

ـــ ۋاي تەخسىر، نىمە دەۋاتىلا؟...ـــ دەپ ۋاقىرىۋەتتى ساموق ئورنىدىن خۇددى چايان چاققاندەك چاچراپ تۇرغىنىچە بېرىپ تەكچىدىن ئوتوكىنى ئالدى ـ دە، قوڭالىتاقلا ساپتى، ئۇ ئەمدى ھەقىقى ئەھۋالنى جامائەتكە ئۇقتۇرغىنى تۇردى.

— ھە، تېخى گەپ مۇنداقكەن-دە...، — دەپ يىغا دىگەننى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن خەلىچە جىن ئىشكىنى توغرا توساپ جاۋىلداشقا باشلىدى، — پىچاققا نىكا قىلىپ ئىش ئالىلقاچان پۈتۈپ بولغان؛ يۇرت-جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ئىشىمىزلا قالغان. بىز ئالىلقاچان ئەر-خوتۇن بولۇپ بولغان، ھازىر گۇماندىمەن، ئۈچ ئايلىق بويۇمدا بار، بالىنى ئۇندۇرۇپ قويۇپ ئەمدى مۇنداق دىسە بولامدىكەن...ھۇ...ھۇ... — يىغلايتتى ئۇ.

توي مەرىكىسى بىر دەمنىڭ ئارىلىغىدا ماتەم مەرىكىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇن بەش-يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە ھەممىدىن خەۋەردار جامائەت...بۇ شۇم خوتۇننىڭ رەيىگە قويمىدى.

— ...ۋە يەنە ھەر ئىش بولسا گەپ بىلەن سوز بىلەن...... — دىدى ئىمام-مەزىنلەر، سامۇق ساراڭنىمۇ بۇ ساختىلىق سارىيىدا قويماي ئۇزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىشتى، ئۇلار ئۇزاپ ماڭاردا قاتتىق قاغاشنى باشلىغان خەلىچە جىن ۋاقىراپ-جاقىراۋاتاتتى.

— خەپ توختاپتۇر كاززاپ ئوغرى، ئەدىۋىڭنى بەرمەيدىغان بولسام، ئاناڭدىن تۇغۇلغىنىڭغا مىڭ توۋا، يۈز مىڭ توۋا دىگۈزمىسەم، خەلىچە خوتۇن بولماي قالاي...

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن قەشقەر بازىرى راسا قىزىغان پەيشەنبە كۈنى چۈش مەزگىلىدە، ساموق دۇكىنىنىڭ پۈكىيدە سالاپەتلىك بىرنەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇ يەرگە خەلىچە جىن پەيدا بولۇپ

قالدى، ئۇ گىجىم رومىلىنىڭ پېشىنى يېرىم قارىغان ھالدا ئاۋۇ ئولتۇرغانلارغا مۇلايىم تازىم بىلەن سالام بەردى. ئاندىن قولىدىكى نىمدۇ يوگەلگەن ياغلىقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ــ پۇكەيگە قويۇۋېتىپ سوزلەيتتى:

ــ نەچچە كۈندىن يا ئۇزلىرى ئۇيگە بارمايلا، يا گېلىمدىن بىر نىمە ئۇتمەيدۇ، ئەر دىگەن شۇنداق بولامدۇ؟ نىمىشقا ئۇيگە...

سامۇق ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىۋېدى، قىزىل بويالغان تۇخۇملار يولنىڭ نە-نەلىرىگىچە غىلدىرلاپ كەتتى، ئۇ "يوقال ساراڭ، كوزۇمدىن يوت" دەپ ياغلىقنى خەلچە جىننىڭ بېشىغا ئاتتى. جىن بولسا ۋايجانلاپ، ۋاقىراپ بىشەملىك بىلەن كوچىنى بېشىغا كىيدى. ھاڭ-تاڭ قالغان ھىلىقى كىشلەر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خەلچە جىننى ئالداپ-سالداپ ئاران كەتكۈزدى.

ئۇنىڭدىن كېينچۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋاللار سامۇق ساراڭ بىلەن خەلچە جىننىڭ ئادەتتىكى ئىشى بولۇپ، ئولاشقان ئۇششاق باللار ۋە بىكارچىلىقتىن زېرىككەنلەرنىڭ ھۇيت-ھۇيتلاپ، چاۋاك چېلىپ ئوينايدىغان "كوچا كومىدىيىسى"گە ئايلىنىپ قالدى. ئىزا-ئاھانەت جېنىغا بەك پاتقان سامۇق بىر كۈنى خەلچە جىن ياقىسىغا ئېسىلغاندا "كېتە ساراڭ جىن" دەپ ماندا قىلا ئىتتىرىۋېدى، خەلچە جىن ئۇزىنى يەرگە يۇزىچە ئاتتى-دە، بۇرنىنى مۇشتلاپ قانىتىپ، يۈز-كوزىگە

سۈركەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋايجانلاپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى.
ئۇلاشقان كىشىلەر سالاھ-سۆلىھ بىلەن ئاز-تولا نەرسە ئېلىپ بېرىپ جىننى يەنە يولغا سالدى. ئۇ، ھەممە قېتىمقىلىرىنى قوشقاندا بۇ ئىشتىن ئاز تاپاۋەت قىلمىدى. شۇڭا قانداق چارە، ئۇسۇل ۋە ئىشلار قىلىنغىنى بىلەنمۇ خەت ئېلىشقا ئۇنىماي "بويۇمدا بار" دەپ تۇرۇۋېلىپ، ساموقنى "ئالدىم"غا كوندۇرۇشنى قەستلەيتتى. ئۇ بولسا "ئىقرار"دىن ئۇلۇمنى ئەۋزەل كورەتتى.
بارا-بارا ساموقمۇ بۇ ماجىراغا كونۇپ قالدى. بەزىدە ئۇ "قېلىن دورىسى" ئىچىۋېلىپ زاڭلىقلار، كۆلكىلەرگە ئوزىمۇ قېتىلىپ كۆلىدىغان ۋە ھەتتا قوللىرىنى ئاجايىپ پۇلاڭلىتىپ ئۇسۇلمۇ ئوينايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ خەلىچە جىن ھىچ بىر زېرىكمەيتتى، يا ھازازۇللۇغىنى قويمايتتى.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساموقنىڭ دۇكىنىغا پەرەنجە-چۇمبەتلىك بىر جۇۋان كەلدى. ئۇ، مەشنىڭ كانىيىنى كوردى ۋە:
— نىمانداق جانسىز، ئېزلەڭگۇ كانايلار بۇ...— دەپ كۈلدى.
— جېنى بار-يوقلۇغىنى كېيىن بىلىپ قالىلا خېنىم...،— دىدى ساموق جۇۋاننىڭ كوزىگە قادىلىپ قاراپ،— قورقىماي ئېلىۋەرسىلە، ئۇتتۇرۇۋەتمەيلا...
بۇلار باھادا ئوڭايلا كېلىشىپ قالدى.
— ئېلىشنىغۇ ئالدىم، ئەمدى بۇنى قانداقمۇ ئېپكىتەرمەن؟...
— دىدى ئايال.
— كىرا ھەققىدە رازى قىلالىسىلا ئوزەم ئاپىرىپ بېرەتتىم...

— رازى بولالا...، — دەپ جوۋانمۇ ناز بىلەن تولغىنىپ، ياسالغان قارا قېشىنى بىر ئوينىتىپ قويىدى. ساموق دۇكاننى غاچ-غۇچ تاقىدى-دە، ئەسكى تانا بىلەن توت تال كانايىنى باغلاپ يۈدىگىنىچە جوۋاننىڭ كەينىدىن كونچىنىڭ كۇچىسىدەك ئەگىشىپ ئەگلەكچى كوچىسى تەرەپكە كەتتى.

مەش-كانايلار تېپىشقاندىن كېيىن ساموق خۇددى نەچچە كۈنلەپ يامغۇردا قالغان ئەسكى تاسمىدەك سوزۇلۇپ سىم كارۋاتتا جاق ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ كوزى تورۇسنىڭ قەيەردىگىدۇ قادىلىپ قالغان بولسا، خىيال كوۋرۇگىدىن يەر ۋە تامدىكى چوغدەك زىلچە-گىلەملەر، مىھراپتىكى چايشاپ ۋە قاتمۇقات ئورۇن-كورپىلەر، ھەر يوغان سولەتلىك ساندۇقلار، كوزنى چاقنىتىدىغان جاھاز-جابدۇقلار گويا كى يۈكلۈك كارۋان توگىسىدەك قاتارلىشىپ بىر-بىر ئوتمەكتە ئىدى. ئۇ، ئوزىچە پىچىرلايتتى ۋە ئويلايتتى.

"باي خوتۇن ئىكەن، ئېرىم يوق دەيدۇ. ئەپلەپ-سەپلەپ بۇ خوتۇننى قولغا چۈشۈرسەم تەييار دۇنياغا چوكۇپلا قالىمەن-دە، خۇدايىم بەردى دىگەن مانا شۇ، ئۇ چاغدا، ئوردا ئالدىدىكى كورۇمسىز-مەينەت كوچىدا، قاپ-قارا ئىسلىق تار دۇكاندىمۇ ئولتۇرمايمەن. رەستىدىن چوڭ دۇكان ئېچىشقا بولىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ چەكمەن چاپانلارمۇ كېلىشمەيدۇ-دە، ئوز لايىغىدا كىيىنىش كېرەك بولىدۇ. تازا كېلىشتۇرۇپ سارجا كاستۇم، دىراپ پەلتو، خۇرۇم ئوتۇك، قاما تۇماق...ياق...ياق، ئۇ قاملاشمايدۇ، كەم-

چەت...ياق، ئۇمۇ بولمايدۇ...سوسەر تۇماق...ھە بۇ بولىدۇ، بۇ قاملىشىدۇ. بۇ چاغدا سامۇق بايۋەچچە بولۇپ سەھراغا مەپە بىلەن چىقىدىغان بولسام، ھىلىقى ماڭا تەككىنى ئۇنىمىغاندىلارنىڭ كوزىدىن ئوت چىكىتىدۇ-دە، تازا پۇشايمان قىلىشىدۇ. نىمە بولسا بولمامدۇ، لاي سۇ ئىچكەن كاللىپاي سەھرالىقلار...

"ناۋادا ماۋۇ خوتۇن ئۇلۇپ-تارتىپ قالىسچۇ؟ ئۇ چاغدا ئامەتنىڭ تېخىمۇ ئوڭىدىن كەلگىنى ئەمەسمۇ؟ تازا تىماقتا توختايدىغان قىز ئالىمەن-دە، قىز...قىز...

"ھەي...ھەممىدىن يامىنى ھىلىقى جىن. بېشىمغا بىر بالا بولىدىغۇ؟ پەس كوڭلۇمنىڭ كەينىگە كىرىپ شۇ كۇنى ئۇ قېرى ئالۋاستىغا چېپىلىپ قويمىسامغۇ شۇ بالا يوق. خەير...مەيلى، نىمە بولسا بولار، قانچە ئالسا ئالار، ماۋۇ دۇنيا قولغا كىرىدىغان بولسا، ئۇ ئىشمۇ ئوڭايلا تۇگەپ كېتىدۇ، ئۇنچىلىك ئىش... قانچىلىك ئىش..."

خېنىم بولسا نازۇ-نازاكەت بىلەن دەھلىزگە، ئاندىن نېرىقى مېھمانخانىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى بولەكچىلا ياسىنىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، ساموۇقتا شوخ چاخچاق ئارىلاش ئەركىلەپ يېقىنداۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا دەرۋازىنىڭ قاتتىق تاقىلىدىغىنى ئاڭلاندى. خېنىم ئالدىراپ ئوتتۇرا ئىشىككە باردى. ئاز تىڭشاپلا ساموۇققا يۇگۇردى-دە:

—ۋاي جېنىمەي، ئېرىم كېلىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟—پايپاسلىغان ساموۇق ئودەكتەك تايىناڭلىماقتا،

ئۇنىڭغا چاچقان توشۇگى ساراي كورۇنمەكتە ئىدى. ئۇ دۇدۇقـ
لاپ:

ــ ئا...ئا...ئابىيام ئېرىم يوق دىگەنلىرى...

ــ ئۇنداق گەپنى قويسىلا، ھازىر جاننى قۇتـقۇزۇش ۋاقتى...

خېنىم يورغىلىغىنىچە بېرىپ، ئۈچ زەنجىرلىك يوغان ساندۇقنى ئاچتى ـ دە:

ــ بولسىلا، مانىڭغا كىرسىلە، ــ دىدى. ساموُق دوكىغاسىلاپ كەلگىنىچە ساندۇققا چۈشۈپ دوكىيىپ ياتتى. ئايال ئۇنى قاپلاپ ياتقۇزۇپ ساندۇقنى قۇلۇپلىدى ـ دە، تالاغا چاپتى.

ھويلىدىن ئايالنىڭ يىغى ئاۋازى كېلەتتى. تاراق ـ تۇرۇقلار ئارىسىدا ئۇ ھە دەپ سوزلەپ كىرىۋاتاتتى:

ــ يامان ئەسكى ئوغرىكەن. مەن نامازغا ئالدىراپ دەرۋازىنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. جەينامازدا ئولتۇرسام كىرىپ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدى، سىلە يەنە بىر پەس كەلمىگەن بولساڭلار، مېنىڭ پاك نوموُسۇم بۇلغىنامتىكىن تاڭ، يامان ئوغرىكەن. ــ ئايال ھور، ھور يىغلايتتى.

ــ قېنى ئۇ ئوغرى؟

ــ ئاۋۇ چوڭ ساندۇقتا.

ــ سۇلايمان ئاخۇن، داۋۇت قارى كالتەكنى ئېپكەل، قايناق سۇ بارموُ؟ نوگاي نەدە؟ چوڭ پىچاقنى تاپ...

ساندۇق غەزەپ بىلەن ئېچىلدى. تىترەپ ئاران ئورە

بولغان ساموۇق كاالـلـسى ئۈستـدە يوغان قىڭغىراق ۋە قوش كالتەكنىڭ تۈرغىننى كورگەندە جىنى چىقاي دەپلا قالدى. ئۇنىڭ تىترەۋاتقىنى بولمسا، تەلەتى بەئەينى مۇردىغا ئوخشايتتى.

— هە ئوغرى، ساڭا جان كېرەكمۇ يا؟...

— بىر...بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن. ب...بەندە دىگەن خام سۈت ئەمگەن نىمە، ئازماس ئاللا...مە...مەن...شە... شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ...

— هەي ئوغرى، شەيتاننىڭ كەينىگە سەن كىردىڭمۇ، يا سىنىڭكىگە شەيتان كىردىمۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق، — دەپ قاتتىق گوركىرەيتتى گەۋدىلىك شاپ بۇرۇت ۋە يەنە تەكرارلايتتى: — ئېيتە ئوغرى، زادى ساڭا جان كېرەك-مۇ، يا پۇل كېرەكمۇ؟

ما...ما...ماڭا...جا...جا...جان كېرەك، — دىدى ساموۇق.

— قېنى قەلەمنى ئاللا داۋۇت قارىم، كېلىشتۇرۇپ بىر هوججەت يازسىلا...— دىدى هىلقى شاپ بۇرۇت يېنىدىكى ئىگىز بوي چېقىر كوز كىشىگە، ئۇ يېزىشقا باشلىدى.

هوججەت

"تارىخى بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە ماهى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى ئىردى. مەنكى..."

— ئېتىڭ نىمە ئوغرى؟

— ئې...ئېتىمما؟ ئېتىم ساموۇق ئاخۇن.

ــ داداڭنىڭ ئېتىچۇ؟

ــ ره...رەھىم ئاخۇن.

"مەنكى ساموق ئاخۇن ۋەلىدى رەھىم ئاخۇننىڭ ئوغلىدۇر-مەن. بىر مەن ئۇشبۇ ھوججەتنىكىم..."

قىممىتى ئالتۇن ۋە بوغدايغا سۇندۇرۇلغان بىرمۇنچە "قەرز"نىڭ ئەدىدى ۋە سېتىلغان "ئىسىل مال"لارنىڭ تۈرلىرى تەپسىلى يېزىلغان "ھوججەت" مۇكەممەل پۈتتى. ئاندىن ئۇشبۇ ھوججەتنى كىمكى ئېلىپ كېلىپ قاچان تەلەپ قىلسا، تەخىر-سىز بېرۇدۇرمەن. بۇنىڭغا شاھىت سولايمان ئاخۇن، داۋۇت قارى دۇرلەر...دىگەن سوزلەر يېزىلغاندىن كېيىن ۋاقتىغا بىر يېرىم يىل بۇرۇنقى چېسلانى قويۇپ ئاندىن ساموقنىڭ بارمىغىنى ئۇچ يېرىگە باسقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالدىلىرىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى-دە، بېرىپ، ئۇردا ئالدىنىڭ خالتا كوچا دوقمۇشىدىكى دۇكاننى پاك-پاكىز ئوتكۇزۇۋالدى. ھىساپلاپ كوردىكى؛ يەنە بىرمۇنچە "قەرز" ساموقنىڭ گەدىنىدە ئېشىپ قاپتۇ.

گاڭسا-جىنسا بولغان ساموق شۇ كېچىنىڭ ئوزىدىلا خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشتەك قەشقەردىن غايىپ بولدى. ئارىدىن ئانچە كۈنلەر ئوتكەندىن كېيىن شۇنداق بىر سوز پەيدا بولدى:

"ساموق ئىلىدا يۇرەرمىش".

شۇنىڭدىن بىرئاز كۈن كېيىن يەنە بىر مىش-مىش تارقالدى. "خەلىچە جىن ئېرى ساموقنى ئىزدەپ ئىلىغا كېتىۋېتىپتۇ،

ئاقسۇدا كورۇپ كەلگەن كىشى بار.“

ئاخىردا شۇنداق بىر خەۋەر ئېنىق بولدىكى، ”خەلچە جىن ئېرى سامۇۋاينىڭ يېنىغا — ئىلىغا كېتىۋېتىپ مۇز داۋاندا مۇزلاپ قاپتۇ...“.

ھەي!......شۇنداق بىر مۇزات داۋان بولسىدى، ئەخلاق دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممىسى شۇندا مۇزلاپ پۈتسىدى.

1965 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# تىيانشان باغرىدا

يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس ياللىدار.
— ل. مۇتەللىپ.

## I

"بۈگۈن كېچە بىر جەڭچى گېنېرالىنى① تونۇشۇپلىپ قول كوتەرگۈزۈپ قويۇپتۇ"— دېگەن خەۋەر پۈتۈن قىسىم تەركىۋىگە شۇنچە تېز تارقالدىكى، ھەتتا ئۇزلىرىنى "بىخىرامان كىشىلەر" دەپ، ئادەتتىكى ھەربى تۇرمۇشقا ئانچە كوڭۈل بولمەيدىغان ئاشپەز، ناۋاي، ھارۋىكەش ۋە ساتىراچىلارمۇ بۇ خەۋەرنى ئاللىقاچان ئاڭلاپ بولۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ "ئاجايىپ ۋەقە"گە ھەيرانمۇ قېلىشتى. بۇنىڭ ھەيران قالارلىقمۇ

① ئەسەردە قوللىنىلغان رۇسچە ئاتالغۇلار كېيىنچە خەنزۇچىغا ئوزگەرتىلگىنىگە قارىماي، زامان ئېتىۋارى بىلەن ئەينەن ئېلىندى: — تەھرىردىن.

ھەچپىرى يوق ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ قايسىبىرلىرى ھەربى ۋە سىياسى مەشغۇلاتقا بىپەرۋا قارايدىغىنى ئۈچۈنمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئۇنداقلارغا "ئاجايىپ" تۇيۇلۇشى تەبىي ئىدى.

ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى.

1947 ـ يىل، كەچكۈزنىڭ قاراڭغۇ بىر كېچىسى، دىژۇرنى قاراۋۇللارنى يەنە بىر نوۋەت كوزدىن كەچۈرۈپ قىسىم ئىشتاۋى يېنىدىكى خەۋەرلىشىش بولۇمىنىڭ ئەپچىل ئۆيىگە كىرگەندە، نوۋەتچى تېلېفونىست ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە ھىچ ئۆزگىرىش يوقلۇغىنى بىلدۇردى. تومۇرۇۋ بېرىپ تېلېفونىستنىڭ ئەدىيال يېپىلغان كارۋىتىغا ئەمدىگىنە ئولتۇرۇۋىدى، قاياقتىندۇر ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. تاشقىرىغا ماڭغان دىژۇرنى ئىشكتە ئالدىراپ كىرىۋاتقان رەزۋىدەش بىلەن دوقۇرۇشۇپ، ئۇسۇشۇۋالغىلى تاس قالدى. رەزۋىدەش ئوقنىڭ توت كوچا تەرەپتىن ئېتىلغانلىغىنى ئېيتىش بىلەن تەڭ ئۇلار شۇ يان ماڭدى.

دىژۇرنى بىلەن رەزۋىدەش كوچا دوقمۇشىغا يېقىنلاشقاندا، توت كوچا ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىز راۋاق تۈۋىدە قاراۋۇلغا تۇرغان جەڭچىنىڭ قورالىنى بىر نىشانغا تەڭلەپ جىددى ھالەتتە تۇرغىنىنى قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ گۇڭگا يورۇغى خىرە كورسىتىپ تۇراتتى. جەڭچى بىلەن دىژۇرنىلار ئوتتۇرىسىدا پۇرۇپۇسكا قائىدىلىرى ئورۇندالغاچ، كوچا ئايلانمىسىغا كەلگەن بۇ ئىككىيلەن بوش ئاۋازدا دىرىلدەپ تۇرغان بىر ئاپتوماشىنىنى كوردى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئالدىدا، جەڭچىگە 20 ـ 25 مېتىرچە يەردە

بىر ئەپتىسەر جەڭچى تەرەپكە كەينىنى قىلىپ ئىككى قولىنى كۆتىرىپ تۇراتتى. جەڭچى ئۇ ئەپتىسەرگە خىتاپ قىلدى:

— يولداش گېنېرال، ئەمدى قولىڭىزنى چۈشۈرۈپ دىژۇرنى بىلەن سۆزلىشىشىڭىزنى سورايمەن.

دىژۇرنى ئۇ ئەپتىسەرنىڭ راست گېنېرال — مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، قىسمىنىڭ شۇ سائەتتىكى ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، ئەمما گېنېرال ئالدىدا تىك تۇرغان دىژۇرنىنىڭ ھۆرمەت-ئېھتىرامىغا ئېتىۋارمۇ قىلماستىن ئاچچىغلانغىنىچە كېپىنكىگە كىردى-دە، ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ياپتى. بۇ تاراق-تۇرۇقتىن چوچۇپ ھەركەتكە كەلگەندەك ماشىنىنىڭ موتورىمۇ گۈركىرەشكە باشلىدى.

گېنېرال قىسىمغا كەلگىچە تاماكىسىنى پۇقۇرۇتۇپلا كەلدى. ئۇ قىسىمغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشكەندىمۇ تاماكىنى شۇ قەدەر شورايتتىكى، ئۇنىڭ گېلىدىن ئۇشقۇيتقاندەك بىر تۈرلۈك ئۈن چىرىلدايتتى. بەلكى شۇ مەزگىلدە، ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىش سەۋەۋىدىن كەچ قېلىپ ئاددى جەڭچىنىڭ سورىغىغا قالغان گېنېرال بارلىق ئەلەمنى تاماكىدىن ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— قىسىم كوماندىرىنى چاقىرىڭ، — دېدى گېنېرال قىزىل بۇلغارىدىن ئىشلەنگەن ئەپتىسەرچە سومكىسىنى دەرىزە تۈۋىدىكى دۈگىلەك ئۈستەلدە يېنىپ تۇرغان لامپا يېنىغا قويۇۋېتىپ.

دىژۇرنى قىسىم كوماندىرىنىڭ شۇ كۈنى كەچتە بىر يەرگە

كەتكىننى ئۇقتۇرغىنىدا گېنېرالنىڭ ئاچچىغى يەنە بىر گىرا-
دۇس ئۆرلىگەندەك بولدى ۋە:

— ئورۇنباسارىنى چاقىرىڭ، ئورۇنباسارىنى، — دېدى.
چىقىشقا ئىجازەت سوراپ تىكىلگەن دىژۇرنى گېنېرالنىڭ
يېشىل كوزىدە ئاللىقانداق جىددىيلىك سەزدى-دە، كەينىگە
بۇرۇلۇپلا چەبدەس قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

گېنېرال سائەتكە قارىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ ياقتىن-
بۇ ياققا بىر-ئىككى ماڭغاندىن كېيىن ئاديۇتانتىغا دېدى:

— مەن بۇ يەردىكى ئىشنى پۈتتۈرگىچە سىز ماشىنىدىكى
نەرسىلەرنى ئۆز قولىڭىز بىلەن بويىبىتانىيىگە① ئوتكۈزۈسىز،
ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، تېز قايتىشىمىز كېرەك،
ماشىنىمۇ يەنە بىر قۇر كوزدىن كەچۈرۈلسۇن.

— خوپ!

دىژۇرنى كىرىشىگىلا گېنېرال يەنە سائەتكە قارىدى ۋە
"قېنى" دەپ زەردى بىلەن تىكىلدى.

— كېينىپ كەلگىلىۋاتىدۇ يولداش گېنېرال.

بېرىڭ، تېز چاقىرىڭ.

— خوپ! — ئالدىراپ چىققان دىژۇرنى تاشقارقى ئىشىكنىڭ
بوسۇغۇسىدا، قەيىيۇموۋنى ئۇچراتتى ۋە باشلاپ كىردى.

— يولداش گېنېرال، چاقىرىشىڭىز بويىچە كەلدىم. مۇۋەق-

---

① بويىبىتانىيە — قورال-ياراق بولۇمى، — ئاپتوردىن.

قەت دىۋىزىيون كوماندىرى قەيىيۇموۋ.

دىژۇرنى ئادىيۇتانت بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن كوپ ئۆتمەيلا قەيىيۇموۋ ئالدىراپ ۋاقىراشقا باشلىدى.

— دىژۇرنى... هەي، دىژۇرنى...

بوينىدىكى قىلىچ قىنىنى تۇتقىنىچە يۇگۇرۇپ كەلگەن تومۇرووۋقا سىياسى رەهبەر قەيىيۇموۋ جىددى هالدا جېكىلىدى:

— هىلىقى جەڭچىنى تېز يەتكۈزۈپ كېلىڭ، گېنېرال بۇيرۇدى!

— خوپ! — تومۇرووۋ دەرۋازىدىن چىقىۋاتقىنىدا پوس ئالمىشىپ كەلگەن هىلىقى جەڭچى بىلەن رەزۋېدەشنى ئۇچراتتى ۋە ئەگەشتۇرۇپ ماڭدى.

دىژۇرنى جەڭچىنى ئېلىپ كىرگەندە گېنېرال يەنە پۇقۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بايىقىدەك شورىمايتتى ۋە ئەپتىدىن ئاچچىغى بىرئاز پەسىيىپ قالغانلىغىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئېتىڭ نىمە؟ — سورىدى گېنېرال تاماكىسىنىڭ كۈلىنى سىلكىۋېتىپ.

— كېرىم راخمانوۋ، — دىدى جەڭگىۋار هالەتتە تۇرغان جەڭچى.

— كېرىم راخمانوۋ، — جەڭچىنىڭ جاۋاۋىنى ئۈنلۈك تەكرارلىدى گېنېرال، — ئارمىيىگە قاچان كىرگەنسەن؟

— 1944 - يىل دېكابىردا.

گېنېرال ھەيران بولغاندەك جەڭچىگە، ئاندىن قەييۇموۋغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— بىتىمدىن كېيىن كونا جەڭچىلەر بوشىتىلغاندا قانداقچە قېپقالغان ئىدىڭ؟

— ئۆزەم سورۇنۇپ بوشانماي قالغانمەن.

— نىمىشقا؟

— جەنۇپتىكى قېرىنداشلارنى ۋە ئاتا - ئانامنى گومىنداڭچىلار-نىڭ ئىپلاس ئايىغىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بوشىناي دەپ.

— قەيەرلىكسەن، ئاتا - ئاناڭ قەيەردە؟

— قەشقەر پەيزىۋاتتىنمەن. ئاتا - ئانام شۇ يەردە قالغان. ھازىر بارمۇ، يوقمۇ، ئۇ ماڭا قاراڭغۇ. ئۇلاردىن ئايرىلغىنىمغا يەتتە يېرىم يىل بولدى.

— ساۋادىڭ بارمۇ؟

— ئارمىيىگە كىرگەندىن بۇيان ساۋاتلىق بولدۇم.

— قايسى بولۇمدە ئىشلەيسەن؟

— رازۋېت ئىنژۋوتتا.

قىسقا جىملىقتىن كېيىن گېنېرال كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە يەنە سورىدى:

— مېنى تونۇمسەن؟

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن، يولداش گېنېرال.

— تونۇساك نىمىشقا مېنى توساپ، قورال تەڭلەپ، قول كوتەرگۈزدۈك؟

— ھە، شۇنداق قىلدىم، ھەربى ئۇستاپ بويىچە جەڭگىۋار ۋەزىپەمنى ئورۇنلىدىم.

گېنېرال بۇ سوزلەر بىلەن تەڭ راخمانوۋقا چىن مېھرى بىلەن يەنە بىر تىكىلدى ۋە دىدى:

— ئۇستاپ نەدىن چىققان؟

— ئۇستاپ ھەم ئۇ ئۇستاپتا ئەمەل قىلىش بۇيرۇغى قوماندانلىقتىن چىققان. ئۇنىڭغا سىز قول قويغانسىز، يولداش گېنېرال. مەن شۇ سىز قول قويغان ئۇستاپ بويىچە توغرا ئىش قىلدىم دەپ ئويلايمەن. خاتا قىلغان بولسام، ئۇستاپ بويىچە جازالىشىڭىزنى سورايمەن.

گېنېرال بۇ نوۋەت كېرىم راخمانوۋقا باشتىن-ئاياق تازا زەڭ قويۇپ قارىۋالدى ۋە سومكىسىنى كەلتۈرۈشنى ئىشارەت قىلدى. ئۇ سومكىسىدىن كوك تاشلىق سوقچاق دەپتەرنى ئالدى-دە، نىمىدۇ يېزىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سىياسى رەھبەر قەييۇموۋ بىر جەڭچى راخمانوۋقا، بىر دىژۇرنى تومۇروۋقا كوز قىرىدا قاراپ-قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ قارىشىدىن يا نەپرەت، يا رەھمەت ئىپادىسىنى بىلىپ بولمايتتى.

گېنېرال قىسقىلا نەرسە يازغىنىدىن كېيىن، سىم كارۋاتنى لومۇلدىتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كۈلۈمسىرەپ راخمانوۋنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قول قىسىشىپ سەممى

كورۇشتى. ئاندىن جەڭگىۋار جەڭچىنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ تۇرۇپ دىدى:

— خەلق جەڭچىسى راخمانوۋ، سىزدەك باتۇر، ئوت يۈرەك جەڭچىلىرىمىز باركى، بىز ھەرقانداق كۈرەشلەردە غالىپ چىقىمىز. خەلقىمىزنىڭ قان بەدىلىگە كەلتۈرگەن ئەركىنلىگىنى قوغداشتا جاسارەتلىك بولۇشىمىز كېرەك. مەن گېنېرال بولساممۇ سىز جەڭچىلىك ۋەزىپىڭىزنى ئادا قىلىشتا جاسارەت بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلدىڭىز. ئارمىيە ئۇستاۋىغا سادىقەتلىك كورسەتتىڭىز. مەن سىزگە قوماندانلىق نامىدىن ۋە باش قوماندانىمىز گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك نامىدىن تەشەككۈر بايان قىلىمەن.

## II

قىزنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىشى ئومرىدە بىرىنچى قېتىم ئىدى. كېرىم راخمانوۋ دەرىزە تۈۋىدىكى كارۋاتتا ئىككى قولىنىڭ ئالقىنى ئۈستىگە گەجگىسىنى قويۇپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇ تورۇسنىڭ قەيېرىگىدۇ قاتتىق قادالغىنىچە چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتە ئىدى. پالاتا دىژۇرنىسىنىڭ ئىشكىنى ئېچىش بىلەن تەڭ "خوش خەۋەر-خوش خەۋەر" دەپ كۈلۈپ كىرىشى ئۇنىڭ شىرىن خىيالىنى بۇزدى.

— يولداش راخمانوۋ قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇغىدا تەقدىرلەنگەن، — دىدى دىژۇرنى توپۇشكا ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان لامپا

تۇۋىگە يېقىنلاۋېتىپ ۋە بۈيرۈقنى ئوقۇۋىدى. بۈيرۈقتا، بىر زەمبىرەكنى خەۋپتىن ساقلاپ قېلىشتا ئالاھىدە جاسارەت كۆرسىتىپ جاراھەتلەنگەن كېرىم راخمانوۋقا تەشەككۈر بايان قىلىنغان ئىدى.

بۈيرۈق ئوقۇلۇپ بولغاندا دىۋىزىيەنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى ھەمشىرە بىلەن پوسمۇلاق مارىيە قىز ھەم كارۋاتلاردا ياتقان ئاغرىقلارمۇ كېرىمگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن نەزەر سېلىشقا ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سوراشقا باشلىدى. كېرىم بولسا، مېيىغدا كۈلۈپ ياتاتتى. تەكرار سوراۋېرىشلارغا جاۋابەن ئۇ ئۆتكەن ۋەقەنى ئاددىيغىنا ھېكايە قىلىپ بەردى.

«ئەتىگەندە پوستىن چۈشتۈم، بۇ چاغدا باتارىيە① جەڭچىلىرى زەمبىرەك مەشىقىغە تەييارلىنىۋاتاتتى. ياتاققا كىرىپ تۇرۇشۇمغىلا چۇقان كۆتۈرۈلدى. دەرىزىدىن قارىسام ئىككى ئات بىر زەمبىرەكنى ھويلىدا پىقىرىتىپ يۈرۈپتۇ. ئاتلار ھويلىنى ئايلاندى-دە، تەرەپ-تەرەپتىن جەڭچىلەرنى كورۇپ، ئۈتقۇزماستىن دەرۋازىغا قاراپ چاپتى. ھەر ئىككىسى زەمبىرەككە يېڭى كۆندۈرۈلگەن قاۋۇل ئاتلار ئىدى. دەرۋازىدىن چىقىپلا كەتسە زەمبىرەكنىڭ ۋە ئاتلارنىڭمۇ ئامان قالماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. بۇنى كورۇپ چىداپ تۇرۇشقا تاقىتىم

① باتارىيە — زەمبىرەكنىڭ ئوقى؛ ئىككىنچى مەنىدە، يەنى زەمبىرەكچىلەر قىسمىدا روتا(لىيەن) دەرىجىلىك بولۇم. — ئاپتوردىن.

قالمىدى. دەرىزىدىن قانداق چىققىنىمنىمۇ بىلـمەي قاپتـمەن. ئاتلار ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە ئېتىلدىم — جوجەيگە ئېسىلىپ ئۇلگۇر- دۇم. بۇ يوغان ئاتلار مېنى سورەپ كەتتى. بۇ چاغـدا خۇددى ساقاللىق كىشىنىڭ ئىڭىگىگە ئېلىنىپ قالـغان سامانـدەك خېلى يەرلەرگىچە گىلدىڭـشىپ باردىـم. ئەمـما قولۇمـنى بوشاتـماي تىزگىنـنى بىر تەرەپـكە تارتىۋەردىم، چۇقۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان جەڭچى دوستلارمۇ يېقىنلىماقتا ئىدى. ئاڭغىچە ئاتلار مېنى يول چېتىدىـكى قوش تېرەكـكە ئاپىرىپ ئۇردى، شۇنىلا بىلـمەن. بىر چاغدا كوزۇمنى ئاچسام ئۆزەمنى دوخـتۇرخانـدا كوردۇم. كېيىن ئۇقسام زەمبىرەكمۇ، ئاتمۇ ئامان قاپتۇ...“.

— رۇسلار زەمبىرەكنى ”سوقۇشنىڭ خۇداسى“ دەيدىكەن، — دىدى بۇلۇك تەرەپتىكى كارۋاتتا ياتـقان پاكىنەككىنە قارامتۇل بىرسى، — ئۇنداق قۇدرەتلىك قورالنى خەۋپتىن ساقلاپ قېلىش- نىڭ ئوزى بىز ئۇچۇن بەك پايدىلىق ۋە چوڭ قەھرىمانلىق...

— خوش، ياخشى چۇش كورۇڭلار! — دەپ دىڭۇرنى، ئاندىن ھەمشىرىلەر چىقىپ كېتىشتى. ھەممىدىن كېيىن مارىيە كېرىمگە بولەكچىلا زوقمەنـلىك بىلەن قارىـدى، ئۇ ئىشىكـكە بارغىنىدا پىسسىڭىدە بىر كۇلۇپ قويۇپ، ئىشىكـنى ھىم يېپىپ چىقىپ كەتـتى.

ئۇيقۇ باشلاندى. كېرىم بولسا، ئىملەرىنىڭ ئويلاۋېرىپ بىر ھازاغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ يېرىم كېچىگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ چۈشىدە ئاجايىپ-غارايىپلارنى كوردى: كېلىشكەن بىر يىگىت قۇيرۇغى قىسقا، قومۇش قولاق، شەلپەڭزە جىرەن ئات مىنىپ قەشقەر پەيزىۋاتقا كىرىپ باردى، بازار كۈنى، كىشىلەر تىقما-تىقماق ئىدى. يىگىت توپنى ئارىلاپ ئۆتۈۋېتىپ، بېشىغا توپ-توپ خاملارنى قويۇۋالغان باپكارلار بىلەن قومۇش-لارغا تۇرۇلگەن ھەر كاللەك يىپلىرىنى سودىلىشىۋاتقان، چاخ-چاقلىشىپ كۈلۈشۈۋاتقان خۇشاۋاز ئەر-خوتۇنلارنى كوردى. بىر چاغلاردا ئۇرۇش ساتقىلى ئەگەشتۈرۈپ كىرگەندە ئانىسىنى سەللىلىك بىر كىشى دەررە بىلەن ئۇرۇپ قوغلىغاندا ئادىشىپ قېلىپ يىغلاپ يۈرگەن يەرلەرنى خۇددى ئوڭدا ئويلاۋاتقاندەك كوردى. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر پەيزىۋات كوكچىلىرىنى كورۇپ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتتى. بىرنى سېتىۋېلىپ، ئاشۇ بىر چاغلاردا ئوتتۇن ئېپكىرگەندە، ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندەك ئېلىۋالغۇسى كەلدى، بىراق ھازىر ئەسكەر...

كېرىم بازارنى ئارىلاپ ئوتۇپ بىر چەتكە چىقتى ۋە سۇگەت بۇلاققا قاراپ ماڭدى. ئۇ تاملىرى پاكار-پاكار، ئانچىمۇ كوجۇن ئەمەس مەلىگە كەلگەندە بىر توپ كىشىلەر ئەتراپىنى ئورىۋالدى. ئۇلار ئولاش-چولاش ئاددىغىنا بىر ئويگە كىرىشتى. مەھەللىنىڭ مەزىنى ئەئۇزىنى سوزۇپ خەتمە قۇرئان باشلىدى. يىغى-زار-دىن كېيىن ئەھۋاللىشىشقا چۈشتى. كېرىم قەشقەردىن چىقىپ ئېلىخونىڭ كومۇر خاڭلىرىدا، سۇيدۇڭ كورەنىڭ دودىشاڭ

شاللىقلىرىدا ئىشلىگەنلىرىنى، بوتۇكىلاردىن كورگەن كۆلپەت-لىرىنى، دودىشاڭنىڭ "توتى بىر بولسا بىر جىڭمومىنى كوتىرىپ قاچىدۇ" دەيدىغان پاشلىرىنىڭ دەھشىتىنى، ئاندىن ئارمىيگە كىرگىنىنى، سوقۇشلارغا قاتناشقىنىنى، جىڭ ئۇرۇشىدا يارىلان-غىنىنى، شىخۇ ئۇرۇشىدا كوپ دوستلىرىنىڭ قۇربان بولغىنىنى، ئوزىنىڭ تالاي ئولۇملەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئوتۇپ ئامان كەلگىنىنى سوزلەپ بېرىۋاتقىنىدا، بىرنەچچە باللار كېرىمنىڭ مىلتىغى ۋە گىراناتى، ئوق ھەم كون سومكىلىرىغا ھەيران بولۇپ قاراشماقتا، سوراشماقتا، كۇسۇرلاپ كۆلۈشمەكتە ئىدى. ئىشىك-تىن ھوكىرەپ كىرگەن ئاچسىغا قاراپ يىغلاپ ئۇمتۇلدى. كېرىم كوزىنى ئاچسا چۈشى. بۇ چاغدا نەۋاق بولغىنىنى پەقەت خورازلارنىڭ قىسقا-قىسقا قىچقىرىشىدىنلا بىلگىلى بولاتتى. كېرىم شۇ كورگەن چوشلىرىنى ئويلىغىنىچە ھېچ كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

سىگنال چېلىندى. قىزلار يۈز يۇيىدىغان سۇ ۋە قاچىلارنى ئېلىپ كىردى. مارىيە كېرىمنىڭ يۈز-كوز يۇيۇشىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ھەر كۇندىكىدىنمۇ بولەكچە سىلىق ئىدى. ئۇ كۈلۈپ سورىدى:

— بۈگۈن قانداقراق؟

— ياخشى.

— ياخشى-ياخشى-ياخشى. — مارىيە "ياخشى" سوزىنى بىر چىرايلىق ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ ئىڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى. خۇش

پېىل بۇ قىزنى ھەممىسى "گۈزەل ۋاسىلىسا"① دېيىشەتتى. بۇ لېۋەن قىز ھەمىشە ھەر كىشىگە ئوخشاشلا خۇش مۇئامىلە قىلاتتى.

ئەتىگەنلىك غىزامۇ يېيىلىپ بولدى. دەرىزىدىن چۈشكەن كۈننىڭ ئالتۇن شولىسى بۇ ئۆينىڭ يېڭى ئاقارتىلغان تېمىغا بىر تۇرلۇك ھوسۇن بەرگەندەك ۋالىلداپ كوزنى چاقنىتىشقا باشلىدى. بۈگۈن جۈمە، دەم ئېلىش كۈنى. ئويۇن-تاماشا ۋە شەھەر كوچىلىرى يادىغا چۈشۈپ كېرىمنىڭ ئىچى تىت-تىت بولدى. ئۇ قانچە ئويلاۋەرگەنسېرى زېرىكىش ئۇنى شۇنچە قىينايتتى. ئۈچار قۇشتەك بۇ شوخ يىگىتكە بىرقانچە كۈنلەردىن بۇيان دوختۇرخانىنىڭ ئۆيىدە ئۆڭدا يېتىش بىلەن ئوتكۈزگەن ھايات خۇددى بۇلبۇلنىڭ قەپەزگە قامالغىنىدەك بىلىنەر ئىدى.

كېرىم پۇتىنى ئاستا مىدىرلىتىپ كوردى. ئاغرىق سەزمىگىنى ئۇچۇن ئاۋايلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كارۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ يەرگە ئاستا دەسسىدى. لېكىن چامدىشىغا پۇتى قاتتىق زىڭىلدىدى-دە، كارۋاتنى تۇتۇۋېلىشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەي گۇپلا قىلىپ يىقىلدى. يېنىدىكى بىرسى ۋاقىرىۋەتتى. يۈگۈرۈپ كىرگەن مارىيە كېرىمنى بۇ ھالدا كورۇپ ئوكى ئۇچۇپ كەتتى. كېرىم بولسا، كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ تولغىناتتى. مارىيە

① ۋاسىلىسا — "پاقا قىز" كىنوسىدىكى مەشھۇر گۈزەل پېرسوناژ. — ئاپتوردىن.

كېرىمنىڭ قولىنى ئۇزىنىڭ بويىنىغا گىرە سالغۇزۇپ يولەپ ئاستا تۇرغۇزدى.

— ئىمىشقا مۇنداق قىلىسىز، دوختۇر خاپا بولىدۇ، — دېدى مارىيە، — ئەگەر دوختۇر تالاغا چىقىشقا رۇخسەت قىلغىنىدا، مەن يولەپ ئېپچىقىپ تاماشا قىلدۇرىمەن...

كېرىم كوزىنى يېرىم ئېچىپ ئۇز قولىنىڭ گۇزەل قىز بويىنىغا گىرەلىشىپ تۇرغىنىنى كوردى ۋە ئاغرىق ئازاۋىنىمۇ ئۇنتۇدى. چۇنكى ئۇنىڭ ئۇمرىدە قىزنىڭ بويىنىغا بىرىنچى نوۋەت گىرە سېلىشى ئىدى.

## III

ئايدىڭ ئاخشام.

كېرىم بىلەن مارىيە دوختۇرخانا هويلىسىدىكى مىۋىلەرنى ئارىلاپ ئوتكەن شېغىللىق يولدا كېتىۋاتاتتى. مارىيە بولسا، قانداقتۇ مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاهاڭىنى ئاستا غىڭشىپ باراتتى ۋە ئارىلاپ-ئارىلاپ كېرىمگە كوز قىرىدا ناز بىلەن قاراپ قوياتتى. بۇ چاغدا قويۇق يوپۇرماقلىق شاخلار ئارىسىدىن غىلپال-غىلپال كورۇنۇۋاتقان تولۇن ئاي بۇ ئىككى ياشنىڭ گۇزەل جامالىغا خۇشتار بولۇپ مارىلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

كېرىم قىزنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ئەمەس، قولتۇغىدىن قولىنى ئوتكۇزۇپ، پاتۇرۇشكىلاپ قەدىمىگە قەدىمىنى كەلتۇرۇپ

باراتتى. شوخ قىز كولۇپ ھەر بىر تولغانغىنىدا، ئۇنىڭ يېڭىدىن ئۇسۇۋاتقان يۇمران كوكسى يىگىتنىڭ بىلىگىگە ماموقتەك تېگىپ، ئۇنىڭ ياش ۋۇجۇدىدا موھەببەتنىڭ ئاجايىپ ھارارىتىنى ئېلېكتىر توكىدەك يۈگۈرۈتەتتى. بۇلار بىر چەتكىرەك بېرىپ، يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلانغان يوغان تېرەك ياغىچى ئۈستىگە ئولتۇردى.

— مارىيە، — دىدى كېرىم بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇنى تىترەك ئارىلاش چىقتى، — سىز ياخشى قىز...

— ياخشى ئەمەس، — دىدى مارىيە، — تاختاي يۇيۇدىغان، يۇندە قاچىلىرىنى تازىلايدىغان، ھېچكىم ياراتمايدىغان پەس ئىش بىلەن كۈن كەچۈرگۈچى بىر كىشىمەن.

— ئۇنداق دىمەڭ، تازىلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن يامانمۇ؟

— يامانغۇ ئەمەس.

— ئەمىسە نىمشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— كىشلەرنىڭ چۈشىنىشى ھەر خىل. مېنىڭ ئىشىم ئەڭ پەس ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن... — ئۇ نىمىنىدۇ دىمەكچى بولدى-دە، دىمەي قويدى.

— بولدى مارىيە، چۈشەندىم، چۈشىنىمەن. ئالتۇن ھەر-قانداق نەرسىلەر ئارىسىدىمۇ پاقىراپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر-لاردا "ئالتۇننىڭ قەدىرىنى زەرگەر بىلىدۇ" — دىگەن بىر گەپ بار. مەن سىزنى ئوبدان بىلىمەن، سىز ياخشى قىز...

مارىيە ئاق شۇەك كىيگەن ئايىغىنى قىمىرلىتىپ، يىگىتنىڭ

ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتقان ئىچ سىرىنى سېزىۋاتقاندەك تىڭشىماقتا ئىدى. ئارىنى ئاز جىمجىتلىق باستى.

— مارىيە! — كېرىمنىڭ ئاۋازى ئىـگىز ـ پەس چىـقتى. ئۇ يەنە گەپ قىلالماي قىسقا ـ قىسقا بىر ـ ئىككى يوتەلدى. مەنىلىك تىكىلگەن مارىيە سوز كۇتەتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ئۇڭايسىزلىنىۋاتقىنىنى تۇيدى ـ دە، مەدەت بەرگەندەك دىدى:

— خوش، سوزلەڭ.

— بىر گېپىم بار، خاپا بولامسىز؟

— سوزلەۋېرىڭ.

— خاپا بولمايسىز ھە؟

قىز جاۋاپ ئورنىغا تاتلىق كۇلدى. كېـرىم جېـمى كۇچىنى ئاغزىغا يىققاندەك غەيرەتلەندى ـ دە، دىدى:

— مەن سىزنى ياخشى كورۇپ قالدىم...

قىز ئەركىلىگەندەك كېرىمنىڭ مەڭزىگە ئالقىنى بىلەن بوشقىنا بىرنى ئۇرۇپ قويدى ۋە قوپۇشقا تەمشىلىۋىدى، يىگىت بىلىگىدىن تۇتۇۋالـدى. قىز ئوزىـنىڭ تەبىى مۇلايىمـلىغى بىلەن قايـىل بولغانلىق ئىپادىسىنى بىلدۇردى ۋە ئاستا سوزلىدى:

— مەنمۇ شۇنداق ئىدىم، بىراق...

— بىراق؟

— بىراق سىز ئۇيغۇر.

— ئۇيغۇر بولسامچۇ؟ سىز ئۇيغۇرنى ياخـشى كورمەمتىڭىز؟

— بۇ سوز داۋامىدا كېرىمنىڭ يۇرـگى ئاغزىغا تىـقىلـغانـدەك

بولدى. تېنى ئىترەپ، قول سىلكىپلا كېتىپ قالغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇزىنى باستى. چىچەن مارىيە ئەھۋالنى سەزدى ـ دە، يىگىتنىڭ بويىنغا قولىنى سېلىپ سوزلەشكە باشلىدى:

ـــ مەن ئۇيغۇر ئارىسىدا ئوسكەن، ئۇيغۇرنى بەك ياخشى كورىمەن. ئۇيغۇرنى ياخشى كورىدىغىنىمنى نەچچە ۋاقىتتىن ھەم مۇشۇ سائەتتىمۇ كورۇۋاتقانسىز؟!

ـــ...

ـــ ئۇيغۇرنى ياخشى كورىمەن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببىتى ئەرزان، خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇۋېتىدۇ، خوتۇن ـ قىزلىرىمۇ كوپ ئەردىن چىقىدۇ؛ يىگىتلىرى سويگەن قىزلىرىنى سەل ـ پەللا ئىش بولسا تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ، دىگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئوزەممۇ مۇنداق بەزى ئەھۋاللارنى كورگەن ئىدىم. مۇنداق سوزنى ھازىر قىلىشىمنىڭ زىيانلىق ئەمەسلىكىنى بىلىپ سىزگە ئېيتىۋاتىمەن...

كېرىم راسا بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ـ دە، دېمى ئىچىگە چۇشۇپلا كەتتى. ئارىدىكى جىملىقنى نەدىدۇر بىرسى بوك، بىرسى زىل چىقىدىغان قانداقتۇ بىر جۇپ قۇشنىڭ ئۈنىلا بۇزۇپ تۇراتتى. تولۇن ئايمۇ كىگىزدەك ئاق بۇلۇت كەينىگە شۇڭغۇپ، سۇتتەك ئايدىڭ سەل خىرەلەشتى. كېرىم بولسا تېخىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. كېرىم شۇ تاپتا شۇنچىلىك غەزەپكە كەلگەن ئىدىكى، كونا تۇرمۇشنىڭ چىرىك ئادەتلىرىگە مەھكۇم بولغان "ئەرزان مۇھەببەتلىك بەزى ئۇيغۇر"لار ئۇچۇن غەيرى مىللەت ـ

نىڭ ئاددى قىزى تەرىپىدىن ئاڭلىغان تەنىلەر بىلەن ئۇنىڭ
ياش يۈرىگى تاش تەككەندەك ئەلەم چەكتى. ئەگەر مۇمكىن
بولغىنىدا ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ بارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كۆڭ-
لىقىنىڭ ھەممە چىرىك ئىللەتلىرى ۋە مۇھەببەت سودىگەرلىرىگە
قارشى كۈرىشى، ئىنسانىي مۇھەببەتكە سادىق بولۇشى، ھەممە
ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى نومۇسلۇق، ئىنساپ-دىيانەتلىك،
گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىشى ھەققىدە مۇراجەت
چىقارسا...

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، مېنىڭ سوزۇمگە رەنجىۋاتامسىز؟ —
دېدى مارىيە كۈلۈپ. — چىن يۈرىگىڭىزدىن مېنى ياخشى
كورگەن بولسىڭىزلا بولدى.

ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە تىكىلگىنىچە بىر دەم كوز بېقىشى-
ۋالدى.

— مەن ئۇيغۇرمەن، دېدى كېرىم.

— بىلىمەن، سىز ئۇيغۇر، سىز كېرىم. ئەمما ئۇنداق ئەر-
زان مۇھەببەتلىك يىگىت ئەمەس، پاك ۋىجدانلىق ئۇيغۇرسىز.
چۈشىنىمەن ھەم ئىشىنىمەن، سىزنى مەنمۇ چىن يۈرىگىمدىن
يارىتىمەن، — دېدى مارىيە يىگىتنىڭ مۈرىسىگە يۇمشاق
ئالقىنىنى قويۇپ تۇرۇپ. يىگىت لەۋلىرى لىپىلداپ ئۇنىڭغا
تەلمۈرۈپ، نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

كېرىم بىلەن مارىيە ناھايىتى ئامراقلىشىپ كەتتى. بىللە
رەسىمگە چۈشۈپ دەپتەرلىرىگىمۇ بېكىتىۋېلىشتى. ھەتتا مارىيە-

ىنىڭ ئانىسىغىمۇ ئەۋەتىلدى. جۇمە كۈنلىرى خۇددى قەدىناسلار-
دەك يېتىلىشىپ يۈرىدىغان، ئاشىق-مەشۇقلاردەك بىر كۈن
كۆرۈشمىسە چىدىيالمايدىغان ۋە يالغۇز يىگەن تاماقمۇ گېلىدىن
ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ كېرىمنىڭ، شۇنداقلا
ئانىسى قابداشنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ۋاقتى-ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ،
چىرايلىق قاتلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

بىر كۈنى كەچتە ئىككىسى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇشتى. كېرىم
سەل مەيۈس ئىدى. ئۇ سوزى ئارىسىدا: "مەن بىر ئاددى
ئەسكەرمەن" دېۋىدى، مارىيە ئەجەپلەنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ
كوزىگە تىكىلدى ۋە "بابا كوچىدا پودپوروتچىك كامىل بىلەن
بىللە كەلگىنىمنى كورۇپ بولەكچە چۇشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ،
بەلكى بۇنىڭدا كۇنلەش ئادىتى بارمىكىن" دەپ گۇمان قىلدى.
مارىيىنىڭ خېلى ئاچچىغى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كېرىمنى
بەك ياخشى كورىدىغىنى ئۈچۈن ئوشۇقچە گەپ قىلىشقا كوڭلى
پايلىمىدى.

— سىز ماڭا ئىشەنمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟!

بۇ سوزنى مارىيە ئاران دېيەلىدى. كېرىم مارىيىنىڭ ئېسەـ
دەۋاتقىنىنى تامغى چىكىلدىغىنىدىن بىلدى-دە، دەرھال ئوزىگە
تارتتى. قىزمۇ تارتىنىشماي يىگىتنىڭ كوكسىگە بېشىنى قويىدى.
كېرىم ئۇنىڭ ماموقتەك چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— سىز ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، مەن، سىز گۇمان
قىلغاندەك مەقسەتتە ئەمەسمەن. ئىشەنچىڭىزنى بوشاتماڭ.

— ئەمىسە، ئىمىشقا مەن ئاددى ئەسكەر دەيسىز؟ سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمىشمەيتتۇقمۇ؟

— سوقۇش بولۇپ، فورونتتا يۇرۇشكە توغرا كەپقالسا، سىزنى قانداقمۇ قىلارمەن دىگەن غەرەزدە ئېيتقان ئىدىم.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنداق بولۇپ قالسا، سىز نەدە بولسىڭىز مەن شۇ يەردە.

— راستمۇ؟

— راست بولمايچۇ.

— مەن سوقۇشتا يارىلانسام؟

— ئۆزەم داۋالايمەن.

— بىر يېرىم ناكا بولۇپ قالسچۇ؟

— قورقماڭ، ئەگەر ناكا بولۇپ قالسىڭىزمۇ سىزنى زادى سويگىنىم سويگەن، پۇتىڭىزدىن ئايرىلسىڭىز يۇدۇپ يۇرۇپ، قولىڭىزدىن ئايرىلسىڭىز غىزا يىگۇزۇپ، كوزىڭىزدىن ئايرىلسىڭىز يېتىلەپ يۇرۇپ، كۇچۇمنىڭ بىرىچە ئىشلەپ باقىمەن. سىزنى مانا شۇنداق ۋاپادارىم دەپ يولداشلىققا تاللىۋالغانمەن. چىن كوڭلىڭىزدىن ئىشىنىڭكى، مەن ھەقىقى رۇس قىزىمەن.

"ئوتتەك مەڭزىگە مەڭزىنى قويدى، مۇھەببەت شارابىغا راسا بىر تويدى".

## IV

يېرىم كېچە مەزگىلى، ھەممىياق جىمجىت. ئۇپۇقنى تۇمان قاپلىغان. ھېچ نەرسە ۋە ھېچقەيەرنى پەرق ئېتىپ بولمايتتى. پەقەت كەينى-كەيندىن قاتار كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئېلېك-تىرى يورۇغىدا، غازاڭلاردىن ئايرىلىپ شاخلىرى يالىڭاچلىنىشقا باشلىغان ۋە بەزىلىرى ساپ-سېرىق غازاڭلىرى بىلەن شۇمشە-رەپ تۇرغان پاكار-پاكار دەل-دەرەخلەرلا كوزگە چېلىقاتتى. بۇ يەردە ھايات يوقتەك تۇيۇلاتتى. لېكىن نەدىندۇر بىر توشقان يولدا پەيدا بولدى. ئۇ ماشىنىنىڭ سوزۇلغان يورۇغىدىن چەت-لىشەلمەي قىڭغىر-قىيسىق تار يولدا ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ دىك-دىك سەكرەپ يۈگۈرەيتتى. بۇ، گويا يېڭى كەلگەن جەڭچىلەرنى قارشى ئالغىلى چىقىپ، ئەمدى چۈشىندى-غان جايغا باشلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. توشقانىنىڭ تاماشى-سىنى كورۇپ گۇدۇڭلاشقان ۋە كۇلۇشكەنلەر ئاۋازىدىن ئۇخلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ "مۇشۇكىكە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن" دىگەندەك ھۇيت-ھۇيت باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن قىقاس-سۇرەن، چاخچاق ۋە ناخشىلار كۇندۇزدىكىدەك يېڭىۋاشتىن يەنە قىزىپ كەتتى.

"ئۇرمانباغ، ئۇرمانباققا كەلدۇق"—دەيتتى بۇ مەغرۇر جەڭچىلەرنىڭ بەزىسى، "بۇ يەرنىڭ بېغى ياخشى بولسا كېرەك-

ھە؟“ دەيتتى ئۇلارنىڭ قايسىبىرلىرى. ” ھە، ساپاقلىرىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان مۆلەرنى ئۈزۈپ يەيسەن“ — دەپ چاچقاق قىلاتتى بەزى گەپدانلىرى. ئاڭغىچە بىرىنچى ماشىنا ئاللىقاندا بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. باشقا ماشىنىلارنىڭمۇ ئۇ يان-بۇ يان ئېغناپ كېلىپ شۇ ئەتراپتا توختاۋاتقىنى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئارسىيە تۇرمۇشى دىگەن شۇ-دە! ئۈچ كۈن بۇرۇن باغۇ-بوستانلىق شەھەرلەردە يايراپ يۈرگەن ئىدۇق، مانا بۈگۈن ئىنسان تۇرماق شەيتان شەپىسى يوق جەزىرىگە كەپقالدۇق. ھېرىپ-ئېچىپ يىراقتىن كەلدۇق. يۇرتتىكىدەك ئويۇن-تاماشا ياكى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە غىزا تەييارلاپ قويىدىغان بۇ يەردە كىم بار دەيسەن؟ ئاتا-ئانا، يارى-بۇرادەرلەر ئاللىقايەرلەردە قالدى. بۇ يەردە قېشىڭدىكى جەڭچى-دوستۇڭدىن يېقىن قەدىردانىڭ يوق!

— قابداش، ھەي قابداش، — ئۈنلۈك ۋاقىرىدى كېرىم.

— ئاۋ!

— بۇ ياققا كەل.

قابداش ئاۋاز چىققان تەرەپنى كوزلەپ ئازلا يۈرگەندىن كېيىن ھىچقاياقنى پەرق ئېتەلمەي توختاپ ۋاقىرىدى.

— ھە كېلە، قورقۇۋاتامسەن؟

قابداش تەمتىرەپ يۈرۈپ كېرىملەر ئورۇنلاشقان پاقماق قارىياغاچ تۈۋىگە كەلدى. كېرىم راخمانوۋ بىلەن قابداش بىرسى

تاغدا، بىرسى باغدا ئۇسكەن يىگىتلەر بولسىمۇ، بۇلارنى ھەربى تۇرمۇش شۇ قەدەر ئامراقلاشتۇرۇۋەتكەنىكى، ھەتتا بىر ئانا سۈتىنى ئەمگەن قان قېرىنداشلاردىنمۇ چارە ئىدى.

— قارنىڭ قانداق؟ — سورىدى كېرىم.

— ئۇزەڭگىڭكىدەك - دە، — تېز جاۋاپ باردى قابداش.

— ئالە ئەمىسە.

قابداش قولىنى ئۇزىتىۋىدى، كېرىم قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە: "نەنى ئىزدەپ يۈرۈيسەنۈي" دەپ قابداشنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇك يېنىدىكى نان خالتىسىغا يەتكۈزۈپ قويىدى. بىر دەمدىن كېيىن قابداش: "ئىچكىلى بىرنىمە تېپىلارمۇ" — دىۋىدى، كېرىم ئۇنىڭغا "ھە، ئايەردە ئاپاك ئايران تەييارلاپ قويۇپتۇ، بىر ئاياق (چوچەك) ئىچىۋالامسەن" دىدى. يېنىدىكىلەرمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى.

"ئۇيقۇ يەر تاللىماس، قېرى قىز ئەر تاللىماس" دىگەندەك، ئەتراپقا قويۇلغان قاراۋۇللارنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا، ھەر يەر - ھەر يەردە دۇم - دۇم چۈشكىنىچە ئۇيقۇ باشلاندى. ھارغانلىقتىن بولسا كېرەك، قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپ، ھەتتا تاڭ ئېتىپ تۇرۇشقا سىگنال چېلىنمىغىچە ھىچنىمىنى تۇيماپتۇق.

كوردۇقكى، يەنىخەي ئورمانلىقىنىڭ تىيانشان تېغىغا يېقىن تاشيول بويىدىكى بىر چېتىگىرەك چۈشكەن ئىكەنمىز. ئەنە ئاۋۇ بىر تۈپ يوغان ئاچىماق قارىياغاچ، بىز بىر يېرىم يىل ئىلگىرى ئۇن بىر بىتىمگە ئەمەل قىلىپ ماناس دەرياسى بويىدىن

قايتقىنىمىزدا ئاشۇ يوغان قارىياغاچنىڭ سايىسىدا ئارام ئالغان، ئويۇن-تاماشا قىلغان ۋە تاماق پىشۇرۇپ يېگەن ئىدۇق. ئەنە ئاۋۇ بىز ئوچاق ياساپ قارىسىپ كەتكەن كوپ-كوك ئىككى قورام تاش يېرىمىغىچە يەرگە پېتىپ يېتىپتۇ. ئۇ بۇگۇنمۇ "مانا مەن ئىنقىلاۋىي ئىشقا يەنە تەييار" — دەپ ۋەزىپە كۇتۇپ مولدۇرلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى دېخانلارنىڭ تاشلىنىپ قالغان بىرلا ئەسكى تېمىنى تۇزەشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خوجىلىق بولۇمى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسى بولۇم ئاشپەزلىرىمۇ ئەپلىك يەرلەرگە ئورا كولاپ قازان-قومۇشلىرىنى بېكىتكىلى تۇردى. بىزگە بولسا ئاشۇ قارىياغاچ تۇۋىدىكى قەدىناس قورام تاشلار يەنە ئەسقاتتى.

ئاگغىچە بىزنىڭ ئالدىراپ سوزلەيدىغان ھەييار تېلېفونىستمۇ خۇددى ئوزىنىڭ بويىدەك دىقماق بىر تۇپ جىگدىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا سايمان سالغان كون خۇرجۇنى بىلەن باشقا ئەسۋاپلىرىنى ئېسىپ بولۇپتۇ. ئۇ، تېخى لىنىيىگە ئۇلانمىغان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قۇلىغىغا تۇتۇپ ئاللىنىمىلەرنى سوزلەيتتى:

— ئەلۇ، ئەلۇ...

— ......

— ھە، ھە، ھەئە. بۇ زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونى. تۇن يېرىمىدا يېتىپ كەلدۇق.

— ...

—ۋاي ۋۇي نىمىسىنى سورايسىز. بۇ يەردىكى قەۋەت-قەۋەت ئىمارەتلەر ئالدىدىكى بوستانلاردا، پاخپىيىپ كەتكەن شاخلار ئاستىدا، غال-غال تەرلەپ... —تېلېفونىست بۇ سوزى داۋامىدا "هۇ-هۇ" دەپ راستىن تىترەپ چىشلىرىنى كاسلداتتى.

—......

—بىزگىما؟ هە، ياغلىرى تىمىپ تۇرغان تاماقلارنى پىشۇرۇپ قويغان ئىكەن...

—......

—كوماندىرىمىزنى دەمسىزا؟ نەدىكىنى، مۇنداق سوغدا جەڭچىلەر تۇرغان بىلەن كوماندىرىمىز تۇگۇلۇپ، يۇمشاق يوتقىنىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلىمەكتە...

—هەي ئابدۇللا، —دىدى ئېرىقتا ياتقانلاردىن كىمدۇر بىرسى تۇمشۇغىنى يوتقاندىن چىقارماي تۇرۇپ، —هەي تۇڭگان، بىر دەم ئۇخلىۋالغىلى قويساڭچۇ؟

ئەمدى ئابدۇللا تۇرۇپكىنى قويۇپ، قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ بوغۇق ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىراشقا باشلىدى:

—هەي ئاغىنىلەر، ئاڭلىمىدىم دىيىشمە، تېلېفون ئارقىلىق يۇقۇرىدىن ماڭا هوقۇق كەلدى. بۇيرۇيمەن: هەممىڭ ئورنىڭدىن تۇرۇش، هەي، تۇرۇش دىگەنىدىكىن تۇرۇش... —ئۇ، بىرنەچچىسىنىڭ يوتقانلىرىنى تارتىپ ئېچىۋەتتى. ئابدۇللانىڭ چاخچىقىغا جەڭچىلەردىن سىيت نارازىلىق بىلدۇرۇپ كوتۇلدىۋىدى، بۇ چاغدا ئاشپەزگە هەمكارلىشىۋاتقان كېرىم راخمانوۋ

سوزگه ئارىلاشتى.

— ھە، سيىتاخۇن، گۇمبەزدەك ياتماي تۇرۇڭ. سىز قىينا-
نىڭىزنىڭكىدە مېھماندارلىقتا كەلمىدىڭىز، ئابىرونىغا كەلدىڭىز،
ئابىرونىغا...

ئەتىگەندىن باشلاپلا مۇداپىيە ئىشلىرىغا شۇ قەدەر جىددى
تۇتۇش قىلىندىكى، مىلتىقىنىڭ نەيزىسىدىن تارتىپ قىلىچلار
بىلەن تا ئاشپەزلەرنىڭ پىچىقىغا قەدەر يەر كولاشقا سەپەرۋەر
قىلىنغان دىسىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايتتى. ئەنە گومىنداڭ-
دىن ئولجا چۈشكەن بىر برونوۋىك ۋە ئىككى تانكىمۇ زەنجىر
تاپانلىرىنى شاراقلىتىپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇماقتا.

كېرىم راخمانوۋلار ئودىلېنىيىسى ئالاقە بولۇم ئۈچۈن زېم-
لانكا (گەمە) كولاۋاتاتتى. ھەممە شۇ قەدەر جىددى ھەركەتتە
ئىدىكى، چېكىلىرىدىن چېپىلداپ تېمىۋاتقان تەرلەرنى ئېرتىش-
قىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. سيىتاخۇن بولسا دوۋىلەنگەن توپا
ئۈستىدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەككىلى تۇرغىلى بىر ھازا
بولدى. ئۇ دەممۇ-دەم ئالقىنىغا قاراپ قويۇپ، كالاچ ئاغزى
تارلىق قىلغاندەك يوغان بۇرنىنىڭ تۆشۈگىدىنمۇ پۇقۇرتۇپ ئىس
چىقىراتتى. بۇنى كورگەنلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك سيىتا-
خۇنغا ئادەتتىكىچە چاخچاق قىلاتتى.

— ھە نوچى، ئالقان ئېچىشىۋاتامدۇ، — دىدى دامبا.

ئاتتىن چۈشىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان سيىتاخۇن بۇ
نوۋەتمۇ بوش كەلمەسكە تىرىشىپ:

—نىمە دەيسە ناۋا قالماقنىڭ بالىسى،—دېدى قاملاشمىغان كۆلكە ئارىلاش،—مۈنچىلىك ئىشلىرىڭ بىزگە قانچىلىك ئىش.

—ھە، ئانداق بولسا چاپمايلىمۇ، ساتراچنىڭ ئۆرىقىدەك ئولتۇرۇپ، يوغان گەپ قىلغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ،—دېدى كېرىم.

—ئەكە، بەسلىشەمسە؟—دېدى ئالىقىنىغا تۈكۈرگىنىچە چوكقۇرغا سەكرەپ چۈشكەن سىيت يولۋاسوۋ.

—ھەي نوچى،—دەپ كۈلدى شۇ پەيتتە نېرىقى ئوددېلدىن كېلىپ توپا ئۈستىدە قولنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرغان تومۇرووۋ،—سىز تاماق يېيىشتە باشقىلارنى يېڭىپ قويىسىڭىزمۇ، لېكىن ئىشتا يېڭەلىپ قالارسىزمىكىن.

—ياق، يولداش كوماندىر، نەدىكى سويىملارنىڭ مۈشتەك تۇرۇپ ساقالغا ياماشقىنىغا دەيمىنا...زادى مۈشۈنىڭ بىلەن بەسلىشمەن،—دېدى ئۇ كېرىمگە قاراپ.

كوم ئىزۋوت كوز يۇمۇشلاپ قويدى.

سىيت يولۋاسوۋ كېرىم بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىن ئىشقا شۇنداق تۇتۇش قىلدىكى، ئۇنىڭ ھولۇقوپ ئاتقان توپىلىرى جەڭچىلەرنىڭ ئۈستى-بېشىغا چۈشكىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا گۈرجەكنىڭ سېپى چىقىپ كېتىپ، كۆچەپ شىلتىگەن سىيت ئۆزىنى راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۈرۈۋالدى. بۇ ھالغا جەڭچىلەر تېلىققۇدەك كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ”مانا سىيت نوچى ئۆيىنى بىر پەستىلا پۈتكۈزدى“ دېسە، يەنە بەزىسى

”بۈگۈن گۈرجەك كاشىلا قىلىپ كەچ قالدى، ئەتە جەزمەن پۈتكۈزىدۇ“ — دېيىشەتتى.

كوم ئەزۋوت تومۇرووۋ:

— ئالدىرىغان يولدا قالار دىگەن مۇشۇ — دە، — دەپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويىدى.

”سىيىت نوچى“ بولسا، تېخىچە گۈرجەكنىڭ سىپىغا ھوماي-غىنىچە قاراپ تۇراتتى.

## V

نويابىرغا يىگىرمە بىر، كۈنگە شەنبە ئىدى. ئەتىگەندىلا دەسلەپكى قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. كورگەنلا كىشى بىلەن چاخچاقلىشىپ تولا سوزلەيدىغان سۋەز ئەركەباي ئالچاڭلاپ زىملانىڭغا كىرىپ كەلدى. ئۇ، بوسۇغىدىن پەسكە چۈشۈپلا چاڭىلداق ئاۋازى بىلەن كۈچەپ توۋلىدى:

— كېرىم راخمانوۋ بارمۇ؟

— ھە بار، نىمە دەيسەن؟

— جۇر، سىياسى بولۇمدە چاقىرىۋاتىدۇ.

— كىم؟

— كىم بولاتتى، ئاكاڭ چاقىرىۋاتىدۇ. ئاكاڭ، — ئۇ ئۇز كوكرىگىگە ئۇرۇپ دىدى، — جۇر.

كېرىم ئانچىمۇ ئالدىرىماي ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئەركەباي

ئۇنىڭغا بىر كونۋېرتنى بېرىپ، مەيدىسىگە بىر نوقۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. كېرىم كوك كونۋېرتنى ئاۋايلاپ يىرتقىچە يۈرىگى دۈپۈلدەپ كەتتى. خەت مارىيەدىن كەلگەن ئىدى. قانداقراق شايتان قىزكى، زەيتۇنە ئىسىملىك بىر قىز خەتنى ئالامەت چىرايلىق ۋە تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ يېزىپ بېرىپتۇ. خەتكە يۈرەكنى ئويىنىتىدىغان ئاجايىپ مۇھەببەت لىرىكىلىرى بىلەن مۇنۇ بېيىتمۇ يېزىلغان ئىدى:

ئۇچسام، قانىتىم بولسا،
بېرىپ يارىمغا ياندىشسام.
يارنىڭ دىلى ئۇيقۇدا،
لېۋىدىن چىشلەپ ئويغاتسام.

ئۇ خەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر بەلگە قويۇلۇپ، بۇ ھەقتە "مۇشۇ بەلگە قويۇلغان جايغا سويسىڭىز، مەن شۇ بەلگە ئورنىغا ئۇچنى سويگەن" دەپتۇ ۋە ئوزىنىڭ قىسىم بىلەن بىللە فۇرونتقا كېلەلمىگىنىگە بەك ئەپسۇسلەنگىنىنى، ھازىر ئاپىسىنىڭ ئاغرىقتىن ساقىيىپ قالغىنىنى ھەم پات ئارىدا قىسىمغا كېلىدىغانلىغىنى يېزىپتۇ.

كېرىم خەت بىلەن بولۇپ كېتىپ چاي ئىچىشنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى. ئۇ ئەمدىگىنە بىر توغرام بولكا بىلەن يېرىم كۇرۇشكا چاي ئىچىۋىدى، يۈرۈش كوماندىسى بېرىلىپ،

ئالدىراپ تالاغا يۈگۈردى.

ئىزۋوت رازۋېتكىغا يۈرۈپ كەتتى، يول بويى كېرىمنىڭ كوز ئالدىدىن مارىيىنىڭ گۈزەل هوسنى كەتمەي، ئۇ چوڭقۇر ئويلار بىلەن باراتتى.

ئىزۋوتقا تاغ ئارىسىدا باندىتلار ئۇچرىشىپ قېلىپ، قاتتىق توقۇنۇش بولدى. بۈگۈنكى توقۇنۇش بۇ كەمگىچە ئوتكەن توقۇنۇشلاردىن ئالاهىدە پەرقلىنەتتىكى، ھەمىشە ئازراق تاراق-تۇرۇق قىلىشىپلا شەيتاندەك يوقاپ كېتىدىغان باندىتلار بۈگۈن خۇددى ئۇششۇك ھەرىدەك ھەر ياقتىن ئوزىنى ئۇراتتى. ئۇلار بىزنىڭ ئىزۋوتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەتراپتىكى چوققىلارنى ئىگىلەپ، ئەمدى بىز كېتىدىغان تاغ ئاغزىنى توساشقا ئالدىراۋاتقانلىقىمۇ بىلىنمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا ئىگىز چوققىغا پۇختا جايلاشقان بىزنىڭ ماھىر پىلىموتچىمىز كېرىم راخمانوۋ دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ئۇرۇنۇشلىرىغا تەنھا ئوزى دىگۈدەك جاۋاپ بەرمەكتە ئىدى. يەنە بىر پىلىموت بىلەن مىلتىقلارنىڭ تولىسى ئالدى ياقتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان باندىتلارغا قارشى ھەركەتتە ئىدى.

چۈشتىن كېيىن باشلانغان جەڭ تا كەچ كىرگىچە داۋام قىلدى. بىز تەرەپتىن ئۈچ جەڭچى يارىلاندى ۋە بىرنەچچە ئات چىقىم بولدى. لېكىن دۈشمەن ھېچ بوشىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىر چاغدا چومۇلىدەك پىتىراشقا باشلىدى. ئۇلارغا ئەمدى چاشقان تۇشىگى ساراي كورۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

بىزنىڭ يەنە بىر ئىزۋوت بىلەن ئوقچى پولك رازۋېتچىكلىرىمىز-نىڭ نەيزىسى ئارىسىدا قالغان باندىتلار كوپ ئولۈگىنى قالدۇرۇپ قاچتى.

بۈگۈنكى جەڭدە دۈشمەننىڭ قوراللىق ئون ئۈچ كىشىسى تىرىك ئەسىر چۈشكەن ئىدى. بۇ باندىتلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە قاراپ بىز ئادەتتىكى تاغ قازاقلىرىغۇ دەپ پەرەز قىلغان ئىدۇق. ئۇنداق ئەمەسكەن. پەدەز ۋە نىقابى ئېچىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئۇزۇن قازاق توُمغى تېگىدىن كاپىتان دەرىجىلىك بىر رادېست ۋە گومىنداڭنىڭ مەخسۇس جاسۇسلۇق ئورگانلىرىدا تەلىم ئالغان يەنە ئۈچ باندىت ئاشكارا بولدى.

ھەرقايسى بولۇم بەلگىلەنگەن جايلارنى چارلاش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. بىزنىڭ ئىزۋوت ئەسىرلەرنى ھەيدەپ قايتتى. ئىزۋودىمىز بىر يەرگە كەلگەندە ھاڭ تاش تۈۋىدە ياتقان بىر ئايالنى ئۇچراتتى. شەپە ئاڭلاپ بېشىنى ئاستا كوتەرگەن ئايال يەنە يەرگە تاشلىنىپ يۈزىنى شېغىل ئارىلاش قۇمغا يېقىپ دۇم ياتاتتى. بۇ ئايال ئانىدىن تۇغما قىپ-يالىڭاچ ئىدى. ئايالنىڭ قانداق كىشلىگىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ ئىپەت-نومۇسىنى ھايا پەردىسى بىلەن تېز تەمىنلەش ئىنسانىي ۋە ۋىجدانىي قەرز ئىدى.

كوم ئىزۋوتنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئاتتىن ئىرغىپ چۈشكەن كېرىم راخمانوۋ ئوتۇك ۋە شىمنى دەرھال سېلىپ ئىچكى ئاق ئىشتىنى بىلەن كوينىكىنى ئايالغا تاشلاپ بەردى. ئايال بولسا

دەرمانسز قوللرىغا تايىنىپ ئاران بېشىنى كوتەرگەندە پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى دىر-دىر تىترەيتتى. ئۇ بولالماي يەنە دۈم يىقىلىپ خىتىلداشقا باشلىدى.

—ئەجەپمۇ ئانامغا ئوخشاپ كەتتى،—دىدى كېرىم. ئۇ ئايالنى يولەپ ئىشتاننى، ئاندىن كوينەكنى كىيگۈزدى.

ئايال ئېغىر ياربدار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىدىن تىشىپ ئوتكەن ئوق كوكرىگىنىڭ سەل ئۈستى تەرىپىدىن پىيالىدەك يەرنى زىدە قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىن چىققان قان تېمىۋاتقان يېشى بىلەن قوشۇلۇپ كوكرىگىنىڭ قارامتۇل مونچە-غىدىن سىرىلىپ يەرگە تامچىلايتتى.

ئاھ، ئەجەپ ئېچىنىشلىق ھال! ئاشۇ قان تېمىۋاتقان كوكرەك مونچىغىدىن قانچە مەسۇم باللار لېۋىگە شەپقەت شەرۋەتلرى تامغان بولغىيدى-ھە؟

كېرىم راست بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، تاغ تەرەپكە، كېيىن ئەسىر باندىتلارغا قارىدى ۋە قاتتىق ۋاقىرىۋەتتى.

—كور! ھەي ھايۋانلار، بۇنى كوردۇڭمۇ؟!

ئايال بىر قۇر كىيىندۈرۈلدى ۋە بار بېنتلەر بىلەن جاراھە-تىمۇ تېڭىلدى.

ئۇ دوختۇرنىڭ جىددى ياردىمى ئارقىسىدا تېز ياخشىلاندى كېيىن كەچۈرمىشلىرىدىن جىق نىمىلەرنى سوزلەپ بەردى.

"قۇيرۇچۇقلار (باندىتلار) ئەلنى كوچۇشكە زورلىدى. ئىككى

يۈزچە ئايال دەرياغا كەينىنى قىلىپ كوزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ"
ۋابالىڭ قالىبىكى، قىيامەتتە بىزگە داۋاچى بولما" دەپ ئېلىپ
يۈرەلمىگەن باللىرىنى تىرىك پېتى سۇغا تاشلاپ كېتىشتى.
مەن كوچمەيمەن دەپ تۇرۇۋالسام، قاتتىق ئۇردى. ئازاپقا
چىدىماي تىللسام چېچىمدىن ئاتقا سورىتىپ ئۇلتۇرمەكچى
بولدى. كېيىن كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋېلىپ ئېتىپ تاشلىدى.
قالايمىقاندا سەككىز ياشلىق ئوغلۇم جۇماتايدىن ئايرىلىپ قالدىم.
بىچارە قوزام مالنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ قالغاندىمۇ، يا
بارمىدۇ؟!"

بىز بايا ئۈچ جەڭچىنىڭ يارىلانغانلىغىنى ئېيتىپ كەتكەن
ئىدۇق. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ باقايلى!

بۇ ئۈچىنىڭ بىرسى ساۋۇت، بىرسى ئاسىم، يەنە بىرسى
سىيىت يولۋاسوۋ ئىدى. ساۋۇت خېلى ئېغىر يارىلانغان بولۇپ،
ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تەككەن، ئاسىمنىڭ بولسا سول مۈرىسىنى
تېشىپ ئۆتكەن ئىدى. سىيىت نوچىنىڭ پەقەت ئوڭ قولىنىڭ
بەشمالتىغىنىڭ تۈۋىنى ئوق سىجاپ كەتكەن ئىدى. سىيىت
نوچى بولسا تا قىسمغا يېتىپ كېلىپ دوختۇر قولىنى تېڭىۋاتـ
قاندىمۇ ۋايجانلاپ "كوزۇم ئۇچۇق كېتىدىغان بولدى، دۇنياـ
لىقتا بىرلا ئاچام بار ئىدى، كورەلمەيدىغان بولدۇم. ئاغىنىلەر
ياخشىـ يامان دېيىشكەن بولساقمۇ رازى بولۇڭلار" دەپ ئاھـ
ۋاھ چېكەتتى. بويى نار توگىدەك، كوزىنىڭ ئېقى يوغان،
رەڭگى قاپـ قارا بۇ ئادەمنىڭ يېشى ئوتتۇز نەچچىلەردە بولسىمۇ،

بەزىدە سوزى ئارىسىدا ”بىز ئۇنداق نامەرت باللاردىن ئەمەس“ دەيتتى. ئوزى يىگىرمە سەككىزدە ياشاۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولسىمۇ، تېخى شۇ ئىزىدىن ئالغا سىلجىمىغان ئىدى. ئۇنى بەزى گەپدانلار ”چىلىك تۇر، ئوتتۇزدىن ئاشقان ھامان ئولىسەن“ دەپ چاخچاق قىلاتتى.

بۇ ئادەمنىڭ ئەسلى ئېتى سىيىت، لەقىمى ”سار“ بولۇپ، قۇرۇق ھاۋىنى ئالدى-كەينىگە قارىماي بەك ئېپ قاچىدىغان ئاجايىپ پوچى بىر كىشى بولغىنى ئۈچۈن قاچاندۇر ئاغزى قىچىشقان بىرسى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ ”سىيىت نوچى“ دەپ قويۇپتىكەن. سىيىت بۇ نام بىلەن ماختىنىپ يۈرەتتى، ئەمما ئۇنىڭدا بۇ نوچى دىگەن سۆپەتكە لايىق ھېچقانداق خۇسۇسيەت بولمىغىنى ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى ”سىيىت پوچى“ دەپمۇ ئاتىشاتتى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ قايسى سۆپەتكە لايىق ئىكەنلىگى تازا ئاشكارا بولدى.

دوختۇر مەسلىھەتى بويىچە ئېغىر ياردارلار شىخۇ گوسپىتالىغا ئەۋەتىلدى. سىيىت يولۋاسوۋ بولسا كۈچىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاشپەزنىڭ ئىختىيارىغا ئوتكۈزۈپ بېرىلدى.

VI

بۈگۈن باندىتلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئومۇمى يۈزلۈك ھەرىكەت يۈرگۈزۈلمەكچى ئىدى. باندىتلار قېچىپ ئوتىدىغان شەيتان

كۆۋرۈككە يېقىن يەردىكى بىر يولنىڭ ئاغزىنى توساش شۇ
ئەتراپنىڭ شارائىتى بىلەن تونۇشلىغى بار بىزنىڭ رازۋېت
ئىزۋوتقا تاپشۇرۇلدى. ئىزۋوت مەنزىلگە مېڭىش ئۈچۈن تەخ
بولۇپ تۇرغىنىدا قىسمىغا بىر ئاپتوماشىنا كەپقالدى. ئۇ ماشىنى-
دىن بەش كىشىنىڭ بىرسى بولۇپ مارىيەمۇ چۈشتى. ئۇ،
ئۇ يان-بۇ يان كۆز يۈگۈرتكىلى تۇرۇۋىدى، مەيداندىكى ئاتلار-
نىڭ ئارىسىدىن كېرىم يۈگۈرۈپ چىقىپ كۆرۈشتى. قىسقىچە
ئەھۋاللاشتى. قىزنىڭ يۈك-تاقلىرىنى كۆتىرىشىپ بېرىشقا ئۈل-
گۈرمىدى، چۈنكى ئاڭغىچە يۈرۈش كوماندىسى بېرىلدى.
كېرىم مارىيەگە دوختۇرخانا جايلاشقان تەرەپنى قولى بىلەن
كۆرسىتىپ قويۇپلا كەتتى. مارىيە تەلمۈرگەن پېتى قالدى.

كېرىم قارىياغاچلىقنىڭ چېتىگىرەك بارغاندا كەينىگە قارى-
ۋىدى، بىر قولىنى چېكىسىگە تۇتۇپ تېخىچە قاراپ تۇرغان
مارىيەنى كۆردى. خېلى يەرلەرگە بارغىچە كۆزى كەينىدە
بولدى. ئىككى ياش كۆڭۈلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى
پەقەت ئۆزلىرى بىلمىسە، باشقىلار چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى.

كۈچلەندۈرۈلگەن بۇ ئىزۋوت ۋاقتى-قەرەلىدىن بالدۇر
مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار، ھەر ئېھتىمالغا قارشى
مۇداپىئە تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە
ئىدى.

كۈن تىيانشان تېغىنىڭ كەينىگە بارغانسېرى تۆۋەن شۇڭغۇ-
ماقتا. يىراقتا گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى تاغۇ-تاشنى

تىترىتىپ، ھەر ياقتىن ئەكس سادا كەلمەكتە ئىدى. بىر چاغدا قارا مالان كوتىرىلدى. باش-ئايىغىنىڭ تايىنى يوق باندىتلار توپى ئۈركۈگەن ياۋايى ھايۋانلاردەك كېلەتتى. خۇدنى يوقاتقان باندىتلار ئويلىمىغان جايدا شۇنداق كۈتمىگەن زەربىگە ئۇچرىدىكى، ئەجەل ئاغامچىسى بالدۇرراق سورەپ كەلگەنلەر بەئەينى قارا ئۆژمە تۆكۈلگەندەك توپە-توپىسىگە دوۋىلىنىپ تاغ ئارىسىنى قىيا-چىيا كوتىرىۋەتتى. كەينى-كەينىدىن كەلگەن دۇشمەنلەر ئۆزلىرىگە يول ئېچىشقا شۇ قەدەر ئۇرۇناتتىكى، ھەتتا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدىن سۇڭگۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك ئومىلەپ، گايى يۈگۈرۈشۈپ، قەھرى-زەھرى بىلەن يىلاندەك ئېتىلاتتى. لېكىن دۇشمەن ھەرقانچە ئۇرۇنغان بىلەنمۇ ئالدى تەرەپتىن يول ئاچالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككى قاسناقتىكى ئاسمان-پەلەك تىك تاش قورغاندىنمۇ ئېشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

جەڭ ئاشۇ تەقلىتتە خېلى داۋام قىلدى. ئەمما باندىتلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىزنىڭ ھۇجۇمچىلارنىڭ تېخى خېلى يىراقتا ئىكەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. باندىتلار ھە دەپ كوپەيمەكتە. بىزنىڭ ئەزىمەتلەرنىڭ جەڭگىۋار روھى غەلىبە يالقۇنىدا ئاشۇ تاغ تۈۋىدىن يالڭاچ تېپىلغان جەملىدەك دەرتمەن كىشىلەرنىڭ ئىنتىقام ئوتىدا تاۋلانماقتا ئىدى.

"قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ، قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ"— دېگەندەك، ئولۇم گورى ئاغزىدا تۇرغان باندىتلارنىڭ قارا بەختىگە

ئۇمت تۇغۇلدى. بىزنىڭ ئىزۋوتنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر توپ باندىتلار كېلىپ قالدى. يېڭىدىن جانلانغان دۈشمەنلەر ئەمدى ئوق يىلاندەك ئېتىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا كوم ئىزۋوت تومۇرۋۇ كوتىرەڭگۇ ئاۋاز بىلەن:

—باتالسون، ئاخىرقى جەڭگە!—دەپ سوزۇپ ۋاقىراپ كوماندا بەردى. مۇنداق پەيتتە، ھەتتا ئىزۋوتنى "پولك" دەپ ئاتاش ئارقىلىق دۈشمەننى روھىي جەھەتتىن ھالسىرىتىش مۇمكىن ئىدى. ھالقا كوماندا (ئېغىزدىن-ئېغىز) ئارقىلىق ئىزۋوتقا بۇيرۇق بېرىلدى:

—2-ئوددېلېنىيە ئارقىغا قاراپ ئوت ئاچسۇن!

ئىزۋوت تەركىۋى يىگىرمە ئىككىدىن ئىككىگە بولۇنۇپ ئىككى سەپتە جەڭ ئېلىپ باردى. كۆن بولسا، ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، دۈشمەنلەر ئولۇگىنى دالدا قىلىپ يېقىنلىماقتا ئىدى. بىردىنلا كېرىمنىڭ پىلىموتى ئىشتىن توختاپ قالدى.

كوم ئىزۋوت ئومىلەپ يېقىن كەلگەندە كېرىم قولىنى تېڭىۋاتاتتى. كوماندىر كېلىش بىلەن ئۇ جەڭ ماشىنىسىنى (ئۇ، پىلىموتىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) يېڭى ئاھاڭدا جەزمىسى بىلەن سايرىتىشقا باشلىدى.

—نىمە بولدى؟—دىدى كوماندىر كېرىمگە ئاغزىنى يېقىن قىلىپ.

—ھېچنىمە،—دىدى كېرىم قولىنى ھەركەتتىن توختاتماي

تۇرۇپ.

ــ ئەكە، مەن ئېتىپ تۇراي، سەن...

ــ ياق، يولداش كوماندىر پىلىموتچىكلىك مېنىڭ، كوماندىرلىق سىزنىڭ، ئىزۋوتنى باشقۇرۇۋېرىڭ، ۋاقىت زىق...

تاغۇ-تاش دۈم كومۇرۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك زىلزىلە كۆچىيىپ كەتتى. باندىتلار ئەمدى يا ئۆلۈم، يا كورۇمگە قەدەم قويىدى. كوز يېتىپ تۇرۇپ تۇرغۇن قۇربان بېرىش بىھۇدە ئىدى. ئىزۋوت چېكىنىشكە توغرا كەلدى.

ئالدى بىلەن پىلىموتلارنى ئەپلىك جايغا يوتكۈۋېلىپ، ئۇنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چېكىنىش كېرەك. لېكىن ئىككى تەرەپتىكى دۈشمەننى توساپ تۇرغان ۋە ئەھۋال شۇنچە جىددى تۇرغان چاغدا، پىلىموتنى بىر دەم ھەركەتتىن توختىتىشقا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ كوماندىر تومۇرۇۋ ئويلاپ ئۆلگۈردى. بىر پىلىموت تەرەپكە مىلتىقلار كۆچىنى كۆچەيتىش ۋە كېرىم راخمانوۋقا ياردەمچىسى بىلەن بىللە دەرھال ئاتلار جايلاشقان جىلغا تەرەپتىكى چوققىغا ئورۇنلىشىش، ئۇ يەرنى ئىجازەتسىز قولدىن بەرمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى.

جەڭچىلەر بىر-ئىككىدىن ئومىلەپ چېكىنىشكە باشلىدى. بۇنى سەزگەن دۈشمەن تېخىمۇ جىددى ئۇرۇنماقتا ئىدى. چوققىنى ئىگىلەپ ئۆلگۈرگەن كېرىمنىڭ پىلىموتى سايراشقا باشلىغاندا، بۇ تەرەپتە 2-ئوددېلنىڭ پىلىموتى ئىشتىن توختاپ

قالدى. قولى قاتتىق يارىلانغان پىلىموتچىك ياقوپنى بىر جەگچى يەر بېغىرلاپ ئېلىپ قايتتى. ئۇنىڭ پىلىموتىنى ياردەمچىسى دامبا ئەمدىگىنە ئىشقا سېلىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭغىمۇ ئوق تەگدى.

كوپ دەككە زەربىدىن غالجىرلاشقان دۇشمەن "ئاتلان، ئاتلان" دەپ قاتتىق چۇقان سېلىپ پىلىموت بار چوققىنى ئەتراپتىن ئوراشقا ئۇرۇندى. كوماندىر پىلىموتچىكلارغا بۇيرۇق بېرىپ ئۆلگۈرەلمىدى. ئىجازەت بولمىغىنى ئۈچۈن كېرىم بىلەن قابداش چوققىدىن چېكىنمىدى. شۇنداق قىلىپ ئوت يۇرەك ئىككى جەگچى پىلىموتىنى پىقىرىتىپ قارا مالان ئارىسىدا قېپقالدى.

ئىزۋوت قىسمغا يېتىپ كەلگەندە مارىيە يۇگۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئويناق كوزى ئىنتىزارلىقتا سەپ ئارىسىنى ئاختۇراتتى. ئۇ ئىزدىگەن كېرىمنى قاتاردىن تاپالمىغاچ ئەنسىرىگەن ئاۋازدا سوربىدى:

—كېرىم قېنى؟

—بىر خىزمەت بىلەن قېپقالدى. جاۋاپ بەردى تومۇرووۋ.

—ئوزى يالغۇزمۇ؟

—ياق، بىرنەچچە كىشى.

ئوگى ئوچكەن مارىيە مەيۇسانە قىياپەتتە ئاران مېڭىپ دوختۇرخانا تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچنىمە ئوتمىدى، تۈن بويى ئۇيقۇسىمۇ كەلمىدى:

ئەتىسى بىز جابدۇۋاتقانـدا مارىيە روھـى پەرىـشان ھالـدا ئالدىراپ كەلدى ۋە:

— مەنمۇ بارىـمەن، — دىـدى. ئۇ كوم ئىزۋوتـنىڭ پىكرى بويىچە قىسىم كوماندىرىدىن ئىجازەت سوراشقا كەتـتى. ھايال بولماي يېتىپ كەلدى ھەم تېز تەييارلىنىپ قاتارغا چىقـتى.

بىز بېرىپ ئوت ئىچىدە قالغانلارنىڭ يا ئۆلۈك، يا تىرىكىنى تاپالمىدۇق. ئۇ ياق-بۇ ياقنى قاراشـتۇرۇپ، ئاخـىرى بىر قان ئىزىـنى تاپـتۇق. بۇنى كورۇپ مارىيە ئېسەدەشكە باشـلىدى. ئۇ ئەمدى ھەرقانچە سوز ۋە تەسەللىلەرگىمۇ قۇلاق سالمايتتى. قان ئىزى بىلەن ئالدىراپ باراتتى. بىز ئاخـتۇرۇپ بېرىـپ بىر ئىگىز ھاڭ تاشنىڭ تۇۋىدىن قەھرىمان جەڭچىلەرنىڭ جەسىدىنى تاپتۇق. بۇ ئۇستىخانلارنىڭ ئادەم جەسـىدى ئىكەنلىگـىگە باش سۆڭەكلىرىلا بەلگە بېرىـپ تۇرمىغىنىـدا، بىلگىـلى بولمايتـتى. چۈنكى، بىزنىڭ كېيىم باشلىق يولداشلىرىمىزنى ۋەھشى باندىتلار ئاتقا سورىتىپ كېلىپ ئاشۇ ئىگىز ھاڭ تاش ئۇستىدىن تاشلىغان ئىكەن. تاشلار ئېلىـپ قالغان ئالقانـدەك-ئالقانـدەك بىرقانـچە پارچە گوشلىرىدىن بولەك ھېچنىمىسى قالماپتۇ. تاغ بورىـلىرى ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى شۇنچىلىك غاجاپتىكى، جەڭچىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى خۇددى قوۋزىغىنى سويۇۋەتكەن دەرەخ شېخىدەك ئاپپاق قىلىـۋېتىپتۇ. بۇنى كورگەن مارىـيە ئاھ ئۇرغىـنىچە يىـقىلدى.

ئۇزەڭىنىڭ ئاتا-ئاناڭ ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭدىن

ئايرىلىپ، يۇرتۇڭدىن يىراق چۆل-جەزىرىلەردە، قارلىق تاغ، قانلىق ئاكوپ، دەشتى باياۋانلاردا بىللە يۈرگەن، جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ چەككەن، زەي زېمىلانكىلاردا ئۈچقو-يۇن-تاشقويۇن بولۇپ بىللە هايات كەچۈرگەن قەدىردان سەپدىشىڭنىڭ ساڭا تونۇش بولغان ۋۇجۇدىنى بۇ تەرىقىدە ئۇچرىتىشتىنمۇ ئەلەملىك ۋە ئېغىر هال بولارمۇ؟

بىز باتۇر يولداشلىرىمىزنىڭ پاك قېنى تامغان يەرگە ئىسسىق ياشلىرىمىزنى ئاقۇزۇپ، بېشىمىزنى تۆۋەن ئەگكەن هالدا مۇڭلۇق ماتەمگە تۇردۇق. ئاندىن ئىككى ئاياقلىق ۋە تۆت ئاياقلىق يىرتقۇچلارنىڭ دەهشەتلىك ئازاۋىدا قاخشالغا ئايلانغان مەرت دوستلىرىمىزنىڭ سەدەپتەك سوڭەكلىرىنى هورمەت-ئىززەت بىلەن بىر-بىرلەپ يىغدۇق-تە، تىيانشان باغرىدىكى ئۆزلىرى تاشلانغان ئاشۇ ئىگىز چوققىغا ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن تاش بىلەن قەۋرىسىنى قاتۇرۇپ، ئۈستىگە قىزىل لاتا بىلەن كىچىك بايراقچە قادىدۇق. بايراق قاداش مۇناسىۋىتى بىلەن هەربىي قائىدە بويىچە ئۈچ جەڭچى ئۈچۈن توققۇز تال ئوق ئېتىپ ساليوت بەردۇق. بۇ ساليوتنىڭ تاغۇ-تاشنى تىترىتىپ جاراڭلىغان ئەكس ساداسى، گويا پۈتۈن ئەلنى ئويغىتىشقا چېلىنغان ئازاتلىق سىگنالىدەك، جاسارەت بىلەن ئۇزاق-ئۇزاقلارغا ياڭراپ كەتتى.

بىز ۋەتەن قۇربانلىرىنىڭ قەۋرىسى يېنىدا تىك تۇرۇپ قەسەم يات قىلدۇق.

—ئەزىز دوستلار! بىز سەنلەر ئۈچۈن دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالىمىز!

—مەن كېرىم ئورۇنلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاخىرغا قەدەر كۈرەش قىلىشقا تەييارمەن، —دىدى مارىيە مەتلەرچە كوكرىگىنى كېرىپ ۋە مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ. ئۇ، بىر دەم قاتتىق تىكىلىپ تۇردى-دە ئاندىن جىددى قەدەم بىلەن بېرىپ، ھىلىقى قەۋرە ئۈستىگە قادالغان بايراقچىنىڭ چېتىدىن كىچىككىنە يىرتىپ چېچىغا تاقىدى. —بۇ، كېرىمنىڭ قېنى بىلەن بويالغان لېنتا، مەن بۇنى قەدىرلەيمەن.

بىز، باتۇرلار بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىپ، چوققىدىن تۆۋەنگە چۈشۈۋېتىپ قارىغىنىمىزدا، قەھرىمانلار قەۋرىسى ئۈستىگە قادالغان قىزىل بايراقچە خۇددى تىيانشان ئۈستىگە قادالغان ئازاتلىق بايرىقىدەك لەپىلدەپ تۇراتتى.



# بەختاخۇننىڭ بەختى

(ئۇتمۇشتىن)

"ئامتى كەلگەن كىشىنىڭ شىشىسى تاشنى چاقار،
ئامتى قاچقان كىشىنىڭ هالۋا يەپ چىشى چىقار."
— سەئدى. «گۇلىستان»دىن.

"خۇدا بەرسە پەيغەمبەر غىلىڭ قىلالماپتۇ" دىگەنلىرىمۇ شۇ ئىكەن-دە. مانا قاراڭ، ئاجايىپ بىر ئىش. چۈشۈممىكىن دىسەم ئۇڭۇم.

بولمىسا، مەن بەخت توغرىسىدا هەر بىر ئويلىغىنىمدا ئەگەر ئاسماندىن يامغۇر ئورنىغا ياقۇت، قار ئورنىغا قەن ياغسىمۇ ماڭا بىرەر تال تەگمەسمىكىن دەيتتىم. بولۇپمۇ مۇنداق بىر چىرايلىق چوكاننىڭ ئۆزىچىلا كېلىپ قولتۇغۇمغا قىستۇرۇلۇپ قېلىشىنى خىيالىمغا بىرمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم. چۈنكى مەن تۇغما بەختسىز ئىدىم.

ئاخشام ئىدى. «رابىيە سەئدىن» دىگەن تىياتىردىن قايتقان ئادەملەر كوچىدا مىغىلدايتتى. كۆلۈپ بىلەن چوڭ كوچا ئارىلا-

غىدىكى مەيدان خىرە-شىرە يورۇق ئىدى. ئىمىلەرنىدۇر ئۇيلاپ بىرئاز مېڭىشىمغا بىرسى كەينىمدىن كېلىپ مېنى قولتۇق-لاپ، بىر قىزىق سوزنى باشلىدى. كوز قىرىمدا قارىسام بىر چىرايلىق چوكان ئىكەن. ئۇ، يېقىن بىر كىشىسى بىلەن قىلىش-قان سوزىنىڭ چالا قالغان قىسمىنى داۋام قىلىپ باراتتى. مەن بولسام: بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى؛ خېلى قاملاشقان بالىكەن؛ تونۇيدىغانلار كورۇپ قالسا ئىمە دەر... ئىمە دىسە دىمەمدۇ: مەيلى، بىر قىزىق بولسۇن: ئولۇمدىن باشقىنىڭ بەرى تاماشا... دىگەنلەرنى ئۇيلاپ قىزىق ساراسىم ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمدا، قۇلۇغۇمنىڭ تۇۋىگە بازغاندەك تەككەن مۇشت مېنى تىك موللاق چۇشۇرۇۋەتتى. چوكان بىچارە ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىۋەتتى. دومىلاپ يېتىپ قارىسام مېنى دەسسىمەكچى بولغان شاپ بۇرۇت، قاپ-قارا تومپاي بىر كىشىنى بولەك ئىككى ئادەمىنىڭ چىڭ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغانلىغىنى كوردۇم. بولمىسا ئۇ تومپايىنىڭ قونچىلىرى قايرىلغان قوپال ئوتۇگىنىڭ تاپىنىدا ھالىم ئىمە بولاتتىكىن...

چوكان تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ كىشىدە گۇنا يوق، ھەممە گۇنا مەندە،... مە... مەن تونىماي—... دەۋاتقىنىدا ئاۋۇ يۇلقۇنۇپ ۋە ۋاقىراپ:

— ئۇچ تالاق... سەندەك بۇزۇقنى...، — دەپ ئۇلگۇردى. چوكان بولسا ھوڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەيىپلىگۇچى، سالاچى، سۇرۇشتە قىلغۇچىلارمۇ كوپەيدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ

ئەر-خوتۇن ئىككىسىمۇ تىياتىرغا بىللە كەپتىكەن. قايتىپ چىققاندا ھەر ئىككىسى ھاجەتخانىغا كىرگەن، ئەمما ئايال بالدۇرراق چىقىپ، كىيىملىرىم ئېرىگە ئوخشىغان مېنى ‹‹قۇلتۇقلىغان›› ئىكەن.

خۇداغا مىڭ شۈكۈركى، ھېلىغۇ مۇشت تېگىپتۇ. ئەگەر كاللامغا كالتەك ياكى بېقىنمغا پىچاق تەككەن بولسا، ھاياتىم نىمە بولار ئىدى؟...جاھالەت قاپلىغان بۇ خوراپى قەشقەردە ئۇنداق ئەھۋاللار ئاز دەمسىلەر؟... مەن سىلەرگە مۇشۇ مېنىڭكىدەك ئۇقۇشۇلماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئېچىنىشلىق بىر پاجىەنى ئېيتىپ بېرەي.

ئىككى يىگىت ئامراق دوست ئىكەن. ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايلىق چوكانلىرىمۇ ئەرلىرىگە ئوخشاشلا ھەمىشەم ئايرىلمايدىغان، بىر بىرىدىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىغان، سېنىڭ-مېنىڭ دىيىشمەيدىغان ئامراق ئاداشلار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى چوكان بىللە مونچىغا چۈشۈپتۇ. بىرسىنىڭ كىشىگە ئېيتىنى ئېيتقىلى بولمايدىغان يېرىنىڭ ئۈستىدە قوناقتەك بىر تال مەڭ بار ئىكەن. ئۇ مەڭ ئۇ يەرگە بەك ياراشقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا يەنە بىر چوكاننىڭ زوقى كەپتۇ. ئۇ، ئاخشىمى ئېرىگە ئۆزىنىڭ مونچىدا كورگىنىنى قىزىقارلىق قىلىپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چوكانلارنىڭ ئەرلىرى ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ چاخچاقلىشىپ، كەيپچىلىكتە ئاۋۇنىڭ ‹‹مەڭ››

توغرىلىق ئۇز خوتۇنىدىن ئاڭلىغىنىنى يادىغا يېتىپتۇ-دە:
—ئاداش، سىلەرنىڭ خوتۇنۇڭلار... خانىنىڭ ئاشۇ يېرىنىڭ ئۇستىدە تازا ياراشقان بىر تال مېڭى بار جۇمۇ،—دەپ ساپتۇ.

ئاۋۇنىڭ كوڭلىگە قاتتىق شۇبھە چۇشىدۇ-دە، قايتىپ كېلىپ چىراقتا كورسە، راست. دەرغەزەپ بولغان مەس شۇ ئانلا دەسسەپ تۇرۇپ چوكىنىنىڭ بۇرنىنى كېسىپ تاشلايدۇ. قاراپ تۇرۇپلا شۇنداق بىر گۇزەل چوكان ھېيىپناق بولىدۇ. ئەھۋال ئۇقۇشۇلغاندىن كېيىن ئاۋۇ پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، چىقۋالغىلى ئاچا تاپالماي قالىدۇ.

بۇ مېنىڭ ئىشىم ئۇڭغا تارتقان. ئاشۇ مەس تەلۋىدەك ئىش قىلسا نىمە دېگىلى بولاتتى. چۇنكى مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى يېتىلەپ ماڭغان ئەمەسمۇ؟

—شۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى دەمسىز؟ ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قىزىق بولدى. شۇنىڭ ئەتىسى بىز پەتىۋا سوراپ قازىخانىغا باردۇق. يوغان سەللىلىك ئاپپاق ساقال، قاپ-قارا قازى بىزنىڭ ۋەقەيىمىزنى ئۇققىنىدىن كېيىن:
—ئۇچ تالاققا شەرئەتتە "تەلە" قىلىنمىغىچە يول يوق،— دەپ ھوكۇم قىلدى. ئاندىن "تەلە" دېگىنىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى چۇشەندۇردى.

"ئۇچ تالاق" قىلىنغان ئايال بولەك بىر ئەرگە تېگىشى، ئۇ ئەر بىلەن بىر كېچە ئەر-خوتۇن بولۇشى، ئاندىن بۇ يېڭى ئېرى ئۇنى "بىر تالاققا بايىن" قىلىشى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە

ئۆزىنىڭ كونا ئېرىگە نىكا قىلىنىشى كېرەك ئىكەن، مانا مۇشۇنداق "جياگۇڭ" قىلىنغاندىن كېيىن خوتۇن ئۆزىنىڭ ئېرىگە نىكا قىلىنسا "جايىز بولۇر" ئىكەن.

مۇرەسسەچىلەر ماڭا "بالانىڭ بېشى ئۆزىڭىز بولغاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ بىچارە ئايالنى تەلىگە ئۆزىڭىز ئېلىڭ" دېيىشتى. مېنى تەشۋىشلىك خىياللار باستى. "سالاغا كەتكەن قېرىنداشىم بولۇپ قالارمەنمۇ" دەپمۇ ئويلىدىم. نېمە بولسا بۇ بىچارىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا سەۋەبچى بولغان مەن ئۆزەمغۇ؟ بۇ چوكانىمۇ خېلى قاملاشقان بالىكەن. خۇدا بەرسە پەيغەمبەر غىنىڭ قىلماپتۇ، دىگىنىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك. تەۋەككۇلچىنىڭ بىر ناخشىسى ئوشۇق دىگەن گەپمۇ بارغۇ!

— ئالسام ئالاي، — دەۋەتتىم. بەزىلەر بارىكاللا دەپ، بەزىلەر مەسخىرىلەپ كۈلۈشۈپ كەتتى. قازى ئاخۇنۇم نىكانى باشلاپ، بىرمۇنچە بىرنىمىلەرنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئوقۇغانلىرى ئىچىدىن: ئادەم ۋە ھاۋا، ئىبراھىم ۋە سادا، ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستاپا ۋە خەلىچە كىبرا... دىگەنلىرىدىن بولەك ھېچ نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. قازى نىكانىڭ ئاخىرىسىدا مەندىن:

— ئېتىڭىز نىمە؟ — دەپ سورىدى.

— بەختاخۇن، — دىدىم. كارامەتنى كورۇڭكى، چوكانىنىڭ ئېتى بەختىخان ئىكەن. خۇدا بەرسە پەيغەمبەر راستلا غىنىڭ قىلالمايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ مەن خوتۇنلۇق بولۇپ قالدىم. مەن قازىنىكا ھەقىقنى تولەپ چوكىنىمنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىۋاتسام، ھىلىقى شاپ بۇرۇتلۇق تومپاي كوزلىرىنى پاقىرىتىپ، غىڭ قىلالماي قاراپ قالدى.

كېچىنى كوكۇللۇك ئوتكۇزدۇق. بەختىخان بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۇزەشتىلىرىنى سوزلەپ بەردى. ئۇ بىر كەمبەغەل موزدۇزنىڭ قىزى بولۇپ، ئاتا-ئانىسىدىن ماڭا ئوخشاشلا كىچىك يېتىم قېلىپ، ئېغىر كۇنلەرنى كوروپ ئوسكەن بىر بىچارە ئىكەن. ئۇنى «ئۇچ تالاق» قىلىۋەتكەن ئاۋۇ شاپ بۇرۇت ھەققىغە كەلسەك، ئۇ ئون ئۇچ ياشلىق بەختىخاننى بەشىنچى ئويلىنىشىدە ئالغان ئىكەن. ئۇنىڭدا ئادەمگە خاس خىسلەت يوق، مال مىجەز بىرنىمىكەن. مەن ئۇنى ماڭا كۇندەش بولۇپ قالغىنى ئۇچۇنلا يامان دەۋاتمايمەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر بەلەن چوكاننى قوينۇمغا تاشلاپ بېرىۋاتقىنىغا رەھمەتلەر ئېيتىمەن.

ئەمما ئۇ مەخلۇقنىڭ ئادەمگە يات ئادەتلىرىنى ئاڭلاپ ئاشۇنداق دىگۇم ۋە يىرگەنگۇم كەلدى. ئۇنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنىڭ ئېيتىشقا بولىدىغان بەزىلىرىنى ئېيتىپ بېرەي.

ئۇ بىر يەرگە بارماقچى بولسا، بەختىخاننى ئويگە سولاپ، بوسۇغا توۋىلىرىنى سۇپۇرۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىدىكەن. خوتۇن يولدا، بالا بەلدە دەيدىغان، خوتۇن كىشىنى ئۇرۇش، قورقۇتۇش بىلەن ئوزىنى «گاڭگۇڭ» ھىساپلايدىغان، دولىسىنى

سىڭايان چىقىرىپ يۇرىدىغان قەشقەر قاپاق نوچىلىرىنىڭ تازا بىر ئەللامىسى ئىكەن. يەنە ئۇ قازان بېشىغا چىپىلىدىغان چۈپەينىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققىنى ئىكەن. شۇنداقلا ھەممە نىمىسگە قۇلۇپ سېلىۋېلىپ ناننى چاغلاپ بېرىدىغان، كېچىسى ئىشىك ماراپ ئوغلىنى كېلىنىدىن كۈنلەيدىغان، قىزغانچۇق بىشەم ئاپىسى چىقىشتۇرسا، راست-يالغىنىنى سۈرۈشتۈرمەيلا خوتۇنىنى ئېشەكتەك دۇمبالايدىغان ھاماقەتنىڭ بىرسى ئىكەن.

بىچارە بەختىخان قارا كوكۇل ئېرى ۋە ئەشەددى زومىگەر قىينانىسىدىن كورگەن كۈلپەت، ئىزا-ئاھانەتلىرىنى ئەسلىگە-نىدە بۇقۇلداپ يىغلاۋەتتى. ئاخىردا ئۇمۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى. ئادەتتە مەن ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى كورۇنگەنگە ئېيتىپ يۇرۇش يامان كىشلەرنىڭ خۇلقى، ئەدەپسىزلىك دەپ قارايتتىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ بېشىمدىن ئوتكەن "خوتۇن سوداسى"نى بولۇپمۇ ھىلىقى ھازازۇل خوتۇندىن كورگەن كۈلپەتلىرىمنى بەختىخانغا ئېيتىپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

مەن سوزنى "يامان خوتۇن شاياتۇن قامچىسىدۇر، قولىن باغلايدىغان ئاغامچىدۇر..." دىگەن كونىلار نەقلى بىلەن باشلىدىم.

بىزنىڭ ئۇيغۇردا ئەرنى ئەر قىلىدىغان ۋە بەلكى ئەرنى شەر قىلىدىغان پەرىشتە سۇپەت خوتۇنلار ئاز ئەمەس. ئەمما مېنىڭ قويۇۋەتكەن ھىلىقى چەيزە رەڭ ئاپپىغىم يۇزى ئاق، كوڭلى قارانىڭ—ئەرنى يەر قىلىدىغانىنىڭ نەق ئوزى ئىدى.

خوتۇن زاتىنىڭ ئۇنىڭدەك ياڭزىسىنى تېپىش تەس ئىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇيلۇق بىر خوتۇن ئىدىكى، ئارىدىن ئازراق گەپ تەگىشىش ئۇتىسلا ”ئاغرىپ قالدىم“ دەپ نەچچە كۈن ھەتتا ھەپتىلەپ يېتىۋېلىپ، ئازاپ سالاتتى. ئىككى نان تاپسا يەنە بىرىنى قەرز ئېلىپ ئۇچىنى داپ چالاتتى. بىراۋنىڭ خوتۇنى بىرەر يېڭى نەرسە كىيسە، مەن كىيمەي ئۇ كىيىپ كېتەمدىغان دەپ، ئىچى ئاداشتىن ئەرۋاھدەك جۇدەپ كېتەتتى. ئۇي ئىچىلىك بىلەن تالالىق كىيىمىنىڭ تايىنى بولمايتتى. قاچانكى يېڭى كىيىم كىيسە شۇپتۇر قىلىپ ”كىر-قاتلار بوخچىسى“ ئارىسىغا تىقمىغۇنچە يەڭگۇشلىمەيتتى. ئاشقان ئاشلىرى ئۇستىدە پايتىما، پايپىغى، ئۇپا-ئەڭلىك ئەندازلىرى بىللە ياتاتتى. خولۇم-خوشنىلارنى دات-پەريات دىگۇزەتتى. باردا پولدۇرۇڭ-پۇلدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ ئىدى. چوڭغا ھورمەت، كىچىككە ئىززەت، شەرھى ھايا دىگەننى ئۇقمايتتى. ئىنتايىن ئاغزى يامان بىر بىشەم ئىدى. ئۇنداق ئادەمگە قىلىنغان ياخشى سوز خۇددى خېچىرنىڭ قۇلىغىغا ساتار چالغاندەك؛ قەدىر بىلمەسكە قىلىنغان ياخشى مۇئامىلىمۇ خۇددى ئېشەككە مۇرابىا بەرگەندەك بىر ئىش بولىدىكەن.

مەن ھەرقانچە سەۋرى-تاقەت ۋە نومۇس قىلساممۇ ھىچ ئىلاج قىلالماي ئاخىرىدا ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن خوتۇن دىسە تەنلىرىم جۇغۇلدايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلاپ بەختىخان چوڭقۇر خۇرسىنىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى ۋە قاتتىق ئۇھ...تارتتى.

— بىر گېپىم بار ئاڭلامىلا، — دېدى ئۇ.

— قېنى، ئاڭلاپ باقاي، — دېدىم.

— ئىككىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىر بىرىمىزنىڭكىدىن ھېچ قېلىشمايدىكەن، ئەمدى، ئەگەر سىلىگە ماقۇل كەلسە. ئىككىمىز مۇشۇ نىكالانغان پېتى ئايرىلىشماي ئۆي-ئوتاق بولۇپ كەتسەك نېمە دەيلا؟

مەن ياستۇقتىن بېشىمنى دەس كوتەردىم. تۇگىلۇكتىن قىيپاش چۈشكەن ئاي يورۇغىدا ئۇنىڭ ھوسنى-جامالى كوزلىرىمگە گۈلدەك كورۈنمەكتە؛ ئوتتەك بەدەن، ماھۇقتەك كوكرەكلىرى سىماپتەك لىغىرلاۋاتقىنى سېزىلمەكتە ئىدى. مەن سورىدىم:

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ئەلۋەتتە مۇمكىن، — دېدى بەختىخان كەسكىن ھالدا.

— مەسىلەن قانداق؟

— قانداق بولماقچى؟ سىلە ئالغىنىم ئالغان دەپ چىڭ تۇرۇۋالا، مەنمۇ تەككىنىم تەككەن، ئايرىلىشمايمەن دەپ چىڭ تۇرىمەن، شۇ چاغدا بىزنى ھېچكىم ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

— شەرىئەتچۇ؟

— قازى ئاخۇنۇم ئوزى نىكالاپ قويغان تۇرسا يەنە نېمە دېمەكچى؟ قانداق، بەللىرى چىڭمۇ؟

ــ چىلىك بولمايدىغان جىنىم....

ــ......

بەختىخان بىر تاتلىق كۈلدى. ئىش ئۇنىڭ دىگىنىچە بولدى. بەختىمىز ئۇچىدىن، ئىشتان بولسا سوچىدىن كەلدى.

بەختىخان ھەقىقەتەنمۇ ۋەدىسىگە ۋاپالىق چىن مېھرىۋان خوتۇن بولۇپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئېيتىپ كەلسەم تۈگىمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇي تۇتۇشنى بىلىشى، سەرەمجانلىغى، ھەر ئىشنىڭ گۈلىنى گۈلىگە كەلتۈرۈشلىرىنى دەيمۇ، قايسىبىرسىنى دەي؟...مۇنداق دىسەم، بۇ خوتۇننى ماختايدىغان چوڭ زاڭ ئوخشايدۇ دىيىشىڭلار مۇمكىن. مەيلى، كىم نىمە دىسە دەۋەرسۇنكى، ياخشى ئىشلارغا كوز يۇمۇش ياخشى ئادەت ئەمەس.

راستىنى دىسەم بەختىخاننى جەننەتنىڭ پەرىشتىسىگىمۇ تەڭ قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئۇ، شۇنداق تەڭدىشى يوق ۋاپادار خوتۇن بولۇپ چىقتى. ياندۇرقى يىلى بەختىخان باقاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى. ئوغلىمىزنىڭ ئېتىنى "بەختىيار" قويدۇق، شۇ يىلى ئولكە ئازات بولدى.

بەختىيار ھازىر ھەربى سەپتە ئىشلەيدۇ، ئۇ، يېقىندا يازغان خېتىگە قوشۇپ يولدىشى ئارزۇگۈل بىلەن قىزى رازىگۈلنىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ دەرىجىسىمۇ ئورلەپ ھازىر مۇئاۋىن لىيەنجاڭ بولغان دىيىشىدۇ. ئۇ خېتىدە: سىلەرنى، ئۇكىلىرىمنى بەك سېغىندىم، دەپتىكەن، بىز بەختىخان ئىككىمىزمۇ ئوغلى-

مىز ئەركىن بىلەن قىزىمىز ئانارگۈلنى ئوتتۇرىمىزغا ئېلىپ چۈشكەن سۈرىتىمىزنى ئەۋەتىپ بەردۇق. كۆڭۈل-كۆكسۈمدىكىنى دىسەم، مەن ھەقىقى بەختلىكمەن.

قېنى، سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، مېنىڭ شۇ چاغدا بەختىخانىنىڭ رايىغا قارىغىنىم، ئۇنى ئالغىنىم، ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىم دۇرۇسمۇ، يا بۇرۇسمۇ؟

1980-يىل، مارت.

# سۇرەت

”ئۇلۇم“ ۋەقەسىدىن بىر ئاي كېيىن ئۇلگۇچىنىڭ يەنە ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ۋەقە مۇنداق ئىدى: تاش يولدا ھادىسە يۈز بەردى. يول بويىدىكى ئېرىق-نىڭ لېۋىدە ئۇلگۇچىنىڭ مىجىلغان كاللىسى ۋە گەۋدىسى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرى ئازگاللىدا يوغان بوچكا (تۇڭ)، ئىككى يان تەرەپتە بولسا، چوڭ چاقلىق تىراكتۇر بىلەن كونىراق بىر يۈك ماشىنىسى خۇددى قېيداشقان ئۇلپەت-لەردەك ئىككى يانغا باشلىرىنى ۋە بىر بىرسىگە كەينىنى قىلغان-لىرىچە يانتۇ تۇراتتى. كوۋرۇك تۇۋەنىدىكى پاخماق قارىياغاچ-نىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە كىشى چاپانلىرى ياغلىشىپ كەتكەن پاناق بۇرۇن بىرسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى؛ ئۇ ئاغزى بىسىلماي چوكۇلداپ سۆزىنى ئۇزمەي داۋاملاشتۇراتتى:

— مەن ئۈچ قېتىم مۇكاپاتلانغانمەن، چاتاق يوق ئىدى، مەن بۇيان بۇرسام، ئۇمۇ شۇ يان تولغىدى ئەمەسمۇ، — دەيتتى ئۇ.

ئۇچقاندەك كەلگەن ”جىپ“ ماشىنا كوۋرۇك ئاغزىدا توختاپ ئۇنىڭدىن ئۈچ كىشى چۈشتى. ئۇلار ئاپارات ۋە سومكىلىرىنى

ساڭگىلاتقانلىرىچە قانلىق جەسەت تەرەپكە ماڭدى. ئاۋۇ قارىياغاچ تۈۋىدىكىلەرمۇ دۈررىدە تەۋرەندى.

سۈرەتكە ئېلىنىشلار ۋە باشقا ئىشلار بىجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ يانلىرى ئاختۇرۇلدى. قىزىل پورتمال، ئۇنىڭ ئىچىدىن... يۈەن پۇل، تامغىلىق تونۇشتۇرۇش، ئىككى سۆڭلۈق يالغۇز كىشىلىك بىر سۈرەت ۋە توت كىشىلىك يەنە بىر سۈرەت چىقتى، تەھقىقكى بۇنىسى ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئىككى بالىسى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. ساقچىلار ئۇ نەرسىلەرنى بىر-بىردىن ئىدىنتلاپ يازغانلىرىدىن كېيىن ئاستىغا "1966-يىل، 11-ئاينىڭ 16-كۈنى" دەپ چىسلا قويىدى.

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن مەزكۇر ماشىنا مەلۇم بىر يېزا ئىگىلىك مەيدانىنىڭ كوچىلىرى باراقسان تال-تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان كەڭ سەيناسىغا كېلىپ توختىدى-دە، ئۇنىڭدىن بىرگە تونۇش ئۈچ كىشى چۈشتى. ئۇلار دەرىزىلىرى چېقىلغان ۋە زىددىلەنگەن تاملىرىغا رەڭگا-رەڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلانغان ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ پېشانىسىدىكى "بىڭتۇەن... نچى دىۋىزىيە... نچى ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنىڭ ئىشتاۋى" دىگەن چالا ئۆچۈك خەتلەرنى ئوقۇغاچ قەغەز ئەخلەتلىرى قاپلىغان سمونت پەشتاقتىن ئورلەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ چىققىنىدا ماشىنا چۆرىسىدە بىرقانچەيلەن نىمە ئۈچۈنكى ئۈنسىز ۋە ئۈگسىز قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. ساقچىلارنى باشلىغۇچى جۇگسەنفۇ چاپانلىق، قارا مۇتۇق، پاكىنەك ۋە

كوماك كشى ئۇڭ قولنى سوزۇپ يان ياقنى كورستىپ:

— مۇشۇ يەردىلا، ئانچە ئۇزاق ئەمەس، ماشىنا تۇرۇپتۇرسمۇ بولىدۇ، — دەيتتى. ئۇ، ئوزى ئىما قىلغان تەرەپكە ئاۋۇلارنى باشلاپ ماڭدى.

ئۇلار كەلگەندە ئوتتۇرىدىن بولۇنگەن ئۇزۇنچاق ئوينىڭ پاكار خوچىكى تۇۋىدە خەي تىكىپ ئولتۇرغان ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى قىرقىم چاچلىق پومزەك چوكان تېڭىرقاپ قاردى-دە، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئىنجىقلاپ تۇرۇشلىرى ۋە گۇللۇك جۇيازىسىغا لىقمۇ-لىق تولغىنىغا قارىغاندا ئىغىر بويلۇغى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا موما يەپ ئولتۇرغان مولدۇر كوز ئىككى قىزچاقمۇ يېتىرقىغان قىياپەتتە ئاپىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. كەلگۈچىلەر كاڭىنىڭ لېۋىدىلا قىستىلىشىپ قاتار ئولتۇرۇشتى. ھە دىگەندىلا ئۇلارنىڭ كوزلىرى تامدىكى سۇرەتلىك رامكىغا قادالدى. چۈنكى ئۇ ھال رەڭ رامكىدىكى بىرقانچە سۇرەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوزلىرى ئىلىپ كەلگەن، ھىلىقى ئولگۈچىنىڭ يانچۇغىدىن قىپقالغان سۇرەتنىڭ چوڭايتىلغان نۇسخىسى كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. پومزەك چوكان ساقچىنىڭ سوئاللىرىغا بىرمۇ بىر جاۋاپ بېرەتتى. ئۇ ئوزىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ پەملىسىمۇ جاڭ بولۇپ، جاڭسۇلۇق بۇ يۇرتداشلار شىنجاڭدا تېپىشىپ 1958-يىل تۇرمۇش قۇرغانلىغىنى، ئېرى جياڭ ۋۇچىڭنىڭ ئانىسى ئولگەن خەۋەر كېلىپ ئىچكىرىگە كەتكەنلىگىنى ئېيتىپ:

— ئېرىم ئەنە شۇ، — دەپ رامكىدىكى ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئىشارەت قىلدى.

ساقچى سومكىسىدىن ئۇ سۈرەتنىڭ كىچىك نۇسخىسىنى ئۇس-تەلگە قويغىنىدا جياڭ شۇمىن ھەيران بولۇپ، كوزلىرى ئالاق-زادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلى-غىنى ئاڭلاش بىلەنلا بۇرنىنى مىشىلداتقىنى تۇردى ۋە كىيىم-كېچىگىنى كورۇش بىلەنلا پەريات كوتەردى. ساقچىلار سەۋرى-تەسەللىلەر ئېيتىپ كەلتۈرمىشلىرىنى تولۇق رەسمىيەتلىرى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى. نەرسىلەرنى يىغىا ئارىلاش تاپشۇرۇۋالغاچ جياڭ شۇمىن ئويلايتتى: "ئۇ مۇنچە جىق پۇل بىلەن كەتمىگەن ئىدىغۇ؟"

جياڭ ۋۇچىڭنىڭ نەزىر-چىرىغى قائىدە-يوسۇن بويىچە ئوتكۇزۇلۇپ، شاڭ ۋە قەغەزلەر كويدۇرۇلۇپ، تېگىشلىك مۇراسىم رەسمىيەتلىرى ئادا قىلىندى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئوتتى؛ ئايالغا ئېرىنىڭ قەدىرى كۈندىن-كۈنگە ئوتۇلمەكتە ئىدى. ئۇ ئاخشام ئېرىنى ئۇزاق ئويلىدى. ئۇيقۇسى كەلمەي قوپۇپ بالىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ، ئادەتتىكىدىن كەچرەك ياتتى. كوزى يۇمۇلا-يۇمۇلمايلا ئاجايىپ بىر چۈش كورۇپ ئويغىنىپ كەتتى... ئۇ تالادىن ئالا-دىراش كىرسە جوزىسى ئۈستىدە بەكمۇ يوغان ۋە قاۋۇل بىر ئاق خوراز ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يەۋاتقۇدەك، خوراز ئۇنى كورۇش بىلەنلا ئاۋازىنىڭ بېرىچە قىچقارغۇدەك... ئۇ: ۋاي

ئانامەي، رامكامنى چىقۇۋىتىدىغان بولىدىغۇ؟ ئاستا ئەپلەپ پۇتىدىن تۇتۇۋالايچۇ، دەپ قولىنى ئۇزاتسا، خوراز ئۇنىڭغا بويننى سوزۇپ ئىگىشىپ قاراپ، خۇددى شوخ يىگىتتەك قاقاقلاپ كۇلۇۋاتقۇدەك... چوچۇپ ئويغانغان جياڭ شۇمىن كورگەن چۇشگە ھەيران بولۇپ ۋە ئۇزىچە ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىپ: ئېرىمنىڭ ئەرۋاھى مېنى سېغىنىپ، ئاق خوراز سۇپەتلىك پەرىشتە بولۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ... مېنىڭ ۋۇچىڭىم ئوبدان يىگىت ئىدى. ئۇ مېنى بەك ياخشى كورەتتى، ئاياىتتى، قاتتىق يىرىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلاتتى، قولىدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھېچقاندىغىنى ماڭا قىلغۇزمايتتى. كىرلەرنى يۇياتتى، ھەتتا مېنىڭ خېيىم يىرتىلىپ كەتسىمۇ ياماپ بېرەتتىغۇ... مەن بولسام ئۇنى ھىلىقى ماگزىنچى خوتۇندىن كۇنلەپ شۇنچە خاپا قىلسامۇ، نەچچە كۇن قوپماي يېتىۋالسامۇ، ئۇرۇشۇپ ئىسىلىپ ياقىلىرىنى يىرتىۋەتسەممۇ كۇلۇپ تۇراتتى. ”سەن چۇشەنمەيسەن، سەن ئادەمنىڭ قەلبىنى چۇشەنمەيسەن“ دەيتتى. مەن شۇنچە ئەسكىلىك قىلسامۇ ئۇ چاچلىرىمنى سىلايتتى. ئەمدى ماڭا كىم قارىشىدۇ؟... ھەي ئىست شۇنچىلىك ئالەم ئىكەنغۇ، تۇنۇگۇن بار بۇگۇن يوق. مەن ئۇنى نىمشقا رەنجىتتىم؟ نىمشقا قەدىرىنى بىلمىدىم؟... ئۇ نىمشقا مېنىڭ چۇشۇمدىن چىقمايدىغاندۇ؟...تۇل خوتۇننىڭ چۇشىگە ئەر كىرىدۇ، پومشىشىكىنىڭ چۇشىگە يەر دىگەن شۇمىكىن يا؟ كوپ ئويلىغاچ شۇنداقمىدۇ؟ ئويلىماي، ئۇنىتۇيمۇ يا؟... ياق مەن ئۇنى ئۇنىتۇيالماي-

مەن. ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن... ھەي ئىست... ئىست... ياش تۇرۇپ تۇل بولۇپ قالدىما؟ — ئۇ ئەمدى ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.
قويۇق كىرپىكلىرى نەمگە چومۇلدى-دە، تولغىنىپ ئۇ يان ئۇرۇلۇپ-بۇ يان ئۇرۇلۇپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.
ئىشىكنىڭ تەكرار تاقىلدىشى جىياڭ شۇمىننى چوچۇتۇۋەتتى.
ئۇنىڭ ئۇنسىز سوئالىغا تالادىن جاراڭلىق جاۋاپ كەلدى:
— شۇمىن، ئىشىكنى ئاچ، مەن ۋۇچىڭ قايتىپ كەلدىم.
خوتۇنىنىڭ نوۋەتتىكى سوزلىرىنى ئاڭلىغان جىياڭ ۋۇچىڭ بەكمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇيىدىن ئاڭلىنىۋاتقىنى "ئولگەن ئادەمنىڭ روھى كېچىسى كېلىدىكەن، ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى سوز قىلسا قايتىپ كېتىدىكەن..." دەيدىغان خەنزۇلار ئارىسىدىكى بۇددىزىم رىۋايەتلىرىنىڭ كونا ئەپسانىلىرىگە تەئەللۇق سوزلەر ئىدى. ئۇ قانچە قىلسا، يالۋۇرسىمۇ ئۇنىڭ خوتۇنى ئوڭغۇل-دوڭغۇل ئاۋازى بىلەن ھامان شۇ بىر تەقلىتتىكى سوزلەرنى تەكرارلايتتى:
— قىممەتلىكىم ۋۇچىڭ، قايتىپ كەت، باللاردىن ئەندىشە قىلما، مەن باللارنى ئوزەم باقىمەن. ھورمەتلىكىم، مەن سېنىڭ ئەرۋاھىڭغا ئاتاپ نەزىر-چىراق قىلىپ تۇرىمەن، شاڭ كويدۇرۇپ، شام ياقىمەن، جېنىم تورەم، قايتىپ كەت، تېز يات...
ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ خوتۇنىنى ئىشەندۇرەلمىدى ۋە ئىشىكنى ئاچقۇزالمىدى. ئاخىر ھېچ ئىلاجسىز بىر دەم تۇردى-دە، خامان گۈزەتچىسى لاۋنيۇ بوۋاي يادىغا يېتىپ شۇ يان ماڭدى.

ئاي ئالا ـ بۇلا بۇلۇتلار ئىچىنى ئارىلاپ يەرنى بىر يورۇتۇپ ـ بىر غۇۋالاشتۇرۇپ باراتتى. سوقما تاملىق كەڭ خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن جۇۋىسىنى يىپىنچاقلىۋالغان لاۋنيۇ بوۋاي تاقىلدىغىدىن ئارىلاپ ئۇن چىقىرىپ ۋە بەزەن يەرنى تىپىپ ـ تىپىپ قويۇپ ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇ تالادىن كىرىپ ئۇدۇللاپ كېلىۋاتقان كىشىنى كوردى ـ دە، ئالدىغا ماڭدى ۋە سوئال بەردى. كىرگۈچى ئوزىنىڭ جياڭ ۋۇچىڭ ئىكەنلىكىنى ئىزھارلىشى بىلەنلا بوۋاي جۇۋىسى ۋە تاقىلدىغىنى تاشلاپ بەدەر قاچتى. قاچقاندا ئۇ شۇنداق يۈگۈرەيتتىكى تامغا يەتكىچە ئىككى ـ ئۈچ يىقىلىپ قوپۇپ جىنىنىڭ بىرىچە چاپاتتى.

ــ ھەي... لاۋنيۇ تاغا، قورقمىغىن، ــ دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلدىغان جياڭ ۋۇچىڭ ئاز يەرگە ماڭغىچە ئاۋۇ ئاللىقاچان تامدىن تالاغا موللاق ئېتىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەيىۇلاپ توك تۇگمەن تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ بۇ قانداق بولغىنى، ــ دەيتتى جياڭ ۋۇچىڭ، ــ خوتۇنۇم ئىشىكنى ئاچمايدۇ، ھەر قىسمى بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىدۇ. لاۋنيۇمۇ مەندىن قاچىدۇ، بۇ نىمە كارامەت؟!... ــ ئۇ ھەر خىل خىياللار بىلەن قايتىپ تالاغا چىققىنىدا مال قورۇدىن چىراقنىڭ پىلىلدىغان يورۇغى كورۇندى. ئۇ ئەمدى شۇ يان ماڭدى.

ئۇزۇندىن ئۇزاق ئىككى بويلام ئوقۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار كوچا خۇددى بەزى شەھەرنىڭ كوجۇن مەھەللىسىدىكى كىچىك يولنى ئەسلىتەتتى. ئىككى ياندا ياتقان كالىلارنىڭ ھوزۇر بىلەن

كوشەش، ئارامليق پۇشۇلداش ۋە قايسبىرلىرىنىڭ ئۇقۇۋردىكى ئۇزۇقلۇقلارنى چايناشلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى. سىم بەلۋاقلىق پەنەرنى بېشىدىن ئىگىز تۇتۇپ ئۇ يان-بۇ يانىنى كوزدىن كەچۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇزۇنتارا مالچى ئىشىك توسىمىسىدىن سۇڭگۇپ كىرىپ كەلگەن جياڭ ۋۇچىڭنى كورۇش بىلەنلا ۋاقىردۋەتتى ۋە قولىدىكى چىراقنى ئۇنىڭغا ئاتتى-دە، كەينىگە ئورۇلۇپلا قاچتى. قاچقاندا ئوخچۇپ بارغىنىچە قىغ چىقىرىدىغان توشۇكتىن تالاغا ئوزىنى ئاتتى. ئېغىز بۇرۇنلىرىغا تىزەك ئۇۋاقلىرى كىرىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ بۇلغىۋەتتى. ئۇنىڭمۇ ئەيۇلاپ قاياققىدۇ پايپاسلاپ قېچىپ كېتىۋاتقىنى ئاڭلىناتتى. بۇ ئالامەتلەرگە ئەجەبلەنگەن جياڭ ۋۇچىڭ يەنە قايتىپ تالاغا چىقتى-دە، نىمە قىلارى، نەگە بارارىنى بىلمەي بىر دەم تۇردى. بىردىنلا كادىرلار ياتىغى يادىغا يەتتى-دە، ئالمىلىقنى ئارىلاپ ئۇدۇل ماڭدى.

بۇ ئەل جىمىققان چاغ بولسىمۇ، كوردىكى، كادىرلار ياتىغىدا تېخىچە چىراق ئۇچمىگەن ئىكەن. ئۇ خوش بولۇپ ئىلدام كەلدى ۋە تىڭشاپ بىر-ئىككى كىشىنىڭ غوڭشىپ سوزلەشكىنىنى ئاڭلىدى ۋە كەلگىچە ئىشىكىنى تارتىۋىدى، ئىچىدىن ئېتىك بولغاچ چىك-چىك تاقىلداتتى. سوراققا جاۋابەن:

— جياڭ ۋۇچىڭ، — دېيىشى بىلەن تەڭلا چىراق لىپپىدە ئوچۇرۇلدى-دە، ئۇلار ئۇنچىقماي شۇك يېتىۋالدى. تارتىشتاقىلدىتىش ۋە بىرمۇنچە گەپلەردىن كېيىن ئۇلارغا زۇۋان

كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ھە دىگەندە جياڭ ۋۇچىڭنىڭ خوتۇنى جياڭ شۇمىنغا ئوخشاش ”ئەرۋاھ ئۇزىتىش“ سوزلىرىنى قىلىشتى. ئەجەپلەنگەن جياڭ ۋۇچىڭ ئويىدە، خاماندا، ماخودا بولۇپ ئوتكەن ۋەقەلەرنى ۋە ئەمدى بۇ كادىرلارنىڭ ئەھۋالىغا تېخىمۇ ھەيران قالغانلىغىنى، ئوزىنىڭ ئولمىگەنلىگى، كۇلىدىن ئامان-ئېسەن كەلگەنلىگىنى، بۇ يەردە پەيدا بولغان ”ئەرۋاھ“ گېپى ۋە ئۇنداق خۇراپى ئەقىدىلەرگە كادىرلارنىڭ ئىشىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىگى ھەققىدە بىرقانچە مەردانە گەپلەرنى قىلىش بىلەن ئۇلارنى ئاران ئەيۋاشقا كەلتۇردى. غەيرەتكە كەلگەن بىرسى چىراقنى ياققان بولسىمۇ، لېكىن يەنە يوتقانغا چىڭ چۇمكىلىۋالدى، ۋاھالەنكى ئويدىكىلەرنىڭ ھەر توتىسىلا سالاچى بولۇپ، ئىشىك ئېچىشقا ھېچكىم پېتىنالمايتتى. دالاندىكى ۋۇچىڭنىڭ سوز، كۇلكىسى قامچا بولدىمۇ بۇلۇڭ تەرەپتىكى ھەممىدىن يېشى چوڭراق ۋاڭ يەنىپى غەيرەتكە كەلدى. ئۇ ”يالىڭاچ سۇدىن قورقماس، قېرى كالا پىچاقتىن...“ دەپ ئىشتانىچاق بارغىنىچە ئىشىكنى ئاچتى. ئاچتى-دە قاچتى. كەلگىنىچە يوتقانغا يوگۇنۇۋالدى. جياڭ ۋۇچىڭ كۇلۇمسىرەپ كىرىپ كەلگىنىدە ئاۋۇلار بىردەكلا يوتقان مۇداپىيەسى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

جياڭ ۋۇچىڭنىڭ پۇتۇن كىيىم-كېچەكلىرى بۇرۇنقى قېلىپىدا، سومكىسى بويىندا، رەڭگى-رۇخسارىمۇ جايىدا ئىدى. ئۇ كۇلۇپ ئۇستەل تۇۋىدىكى توت چاسا قىزىل ئورۇندۇققا ئولتۇرغاچ

تېچلىق سوراشتى ۋە يانچۇغىدىن پاپىرۇس چىقىرىپ ئاۋۇلار تەرەپكە تەمشەلگىنىدە، ئۇلار ھىلىمۇ تامنى ئىتتىرىپ تالاغا قاچقۇدەك قىياپەتتە كوزلىرى ئالاقزادە ئىدى. جياڭ ۋۇچىڭ تاماكىسنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن جايىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، ئوزى كۇلىغا كەتكىنىدىن بۇيان نىمە ئىشلار سادىر بولغانلىغىنى بىلىشكە قىزىقىپ سورىۋىدى، ئاۋۇلار ئاغزى ئازلىق قىلغان ھالدا ۋەقەنى بايان قىلىشتى. ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئەجەپلەنگەن جياڭ ۋۇچىڭ ئويىگە تېزرەك بېرىشقا، بالا-چاقىلىرى بىلەن دىدار كورۇشۇشكە، ماتەم مەھكۇمى بولۇپ مۇسبەت قايغۇسىغا چوككەن ئامرىغى شۇمىننى روھىي ئازاپتىن پاتراق ئازات قىلىشقا ئالدىرايتتى. بۇ چاغدا يېرىم-ياتا ئىشەنچ ۋە چارەك كەم چۇشەنچىگە كەلگەن ئاۋۇلاردا تەشۋىش تېخى تامامەن تۈگىمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەمرا بولۇشقا توغرا كەلدى.

ئۇلار كەلدى. كادىرلارنىڭ كاپالىتى ئاستىدا ئىشكىمۇ تەسلىكتە ئېچىلدى. تەشۋىش تامىنى تىشەرلىك دەرىجىدە، ئەھۋال ئىككى تەرەپلەپ سوزلەنمەكتە ئىدى.

...جىپ ماشىنا، ساقچىلار، كىيىم-كېچەكلەر، قىزىل پورتمال ۋە ئۇنىڭدىن چىققان پۇل، تامغىلىق تونۇشتۇرۇش بىلەن سۇرەتلەر ئوتتۇرىغا چۇشكەندىلا ۋەقەنىڭ ئېنىق ئوتمۇشى يادىغا يەتكەن جياڭ ۋۇچىڭ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى.

جياڭ ۋۇچىڭ كۇلىغا كېتىۋېتىپ مەلۇم بىر شەھەرگە بارغىنىدا

مەزكۇر نەرسىلەرنى يانچۇغىدىن ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان ئىدى. ھولۇققان ئوغرى ئۇدۇل كەلگەن بىر ماشىنىغا يامىشىپ قاچقان، ماشىنا بىر يەرلەرگە بارغاندا تورمۇزى تۇتمايدىغان بىر تىراكتورغا دۇچكەلگەن-دە، بىز باشتا كورگەن پاجىئە يۈز بەرگەن.

ئوغرى ئۆلگەن. دۇمىلاپ چۈشكەن ئېغىر تۆك ئوغرىنىڭ كاللىسىنى تونۇغۇسىز ھالدا ئېزىپ مىجىغىنى چىقىرىۋەتكەن، خەلق ساقچىلىرى ئاشۇ خەت ۋە سۈرەت ئارقىلىق تېپىپ كەلگەن خەۋەر ھەم نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى...

ئۇلار ئەتىلا ئاشۇ ساقچى ئورگىنىغا ئۇچۇر بېرىش قارارىغا كېلىشتى. كىرپىكى نەمگە چوككەن شۇمىن ۋۇچېڭغا تويماي قارايتتى. ئۇ ئاندىن سۈرەت رامكىسىنىڭ چورىسىگە تۇتقان قارا لېنتىنى ۋە چاپىنىنىڭ يېڭىگە تاقىغان قارا لاتىنى ئېلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خانىدانىنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان قايغۇ تۇمانى تارقاپ، مۇھەببەت تېگى يېڭىۋاشتىن يورۇغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار ئاۋۇ مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ چىقىپ بوسۇغىدا قاتار-ياندىش تۇرغىنىدا تولۇن ئايمۇ ياش سۇۋادان تېرەكلەر توپىسىدىن خوش كۆلۈپ قارايتتى.

1979-يىل 1-ئىيۇن.

# ئىنتىقام

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.
— ماقال.

ئاۋاتتىن يېڭى ئۇستەڭگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىغى باراقسان دەرەخلەرگە باي ئىدى. بۇ سولەتلىك دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان قۇم-توپىلىق يول خۇددى راھەتلىك قاراڭغۇ باغلارغا ئوخشاپ، ئۇنىڭ سالقىن ھاۋاسى، قۇشلار ناۋاسى كىشىگە كۆڭۈل ئارامى بېغىشلايتتى.

چارشەنبە كۈنى ئاۋاتنىڭ بازىرىدىن يانغان ياش چوكان سوپىيەم پىيادە، كەشىنى قولىغا ئىلغان ھالدا، سالقىن قۇمنى يالاڭياق كەچكىنىچە غىپىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆيىگە پاتراق يېتىشكە ئالدىرايتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئاغرىق ئېرى ئىككى كىچىك بالا بىلەن ئۆيىدە قالغان ئىدى.

سوپىيەم ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى ئارىسىدا ۋە تولىسى كېچىلەردە ئىگىرگەن يىپلىرىنى سېتىپ، ئېرىنى تەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىككى جىڭ قوي گۆشى، باللىرىغا گۆش گىردە ۋە يەنە ئىگىرىيدىغانغا پاختا ئېلىپ يانغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈشى ۋە

كەيپىياتىدا قانداقتۇر تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز بىر جىددىيەت بار ئىدىكى، ئۇ ئۇيىگە پاتراق يېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ ئۇيىچان ۋە ئوتلۇق كوزلىرىگە ئالدىدىكى يول مۇساپىسى — ئەگرى-بۈگرى دوڭلەر، ھەيۋەتلىك ئاقاش ئۇستىگى ۋە ئۇنىڭ ئۇتمۇشكە ماتەم تۇتقاندەك غىڭشىپ-غىچىرلايدىغان كونا كوۋرۇگى ھەم دوڭ ئېرىق قەۋرىستانلىقىنى ئارىلاپ ئوتىدىغان چاڭ-توزاڭلىق يول، كونا گۇمبەز چورىسىدىكى يۇلغۇنلار بىر-بىرلەپ كورۇنمەكتە ۋە ماڭغانسېرى تۈگمەي ئاخىرەتنىڭ يولىدەك بىلىنمەكتە ئىدى.

— خېنىم ئۇكام، — بۇ ئاۋاز سوپىيەمنى چوچۇتۇۋەتتى. ئۇ، ئەندىكىپ قايرىلىپ قارىغىنىدا ياش باراقسان جىگدىلەر ئارىسىدىكى تار يولدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئاپپاق ساقال كىشىنى كورۇپ يۇرىگى جايىغا چۇشتى. ئاقساقال كىشى قولىدىكى ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ ھەسرەپ-ھومۇدەپ سوزلەيتتى، — جېنىم ئۇكام، خېنىم قىزىم دەيمۇ؟ مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ بېشىغا مۇشكۇل كۇن چۇشكەندە ئوزلىرىنى خۇدايىم يەتكۇزدىمۇ؟ مۇشۇ سائەتتە ئايىلىم تەۋەللۇتقا ئولتۇرغان ئىدى، ئەر كىشى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ تەس ئىكەن، مەزلۇمە ئاجىزنىڭ قاياشى مەزلۇم كىشى ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ھەققى ساۋاپ بولار، بىر ياردەم قىلسىلا جېنىم ئۇكام. شۇ تاپتا بىچارە خوتۇن بەك ھەرەج تارتىۋاتىدۇ. ئوزلىرىنىڭمۇ ئۇششاق بالىلىرى باردۇر، شۇلارنىڭ ھەققى ساۋاپ بولار. ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا

رازى بولاي جىنىم خېنىم، مېنى بىر خوش قىلسىلا، جۇرسىلە...

هاجى ھەرىمى... ئاپپاق ساقال... مەككە-مەدىنىنى تاۋاپ قىلغان... سىپايى سۆزلەر سوپىيەمنىڭ ئىنسانىي باغرىغا بېرىپ يەتتى. ئۇ ھاجىمغا ئەگىشىپ ماڭدى.

چوڭ يول بىلەن جىگدىلىك ئارىسىدىكى ھويلىنىڭ ئارىلىغى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ھاجىم دەرۋازىغا يەتكىچە دۇرۇت-ئىستىغپار ئايەتلىرىدىن بىرمۇنچىنى ئوقۇۋەتتى ۋە:

— ئاشۇ ئويگە، — دەپ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى ئىما قىلدى، سوپىيەم شۇ تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇ، كەڭ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگىچە ھاجىمۇ دەرۋازىنى تاقاپ كېلىپ ئۇلگۇردى ۋە چوڭ ئايۋانغا سوپىيەم بىلەن ياندىشىپ كىردى. سوپىيەمگە ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ ئۆزى ئايۋاننىڭ ئىشىكىنى ئەتتى. تېڭىرقاپ قالغان سوپىيەم:

— خوتۇنلىرى قەيەردە ھاجىم تاغا، — دېدى، ھاجى دەرھاللا:

— مانا، مانا، ماۋۇ ئويدە، قازناقتا، جۇرسىلە ئۇكام جۇرۇۋەسلە، — دەپ ئۆزى ئالدىدا شاپاشلاپ يۈردى. سوپىيەمنىڭ ئەمدى بوسۇغىدىن ئاتلىشى بىلەنلا سارايىنىڭ قوش قۇۋۇرغىلىق ئىشىكى جالاق-جۇلۇق ئېتىلدى. ساددا سوپىيەم ئۆزىنىڭ قانداق ئالدانغانلىغىنى پەقەت شۇ مىنۇتتىلا بىلدى. نەپرەتلىك قارشىلىقلار ئاجىز كېلىپ، نومۇسنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرى ئۇنىڭ كىرسىز كۆڭلىدە ھەسرەت-نادامەتنىڭ ئوچمەس دېغىنى

قالدۇردى.

— ئىپلاس قېرى، — دىدى سوپىيەم، ئەمما بۇ سوزنى پەقەت ھاجىنىڭ "ھاجىتىدىن" چىقىپ جىگدىلىك تالانى كورگەندىلا ئېيتالىدى، بۇ چاغدا قىيا يېپىلغان دەرۋازا دالدىسىدا غالىبانە ھىجىيىۋاتقان ھاجى سۇپەت مەخلۇقنىڭ يىرگىنىشلىك بەشىرىسىنى كوردى - دە، غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن ھومىيىپ "تۇفۇ" قېرى دەپ تۇكۇرگەندىن كېيىن ئىلدام يۇرۇپ كەتتى. نەپرەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھاجىمۇ دەرۋازىنى ئاستا ياپتى.

بۇ ھاجى دىگىنىمىز ھەقىقەتەنمۇ سالاپەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ ئىگىز بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك، قامىتى خېلىلا قاملاشقان بىر ئادەم بولۇپ، بوي - تۇرقىغا مۇناسىپ ئوسكەن ساقال - بۇرۇت، قويۇق قاش - كىرپىكلىرىنىڭ سولەت بىلەن ئاقىرىشى ئۇنى تېخىمۇ سۇمباتلىق كورسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوزىنى "ھاجى ھەرىمى ئادەممەن" دىگىنىمۇ راست ئىدى. مەككىگە بارغانلىكى جانىنىڭ ھەنىۋاسىلا ھاجى بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئادەمنىمۇ "ھاجى" دىيىشكە ئەلۋەتتە بولاتتى. چۇنكى، بۇ، ھەرەمگە بىر ئەمەس، ئىككى قېتىم بارغان، يەنى ھەر ئىككى قېتىمدا قۇرۇق قول كېتىپ "باي ھاجىم" بولۇپ قايتىپ كەلگەن. ئوز تىلى بىلەن ئېيتقاندا "خۇدايىم بەرگەن" ھاجىم ئىدى. ئۇنىڭ ھەققىدە كىشىلەرنىڭ، بۇ، ھاجى ھەرىمى ئەمەس، بەلكى ھاجى ھارىمى ئادەم... دىگەن ئاقىلانە سوزلىرى ھەركىمنى چوڭقۇر مۇلاھىزىگە دالالەت قىلاتتى.

ئەرەپ يۇرتىغا ئۇل ئاللا،
بىنا ئەيلەپتۇ بەيتۇللا.
قوبۇل بولماس ئىسكەن ھەج ھەم،
يېنىڭدا بولمىسا، تىللا.

"ھاجىم"نىڭ ئەزان چىللاپ قويۇلغان ئېتى رەھىم ئاخۇن ئىدى. ئۇ، بالا كۈنىدىنلا دادىسىنىڭ قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، خورازباز... قاتارلىق بىرقانچە بازىكەشلىكلىرىگە مىراسخور بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا بەك بىلەن پىشقان قىپ-قىزىل قاپاق چىلىمنىڭ سېپى ئوزىدىن ۋارىسى—"ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق"، "بىر ئالىقانات" بولۇپ چىقىقىنى ئۇچۇن "رەھىم قاپاق" نامىنى ئالغان ئىدى.
رەھىم قاپاق كېيىنرەك ئوزىگە يۇدى-يۇقى تۇققان بولغۇچى بىر قېرى خوتۇن (ئۇ خوتۇن ھەرەم يولىدا ئولگەنمىش)نىڭ "كۇتكۇچىسى" سۇپىتىدە، "بىچارە مۇساپىر" ھالىتىدە ھەرەمگە كېتىپ "باي ھاجىم" بولۇپ قايتىپ كەلدى. خۇدا بەرگەن دۇنيا-دەپىنە ئەمدى رەھىم ئاخۇننىڭ بېشىدىكى قاپاق لەقىمىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئورنىغا "ئابدۇرەھىم ھاجىم" مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇقەددەس دۇنيا ئۇنىڭ ئامتىنى ئاشۇرۇپ، ئابرويىنى ئاسماندىن ئىگىز كوتىرىۋەتتى. بۇ كۈنلەرگە يەتكەندە، ئۇنىڭغا ئاۋاتنىڭ ئاۋۇ كوجۇن مەھەللىسى، قاتار قىشلاقتىكى بۇرۇنقى كورۇمسىز كەپىلەر بىلەن ئۇنۇمى

ئاز كاندەك ئېتىزلار تارلىق ۋە ئازلىق قىلغىلى تۇردى. ئۇ ئەمدى ئاۋات بىلەن يېڭى ئۇستەڭ ئارىلىغىدىكى "ئاق توپە" دېگەن كەڭ سەھرادىن ئۆزىگە يارىشا تەئەللۇقات سېتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە ھېچ تەرىپى كىشلەر ئۆيىگە تۇتاشمىغان، ئەتراپى ئېتىز-ئېرىق، باغ-ۋاران ۋە قويۇق جىگدىلىكلەر بىلەن ئورالغان ئاشۇ بىزگە تونۇش ئىمارەتنى—سوپىيەمخان كورۇپ چىققان "تۇغۇتخانا"نى ياساپ، باياشات ياشاپ، "سۇ سايغا، پۇل بايغا..." ئېيقىپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ سەھرايى ئەزىمدىكى يەككە-يېگانە، ھەممىدىن بىگانە ئىمارەتنىڭ ئاشلىق ۋە پۇل جازانىسىنىڭ تىلسىم ئامبىرى ھەققىدىكى تەپسىلاتىنى ھورمەتلىك ئوقۇغۇچىنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلىپ، بىز بۇ جايدا پەقەت ئۆز ماۋزۇيىمىزغا مۇناسىۋەت-لىك مەسىلىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدىلا توختايمىز.

رەھىم ھاجىنىڭ خوتۇنى ئۆلگىنىگە ئون ئىككى يىل بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆيلەنمىدى. ئۆيلىنىش سوزى چىققاندا، ئۇ قېدىناس خوتۇنىنىڭ روھىنى يادلاپ، يۈز-خاتىرىسىنى قىلىدىغان-لىغىنى ئېيتاتتى ۋە ئۆزىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ "بۇ دۇنيا ئىشى" دىن قول ئۈزۈپ، ئۇ دۇنيا ئىشى، ئاخىرەتلىك كىشى سىياقىدا كورۈنەتتى. بۇ كۈنلەردە "ھاجىم" بېشىغا يامدەك يوغان سەللە يوگەپ، قولىغا ھاسا ۋە ئۈزۈن تەسبىھ تۇتۇپ، خۇددى تەقۋادار سوپى قىياپىتىگە كىرگەن ۋە يەنە بىزگە تونۇش ئاشۇ ئىمارەتكە ياندىش بىر مېچىت ياسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كول كولىتىپ،

ئۇ كولنى بويلاپ ياسالغان يولنىڭ چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان يېرىدىكى ئېرىقتا بولسا، شادىلىق-ھەيۋەتلىك بىر كۆۋرۈك ياساتقان ئىدى. ئۆزى بولسا شۇ كۆۋرۈكنىڭ شادىسىدا ياكى مېچىتنىڭ سۇپىسىدا ھەمىشەم دىگۈدەك تەسبىھ سىرىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى. كۈندە بەش نامازنى، ھەپتىسىگە جۈمەنى تەرەتنىڭ بار-يوقلۇغىدىن قەتئى نەزەر قازا قىلمىغىنىدەك، قاچانكى كونا ئۇلپەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ چاغدا چىلىمدىن ئوت، سەرخانىدىن دۇت چىقىرىۋېتىشنىمۇ تەرك ئەتمەيتتى.

ھاجىمنىڭ تەقۋادارلىق سالاپىتى بولۇپمۇ بازار كۈنىسى ھەممىدىن بەك كارامىتىنى كورستەتتى، چۈنكى چارشەنبە كۈنى ئاۋاتنىڭ بازىرىغا بارغان ۋە يانغان سەھرالىق ساددە ئادەملەر ئۇنى شۇ سالاپەتتە كورگەنلىرىدە "ھاجى ھەزرەت، ئۇلۇغ داموللام..." دەپ بىلىپ ئېشەك-ئۇلاقلىرىدىن چۈشۈپ، سالامغا ئېگىلىپ، ئىززەت-ئىجازەت بىلەن ئالدىدىن ئاران ئوتەتتى، ئاياللار بولسا، بۇ قاتارلىق "پەرىشتە سۈپەت" ئادەمنى كوز يېتىم يەردىن كورۈشى بىلەنلا باشلىرىغا رومال يا چاپان ئارتىپ يۈزىنى توساتتى. ئۇ خىل ئادەمنىڭ ئالدىدىن يۈزى ئوچۇق، يالاڭياق، سالامسىز ئوتۇشنى ئەدەپسىزلىك، ھاياسىزلىق دەپ بىلەتتى.

ھاجىمچۇ؟ ھاجىممۇ پۇرسەتنى پەملەيتتى. بولۇپمۇ يالغۇز ئايالنىڭ قارىسىنى كورۈش بىلەنلا ئۇزىنى جىگدە دالدىسىغا

ئالاتتى ـ دە، كوزلىگۈچىسى يېقىنداپ كەلگەندە ئالدىراپ ـ سالدىراپ، ھەسرەپ ـ ھومۇدەپ ئالدىدىن چىقىپ يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، نان نالىسى قىلغان قەلەندەردەك سازلار بىلەن ئاشۇ سوپىيەمگە ئېيتقانلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىمانىنى، مەككە ـ مەدىنىنى ۋە سالاپەتلىك ئاپپاق ساقال، يوغان سەللىسىنى گۇۋا قىلىپ ئۇن ئىككى يىلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئالدام تەسۋىسىنىڭ نوۋەتتىكى ئىشەنگۈچىسى بىزنىڭ سوپىيەم بولدى.

سوپىيەم ھاجىنىڭ "تۇغۇتخانىسى"دىن ئېغىر ئىزىنىڭ ئاچچىق ئەلىمىنى يۇتۇپ چىققىنىدىن كېيىن كوزىگە ئالەم قاراڭغۇلىشىپ، سايە بىلەن بىزەلگەن قۇملۇق يول گوياكى جەھەننەم پىلىسرا ـ تىدەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ، تۈۋى يوق خىياللار دېڭىزىغا چوكۇپ باراتتى. بارغانسېرى غەزىۋى ئورلەپ، نومۇسىنىڭ كۈچى تومۇرلىرىنى توكتەك تىترەتسە، ھەسرەت ـ نادامەت ئۇتى يۈرەك ـ باغرىنى ئورتىمەكتە ئىدى. ئۇ، ئاشۇ بويىنى پاك مۇھەببەتخانىسى، ھالال ئېرى، ئەتىۋار باللىرى بار ئويىگە قانداقمۇ كوتىرىپ بېرىش توغرىسىدىمۇ ئويلايتتى. ئاغرىق ئېرىگە ئەلەم ئوغىسى بېردىشنىغۇ ئەسلا راۋا كورمەيتتى. شۇ ئوي، شۇ خىياللار بىلەن سوپىيەم ئوز كەنتى ـ توقاي ئېرىقىغا يېتىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

سوپىيەم يېزىغا يېقىنلاپ كەلگىنىدە كۆن پېتىشقا تايىن تاپقان ئىدى. ئۇ، مەھەللە چېتىدىكى قوناقلىقنى ئارىلاپ ئوتىدىغان چېغىر يولغا بۇرۇلدى ۋە ئوزىگە تونۇش يوغان قارىياغاچ تۈۋىگە

كېلىپ توختىدى ـ دە، ئەتراپنى تىڭشىدى. ھەممە ياق جىمجىت ئىدى. پەقەت يىراقتا پادىچىنىڭ چېقىرتىپ چېلىۋاتقان نەي ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. قەيەردىدۇر پاقىلار كوكۇلىسىز كوكۇرايتتى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىمۇ جانغا تېگەتتى. بۇگۇن بۇ ئەپچىل ئېرىقمۇ نىمىشقىدۇ ئادەتتىكى شوخ سۇنىڭ نەغمىسىدىن خالى ئىدى. پەقەت پاخماق قارىياغاچ تېگىدىكى كوكۇرىمىدا سۇزۇلۇپ قالغان توختام سۇلا جانغا ئارام بەرگۇدەك كوكۇللۇك ئىدى. سوپىيەم ئەلەملىك كوزلىرىنى سۇغا تىكىۋىدى، بويىدىكى پۇتۇن دەرت ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىڭ ھەممە زەردابىنى شۇ سۇزۇك سۇ يۇيۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى ـ دە، ۋاقتىنى غەنىمەت بىلدى.

سوپىيەم سۇدىن ئەمدىلا چىقىپ كىيىنىشكە باشلىۋىدى، قەيەردىندۇ قارىياغاچقا پەيدا بولغان بىر سېغىزخان شاختىن ـ شاخقا ئاتلاپ ۋە مارىلاپ، خۇددى زاڭلىق قىلىپ كۇلگەندەك قىلىپ قىق ـ قىقلاشقا باشلىدى. بۇ شۇم قۇشنىڭ قىلىغى ھاجى كازىزاپنىڭكىدىن بەتتەر جېنىغا تەككەن سوپىيەمنىڭ شۇ تاپتا، ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا، ئۇنىڭ دىڭگايغان قۇيرۇغىدىن تۇتۇپلا بويىنىنى يۇلۇپ ـ يۇلۇۋەتكۇسى كېلەتتى. ئامال قانچە، ئۇنىڭ جانلىرى جىزىلدىغانسېرى سېغىزخان تېخىمۇ قىقلايتتى. ئۇ، قوللىرىنى نەچچە شىلتاپ، تىللاپ تۇكۇرسىمۇ ئاۋۇ شۇم قۇشنىڭ پەرۋايىغا كەلمەيتتى.

سوپىيەم توۋا تەسەللاسىنى، خۇدادىن بولەك ھىچ بەندىگە

بىلدۈرمەسلىك ھەققىدىكى ئابىيامقى دىل قارارىنى بۇ پاكىز بوي بىلەن يەنە بىر تەكرارلىدى ۋە:

— خەپ توختاپتۇر قېرى ئوغرى، سېنى تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزمايدىغان بولسام ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، — دىدى-دە، ئۆيىنى كوزلەپ ئۇچقاندەك كەتتى.

ياندۇرقى ھەپتىسى چارشەنبە كۈنى سوپىيەم ئاۋاتنىڭ بازىرىغا يەنە كىردى، شەرتلىك ئىمارەتنىڭ ئالدىدىن ئوتتى. كەچتىمۇ ئادەتتىكىدىن بالدۇر قايتتى. ئەمما "ھاجىم" ھىچ كورۇنمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەپتىسى يەنە كىردى. ئۇنىڭ تويىدا تىككەن كوك بەقسەم ئىمچىسى، كالاۋتۇن باسقان دۇخاۋا دوپپىسى، قەمرۇت رومىلى، ئىسكالاچ ئوتۇكى سوپىيەمنى بەكمۇ ئاجايىپ قىياپەتكە كىرگۈزگەن ئىدىكى، ئۇنى شۇ تەرىقىدە كورسە "ھاجى ئاشىق"نىڭ ئەسكى سامانلىقلىرىغا ئوت كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ، شۇ قىياپەتتە قېرى "ئاشىق" نىڭ دىدارىغا ئىنتىزار قايتتى، نېرىدىنلا قېرىنىڭ قىياپىتىنى غىل-پال كورۇپ قالدى-دە، ھىچنىمىدىن خەۋەرسىز كىشى قېلىپىغا كىرىپ، رومىلىنى مۇرىسىگە سېلىپ، قانداقتۇ بىر ناخشىنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭىنى لەرزان غىڭشىغىنىچە مېڭىۋەردى.

— خېنىم ئۇكام، — ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن سوپىيەم شۇ قەدەر چوچۇگەن بولدىكى، ئۇنى شۇ تۇرقىدا كورگەن كىشى تەشۋىشلىك رول ئىجرا قىلىۋاتقان ئۇستا ئارتىسنىڭ ئاجايىپ ماھارەتلىك ئوبرازىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈشى تامامەن مۇمكىن

ئىدى. ئۇ، شۇ قىياپىتىنى بۇزماستىن تۇرۇپ ئاقساقال ئىبلىسنىڭ ئىبارىلىرىنى تىڭشىدى ۋە ئەنسىرىگەن بولۇپ تەۋەللۇتتىكى خوتۇنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالدىرىدى.

ئاخىرقى ئىشىكنىڭ بېكىتىلىشىنى كورۇۋاتقىنىدا سوپىيەم ئوزىنى شۇ قەدەر خاتىرجەم تۇتتىكى، ئۇن ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ تۇغۇتخانىغا كىرگۈچىلەرنىڭ ئوز ئىختىيارى بىلەن رازى بولغۇچى بىرىنچىسى بەلكىم مۇشۇ چوكان بولغىيدى. ئۇ، قىيا قاراپ، مىيىغىدا "خوش" كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ ھالغا ھاجىنىڭ ئەپتىدىمۇ ھەيرانلىق ئالامىتى ئىپادىلىنىپ، ئۇنىڭ ئاق مويلاۋلىرىمۇ ئوغرى مۇشۇكنىڭ قۇيرۇغىدەك دىڭگىيىپ، چىشلىرى ھىڭگىيىپ كەتتى.

— تازىمۇ ھارامزادە ئىكەنلا ـ ھە؟ ئادەم ئالداشقا تازا ئۇستىكەنلا، بولغۇلۇق بولدى، بوپتۇ، مەيلى، كوڭۇللىرى قالمى-سۇن، ئىتتىگىرەك بولسىلا، بىر كىم كورۇپ قېلىپ يۇرمىسۇن يەنە، تېز بولسىلا...

گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئېغىز بۇرۇنلىرى كېرىلىپ كالچاي-غان ھاجى "خۇدايىم بەرگەن بۇ ئولجا" ئالدىدا ئەس ـ ھوشىنى يوتۇنلەي يوقىتىپ، خۇددى ئاچ بورىدەك ئېتىلدى. پۇرسەتنى پەملەپ تۇرغان سوپىيەممۇ جىددى مىنۇتلارنىڭ ئەپچىللىگىگە تەييار ئىدى، ئۇ كوزلىگەن نىشاننى چەللەپ قاتتىق بىر تەپتى-دە، ئورنىدىن دەسلا تۇردى. بۇ چاغدا ھاجى تۇگۇلۇپ، كوكۇرۇپ ياتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاجىمنىڭ خوتۇنى كەلسە

كەلمەس تەۋەللۇت قىلىشۋەرمەيدىغان بولدى. چۈنكى، ھاجىمنىڭ ئۆزى مەڭگۈ تەۋەللۇتقا ياتقان ئىدى. بۇ بىر سوپىيەمنىڭلا ئەمەس ۋە ئۇن نەچچە يىلدىن نومۇسى ئاياق ئاستى قىلىنغان بىچارە ئانىلارنىڭ، شۇنداقلا ھەرەم يولىدا ئۇنىڭ قولى بىلەن ھالاك بولۇپ بالا يۇ-چاقىلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشەلمەي كۆزلىرى ئوچۇق كەتكەن مۇساپىر-مۇجاپىرلارنىڭمۇ ئىنتىقامى ئىدى.

1965-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



# بوستان

"غەنىلارغا كۈندە مەشرەپ، كۈنـدە توي،
غەرىپلارغا كۈندە ھەسرەت، كۈنـدە ئوي".

بۇ پاجىەنىڭ باش بانىسى ئاشۇ ساقال كېسىش ۋەقەسى بولغان. مېنىڭ يولدىشىم كازىم ئوتتۇپ كېتىۋاتسا، مەيدانغا چاپلانغان داھىلارنىڭ سۈرىتى ئالدىدا بىر ئادەم يىغلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ كىشىنى كورگەن كازىم: "بۇ ئادەم نىمىشقا يىغلايدىكىنا؟" دەپتۇ-دە، يېنىغا بېرىپ، يىغلىشىنىڭ ۋەجىنى سوراپتۇ.

— جېنىم ئۇكام! — دەپ سوزىنى باشلاپتۇ ئۇ ئادەم ئېڭىگىنى سىلاپ، ئاندىن ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ سۈرىتىگە قاراپ داۋام قىپتۇ، — مۇشۇ ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ شۇنچە ساقىلىمۇ ئىنقىلاپقا كاشىلا قىلمامتىكەن، مېنىڭ ئوشكىنىڭكىدەك كىچىككىنە ساقىلىمنىڭ ھازىرقى ئىنقىلاپقا پۇتلاشقىنىغا ھەيرانمەن! قارىماسىز جېنىم ئۇكام، ساقىلىمنى كېسىۋەتتى ئەمەسمۇ، — دەپ ھور-ھور يىغلاپتۇ. قارىسا راست، ئۇ ئادەمنىڭ ئاق ساقىلىنى قىرقىپ خۇددى قۇيرۇغى يۇلۇنغان سوكال پاختەكتەك قىلىپ قويغان ئىكەن. كوروپ كازىمنىڭ بىر كۈلكىسى كەپتۇ، بىر

ئىچى ئاغرىپتۇ. قەيەردە، كىملەر شۇنداق قىلغانلىغىنى سورىغان ئىكەن، ئۇ ئادەم قايناپلا كېتىپتۇ.

— كىم بولماقچى جېنىم ئۇكام، بىر توپ شۇمتەكلەر شۇنداق قىلدى. ئاۋۇ چوڭ كوچىدا، ئۇلار ھىلىمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. كورگەنلا ئەرلەرنىڭ ساقىلىنى، ئاياللارنىڭ چېچىنى كېسىۋاتىدۇ. ئىشەنمىسىلە جۇرسىلە، مەن باشلاپ باراي، ئوز كوزلىرى بىلەن كورۇپ باقسىلا، جۇرسىلە، — دەپتۇ.

بارسا راست. بىلەكلىرىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان، قوللىرىغا قايچا ۋە شۇشاڭلارنى تۇتقان بىر توپ "ئىنقىلاۋىي كىچىك باتۇرلار" توت كوچىنىڭ ئاغزىنى تەڭ توساپ، ئۇچرىغانلىكى ئەر-ئاياللارنىڭ چاچ-ساقىلىنى كېسىپ تاغارلارغا قاچىلاۋاتقان بىرمۇنچە ئاتا-ئانىلار يىغلاپ نالە-پەريات قىلىشىۋاتقان، بەزى كىشىلەر ئۇ ياق-بۇ ياققا قېچىۋاتقان، قوغلىشىۋاتقان، بەزى تاماشاخۇمار ھاماقەتلەر بولسا، كۈلۈشۈپ، ئاۋۇلارغا بولۇشۇپ ھەر يان چېپىشماقتا ئىكەن.

— مانا، كورلىمۇ ئۇكام، بۇ نىمە كارامەت! — دەپتۇ ھىلىقى كىشى.

كازىم ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا نېرىقى كوچىدىن بىرقانچە تاۋۇتنى تاراقلىتىپ كوتەرگەن ھىلىقى باتۇرلاردىن بىرمۇنچىسى كەپتۇ. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن "ئولجىلىرىنى" ئورۇپ-چېقىپ ئوت قويغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ھالغا تاقەت قىلالمىغان كازىم گەپ قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ:

— بۇ نىمە قىلغىنىڭلار ئۇكىلار!؟

— تۇت كونىنى يوقىتىمىز! — دەپ چۇقۇرۇشۇپتۇ "كىچىك باتۇر"لار.

— بۇ بىرقانچە ئۇن ياكى بىرەر يۈز كىشىنىڭ چاچ-ساقىلىنى كېسىش بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ قالغانلىرىچۇ؟

— كېسىمىز!...

— يوقىتىمىز!...

كازىم غەزىۋىدىن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپتۇ.

— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئەمدى ماۋۇ تاۋۇتنى نىمىشقا چاقىسىلەر؟

بۇمۇ تۇت كونىنىڭ بىرسى، شۇڭا يوقىتىمىز.

— ئۇنداق بولسا، مۇندىن كېيىن ئۆلگەن كىشىلەرنى نىمە بىلەن ئېپچىقىمىز، سورەپ ئېپچىقىمىزمۇ؟

— سەن خېلى ھاكاۋۇر نىمىكەنسەنغۇ، يوغان گەپ قىلىسەنغۇ، بىز بىلەن ئېلىشماقچىمۇسەن؟

— بىزگە قارشى كۆرەش قىلماقچىمۇسەن؟

— ئىنقىلاپقا قارشى ئىغۋاغا يول قويمايلى!

— نەق ئەكسىلئىنقىلاپچىغا تىغمۇ-تىغ قارشى تۇرايلى!

— نەق ئەكسىلئىنقىلاپچىنى قورشاپ يوقىتايلى!

تەرەپ-تەرەپتىن چۇقان كوتىرىشىپ كازىمنى ئارىغا ئاپتۇدە، ئۇ يان-بۇ ياندىن مۇشتلاپ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىۋېتىپتۇ. ئۇمۇ ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. شۇ چاغدا

ئۇلار "ئىنقىلاپـقا قارشى ۋەقە تۇغدۇرۇپ، نەق مەيداندا قولغا
چۈشكەن ئۇنسۇر" دەپ كازىمنى باغلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

بۇ ۋەقەنىڭ شۇم خەۋىرى يېتىپ كەلگەنـدە مەن غىـزاغا
تەييارلىنىۋاتاتتىم. ئەمدى باللارنىڭ تامىقىنى بېردۈەتكەنـدىن
كېيىن، بېرىپ ئىز-دېرىكىنى قىلاي، سوزلىشەي، دەپ ئالدى-
رايتتىم. ئاريدىن ئانچە ئۆتمەيلا ئۆيگە بىر توپ ياشلار كىرىپ
كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسدا كازىمـنىڭ ئوقۇغۇچـىلىرى، بەزى
يېقىنلىرىمىزنىڭ باللىرىمۇ بار بولۇپ، ھەمـمىسىنىڭلا ئەلپازى
يامان كورۇنەتتى. ئۇلار "بىز ئىنقىلاۋىي كىچىك باتۇرلارمىز،
ھېچنىمىـدىن قورقمايـمىز..." دەيتتى، قاپىـقىنى ئاچمايتـتى.
ئۇلار بىزنىڭ ئۆينى ئاختۇرۇپ ئۆكتەي-توكـتەي قىلىۋەتـتى.
كىتاپ-ژورناللارنى دەرىزىدىن ھويـلىغا ئاتاتـتى، رامكىـدىكى
سۈرەتلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئەينىكىنى چۇل-چۇل چېقىۋەتتى.
ئاندىن تامدىكى داھىلارنىڭ رەسىملىرىنى سويۇپ كەينلىرىگىچە
قاراشـتى. "خوچاڭـنىڭ ئىچىـگە نەرسە يوشۇرغان" دەپ، بىر
تېپىپ خوچاڭنى ئورۇۋەتتى. يوتقان قېتىنى ئاختۇرۇپ ئەستەر-
لىرىنى سوكۇۋەتتى. دەرىزىدىكى ئىككى تەشتەك گۈلنى "چەت-
ئەلچە ئۇسۇل" دەپ يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. ئانـدىن مېنىڭ
كىيىم-كېچەكلىرىمنى بىر-بىرلەپ پەگاغا ئاتتى-دە، بىر جۇپ
يوپكام بىلەن پوپايكامنى "بۇ چەتئەلچە، جىن-شەيتانچە كىيىم"
دەپ، دەسسەپ يىرتـماقـچى بولـدى. بۇنىڭـغا تاقەت قىلىـپ
تۇرالمىدىم.

— مەن بۇنى ئۆز ئەمگىگىم بىلەن تاپقان پۇلۇمغا ھوكۇمەت ماگىزىنىدىن سېتىۋالغان، ماڭا بۇ نەرسىنى ھېچقانداق چەتئەل ئەۋەتىپ بەرگەن ئەمەس. مېنىڭ ھېچقانداق چەتئەلدە تۇققان-تونۇشۇممۇ يوق، — دەپ نەرسىلىرىمنى ئېلىۋالماقچى بولسام، چېچىمدىن تارتىپ بىر ئىتتىرىۋىدى، ئوڭدا چۈشتۈم، يانچىشىم يامان ئاغرىپ كەتكەچ چىدىيالماي يىغلاپ، جان ئاچچىغىمدا ئۇ شۇمتەكلەرنى تىللاپ سالدىم. شۇنىڭ بىلەن مېنىمۇ "ئىنقىلاۋىي كىچىك باتۇرلارنى ھاقارەتلىگەن، ئىنقىلابقا قارشى چۇقان كۆتەرگەن، كونىلىقنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان، جىن-شەيتانچە ياسانغان، ئۆيىدىن چەتئەلنىڭ نەرسىلىرى چىققان، چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر" دەپ، چېچىمدىن سۆرەپ مېڭىشتى. بىر يەرلەرگە بارغاندا ياغلىقىم بىلەن كۆزۈمنى تېڭىشتى، ئاپىرىپ بىر ئىمارەتنىڭ ئاستىدىكى زەي، سېسىق گەمىگە كىرگۈزۈپ، دۈمبەمگە قاتتىق تەپكەچ گوردەك قاراڭغۇغا دوملاپ چۈشتۈم. شۇنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بىرسى ئىشىكنى قىيا ئېچىپ:

— ھەي ئالۋاستى، مە، مانى ئال! — دەپ دوۋۋۇس قىلدى. گەپ قىلغۇچىنىڭ ئۆزى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ، ئازغىنا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ كەينىگە موكۇپ تۇرۇپ ئىچكىرى ئۇزاتقان قولىدىكى قاچا بىلەن مومىنى غۇۋا كۆرگەن بولسامۇ ئەمما، بېرىپ ئېلىشقا ماجالىم يوق ئىدى. چۈنكى شۇ كېچىسى توت ئايلىق بالا بويۇمدىن ئاجراپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن "نىمە بولسا بىر مۇسۇلمان بەندىنىڭ بالىسى ئوخشايدۇ، رەھمى كېلەر"

دەپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ، نەرسىنى ئۆزى ئېپكىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ مېنىڭ يىغا-زارىمنى ئاڭلىغاچ ئاستا جىمىپلا يوقالدى.

تۈن يېرىم مەزگىللىرى بولسا كېرەك. ئىشىك يەنە ئېچىلىپ، قول چىراق تۇتقان بىرنەچچىسى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېغىز بۇرۇنلىرىغا ماسكا، يۈزلىرىگە ئالا-بۇلىماچ قىلىپ جياۋبۇ چاپلىۋالغىنىدىن بىلدىمكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇتماس ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئىكەن. شۇڭا مەنمۇ تونۇماسقا تىرىشتىم. ئۇلار بىر بىرسى بىلەن ئارىلاپ ”خەنزۇچە سوز“ قىلىشىپمۇ قوياتتى.

مەن ئۇلۇك بالىنى كوينىگىمنىڭ بىر يېڭىنى يىرتىپ يوگەپ قويغان ئىدىم. ئۇلۇكنى بىرسى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ:

— بۇ قانجىق ئاران تۇرۇپمىدىكىن، بۇ يەرگە كېلىپلا بۇ بىرنىمىنى چىقىرىشقا، — دىدى.

— سىلەرنىڭمۇ ئاپىلىرىڭلار، ئاچىلىرىڭلار باردۇ، — دىدىم مەن يىغا ئارىلاش تەنە قىلىپ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالا-بۇلىماچىلار ئارىسىدىن پاقىراپ بىر بىرسىگە قارىشىۋاتقان كوزلىرىنى كوردۇم.

بىرسى قوپال ئاۋازدا دەيتتى:

— سېنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى جىنايىتىڭ ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن بىز ئىنقىلاپچىلار ھەرقاچان ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزدەيدىغان بولغىنىمىز ئۈچۈن ھازىرقى ئەملىي ئەھۋالىڭنى نەزەرگە ئېلىپ، سېنى چىقىرىۋېتىمىز. ماۋۇ ئۇلۇك بالاڭنى

ئېيىكتىشىڭگە بىر كونا سومكىمۇ بېرىمىز، ئاپىرىپ كومۇۋېتىسەن.
شەرت شۇكى، بۇ بولۇنغان ئەھۋالنى ھېچ ئىنسانغا تىنمايسەن.
ئەگەر بىركىمگە دەيدىغان بولساڭ، بىزدىن ياخشىلىق كۈتمە!
ئۇقتۇڭمۇ؟!

"ئۇقمۇدۇم" دېيىشكە ئىلاج بارمۇ؟

ھايداقچىلار مېنى ئىلگىرى قانداق ئېلىپ كەلگەن بولسا،
يەنە شۇنداق كوزۇمنى تېڭىپ، ئېلىپ مېڭىشتى-دە، مەلۇم
جايغا كەلگەندە توختىتىپ دېدى:

— بىز كەتكەندىن كېيىن كوزۇڭنى ئاچىسەن.

— ...

مەن كوزۇمنى ئاچقاندا ئەتراپ گوردەك قاراڭغۇ ئىدى.
بىر دەم تىمتاس توختاپ كوزۇمنى كوندۇرگەندىن كېيىن
تەمتىرەپ يۇرۇپ كەتتىم.

ئۇيگە كەلسەم، ئىككى پۇتىنى چېقىپ بىر ئازگالغا تاشلى-
ۋەتكەن كازىمنى تونۇش-بىلىشلەر بىھۇش ھالدا كورۇپ
قېلىپ، دوختۇرغا ئاپىرىپ پۇتلىرىنى گىپس بىلەن قاتۇر-
غاندىن كېيىن، ئۇ يەردە بوش كارۋات بولمىغاچ ئۇيگە قايتۇ-
رۇپ كېلىپ ياتقۇزۇپ قويغىنىغا ئىككى كۈن بولغان ئىكەن.

كازىمنى كورۇش بىلەن قورقۇپ كەتكىنىمدىن قاتتىق ۋاقىرى-
ۋەتكىنىمنى ئۇزەممۇ تۇيماي قاپتىمەن. چۈنكى ۋەيرانە ئۇيدە
ئاقلارغا ئورالغان كازىمنىڭ پىلىلدىغان كوزىنى دىمىگەندە،
ئۇنىڭ ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان ئەپتى بەئەينى مۇردىنى ئەسلى-

ئەتتى. دىمىسىمۇ ئۇنى تىرىلگەن مۇردا دىيىشكە بولاتتىكى، تىلى، كوزى، قولىدىن بولەك پۈتۈن گەۋدىسى ھەركەتسىز ئىدى. ئاشۇ ھالدىكى كازىممۇ مىنىڭ ھالىمنى كورۇپ، ئوزىنى توختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. بىزنىڭ ئويىمىز ئولۇم چىققان ئويدەك بىر ھازاغىچە يىغا-زارە ماكانىغا ئايلىنىپ كەتتى. دادىسىنىڭ يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان ئون ياشلىق قىزىم پەرىدە بىزنىڭ يىغان زارىمىزدىن ئويغىنىپ كوزلىرىنى ئۇگىلاپ باغرىمغا ئوزىنى ئاتتى.

— ئاپا! جېنىم ئاپا! بارمۇ سەن؟ نىمە بولۇپ كەتتىڭ ئاپا... — دەپ — بوينۇمغا گىرە سېلىپ، يېنىش-يېنىشلاپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. بىچارە قىزىمنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شۇنچىۋالا جۇدەپ كەتكىنىنى كورۇپ، يۈرەك باغرىم لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئوغلۇم پەرھاتنى ئەنسىرەپ سورىسام "ئاپا" دەپ تولا خەقىش قىلغانلىقتىن، دادىسىنى بىئارام قىلىدۇ دەپ، كازىمنىڭ بىر دوستىنىڭ ئايىلى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنى كورگىچە تاقىتىم تاق بولدى. كورگەندە ئۇمۇ پەرىدىدىن ئاز يىغلىمىدى.

ئارىدىن ئانچە كۈنلەر ئوتكەندىن كىيىن كازىمنىڭ گېپىس بىلەن قاتۇرۇلغان پۇتىدىن يىرىك قايناپ چىقىشى بىزگە ئېغىر قورقۇنچلارنى سالدى. ئۇنى ئۇستا تېخنىكچىغا كورسىتىش مەسىلىسىتى ھەممە ئېغىزنىڭ بىردەك پىكرى بولدى. بىز ئۇنى ئاتۇشتىكى ئاتىغى چىققان تېخنىكچى ساماساق ئۇستىغا ئېلىپ

بارماقچى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىساتىمىزدىكى تۈزۈكرەك بىرلا مۈلكىمىز بولغان گىلەمىنى ساتماقچى بولدۇق. ئۇنى سېتىپ بېرىشكە سودا-سېتىقتىن خەۋىرى بار يېقىن تونۇشلىرىمىزدىن بىرسىگە بېرىۋىدۇق، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئاغزى شېكەر، يۈرىكى زەھەر مەخلۇقلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى شۇ كەمگىچە بىلمىگەن ئىكەنمىز. ئۇ ئەسلى پۈكچەن پايدا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاق سۈت بەرگەن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنىمۇ كېسىشتىن يانمايدىغان، پۇلغا بەكمۇ ئامراق، ئاچكۆز بىر مەككار سودىگەر بولغىنى ئۈچۈن، بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن كەلگەن ئالدىراش پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئەتىگەندە ئالدىراپ كىرىپ "گىلەمنى ئۈچ يۈز كوي قىلىۋاتىدۇ، ساتايمۇ؟" دەپ بىزدىن رازىلىق ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، چۈشتە يەنە كىرەتتى-دە، مويىي سەل ئۇسەكرەك ئىكەن، ئىككى يۈز ئەللىك كوي قىلىۋاتىدۇ..." دەيتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى بىزنى بىر يۈز يەتمىشكە كوندۇرۇپ، گىلەمنى ئۇنىڭ ئۆزى ئېلىۋالغانلىقىنى بىز كېيىن بىلدۇق. ئۇ مەككار، ئالدامچىنىڭ ئاشۇنداق مايمۇن ئويۇنلىرى بىلەن تەييارلىقلىرىمىز پۈتكىچە ئەھۋال جىددىي ئۆزگىرىپ، كازىم قاتتىق كېسەل بولۇپ كەتتى. قوش دەرتنى كوتىرەلمەي، دوختۇرخانىلاردىمۇ ئەھۋال ئېغىر بولغاچ ياخشى داۋالىتىشنىڭمۇ ئىمكانى بولماي، ئۇ رەھمەتلىك توگەپ كەتتى.

مەن ياپ-ياش تۇرۇپلا تۇل بولۇپ قالدىم.

مەن ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكىمۇ

”ئىنقىلاۋىي ئىسيانچىلار“نىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ قالغاچ، ئۇلارمۇ ”نەق ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ خوتۇنى“ دەپ قاراپ ماڭا بەكمۇ ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىشتى. مەكتەپتە بولسا، بالامنىمۇ بىرسى چوقۇسا، بىرسى نوقۇپ، ”ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرنىڭ بالىسى“ بولۇپ ھەر كۈن دىگۈدەك يىغلاپ كېلەتتى. ھەر تەرەپلىمە روھىي ئازاپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بىلەن قىزىم ئوقۇيالمىدى. ئۇ ئەمدى بويىنغا بىر خالتىنى ئېسىپ ئەخلەت-كۈللەر ئارىسىدىن ئەۋۋەلىدە كومۇر، شاخار، كېيىنچىرەك پۇلغا ئالىدىغانلىكى نەرسە بولسا شۇنى تېرىدىغان بولدى. مەن بولسام ئۇنىڭ-بۇنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بالىلىرىمنى باقىدىغان بولدۇم. كېيىنچە بىر كادىرغا ئايدا يىگىرمە كوي ئالىدىغان ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ چالا ساراڭ خوتۇنىنىڭ دەككە-دەشناملىرىغىمۇ قاتتىق تۇرمۇش قامچىسىنىڭ ھايدىشى بىلەن كونگەن ئىدىم. ئاقىۋەت ھەممىدىن ئەلەملىكى شۇ بولدىكى، ئۇ كادىرغا ”ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ ئائىلىسىنى قانات ئاستىغا ئالغان“ دىگەن تەھدىت توخمىغى تەككەنلىكتىن مېنى چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

قىش باشلاندى. دەسلەپكى قار قېرىشقاندەك تازا ئۈچ كۈن ياغدى. قار توختاپ، سوغاق تېخى پەسلىمىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەر كوچىسىنىڭ دوقمۇش-دوقمۇشىغا ”4-نومۇرلۇق بۇيرۇق“ دىگەن ”يوغان“ خەتلىك ئېلان چاپلاندى. ئۇنىڭدا بارلىق جىن-شەيتانلار مۇشۇ بۇيرۇق چىققان كۈندىن باشلاپ

ئوزەڭلەر ئولتۇرغان جايدىكى ساقچى ئورگانلىرىغا كىرىپ، دەرھال ئەنگە ئالدۇرۇپ، مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە شەھەردىن بوشىنىپ، يېزىغا كوچۇشۇڭلار شەرت!...» «ئىسيانچىلار سىلىگبۇ-سىدىن» دېيىلگەن. پۈتۈن شەھەرنى شۇ جۈملىدىن بىزنىڭ ئائىلىمىزنى ئېغىر ۋەھىمە باستى. چۈنكى، بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ «شەرت»لىرى بەك قاتتىق، تەھدىتلىرى «دەبدەبىلىك» ئىدى.

مەن كىرگەندە ساقچىنىڭ كۈنگەيگە قارايدىغان دەھلىزە ئويىدە بىرقانچە ئەر-ئاياللار مۇشۇ خۇسۇسلاردا پاراڭلىشىۋات-قان، دەرىزىگە يېقىن قويۇلغان ئۈستەل تۆۋىدىكى ئورۇندۇقنىڭ بىرسىدە ساقچىنىڭ ش. ئىسىملىك — قاپىغىدىن قار يېغىپ تۇرى-دىغان سورۇن چىراي خادىمى زوڭ ئولتۇرغان، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر كوك كوز پاكىنەك خىزمەتچى ئادەتتىكىچە ئولتۇرغان ئىكەن. مەن ئۇلاردىن ئاستا سورىدىم:

— جىن-شەيتانلارنى تىزىمغا ئالدىغان ئىدارە مۇشۇمۇ؟

ئۇلار يا «ھەئە» يا «ياق» دېيەلمىدى. كىشلەرنىڭ بەزىسى كۈلۈمسىرەپ ماڭا قاراشقا باشلىدى.

مەن سوئالىمنى يەنە تەكرارلىدىم. ئۇلار يەنە زۇۋان سۈرمەستىن بىر بىرىگە قارىشاتتى. مەن ئۇلارنى «ھەئە»گە كوندۇرسەملا شۇنىڭغا لايىق بولەك گېپىم بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈنلا كۈچكە ئىگە بولغان ئاتال-مىش «4-نومۇرلۇق بۇيرۇق»نىڭ غەزەپ قىلىچىغا ئۇچرىغان دەسلەپكى قۇربانلارنىڭ بىرى مەن بولدۇم.

بىزنى كوچۇرۇپ ماڭغان ماشىنا ئەتىسى كەچ كىرەي دېگەندە تاشيولدىن بىر كەڭ سەھراغا بۇرۇلدى-دە، گۈگۈم چۈشكەندە بىر مەھەللىگە ئېپكىلىپ قويۇپ، يەنە ئۇلدام قايتىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ يەر-بۇ يەردە ئۆيلەر، قارا-قۇرا نەرسىلەر كورۇنەتتى. ئانچە-مۇنچە ئادەملەر ئاۋازى، ئىرىراقتا بولسا، ھاۋشىغان ئىتلارنىڭ ئۈنى ئاڭلىناتتى.

بىز بۇ يولغا ماڭغان سەككىز ماشىنىدىكى ئادەمدىن بۇ يەرگە كەلگىنىمىز بىر ماشىنىغا قاچىلانغان ئالتە ئائىلە ئىدۇق. بىزنى قوبۇل قىلىپ ئالغان ئىگىز بوي ئادەم يېنىدىكى يەنە بىرسىگە چىراق ئېپكېلىشنى بۇيرۇدى. چىراقتا كوردۇقكى، ئۇ، ئىگىز بوي، دوقا ماڭلاي، ياپما قاپاق، قارا چوقۇر كىشى ئىكەن. ئۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئېتى توختى توقام ئىكەن. ئۇنى توقام دۇيجاڭ، قىسقارتىپلا "توقا" دۇيجاڭ دەپمۇ ئاتىشىدىكەن.

توقا دۇيجاڭ بىزنى ئىسكىلات يېنىدىكى ئاشخانىغا تۇتاش يوغان كونا ئۆيدە مورا ئوچاقىقا قومۇش قالاش بىلەن كۈتۈۋال-دى. تۈنىنىمۇ تىچ-ئامان ئۆتكۈزدۇق.

توقا دۇيجاڭ كورۇنۇشتە قوپال-توڭ كىشىدەك كورۇنگىنى بىلەن گەپ-سوزلىرى خېلى جايىدا، كوڭلىدە يامانلىغى يوق، سەھرانىڭ ئاددى-ساددا ئادەملىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىگى سوز-ھەركىتىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. مېنىڭ ھە دېگىنىمدىكى قىياسىم كېيىنمۇ دۇرۇس بولۇپ چىقتى. ئۇ راست شۇنداق تۈپ-تۈز كەتكەن بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ بىزنى ئەمىلىي ئەھۋال-

لىرىغا يارىشا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما، كوپ ئوتمەيلا ئادەتتىكى ئەزالارنىڭ ئىلگىرىكى ئامراقلىقلىرى خۇددى يېنىپ تۇرغان چىراقنى پۇلەپ ئوچۇرگەندەكلا ئوچتى.

"سەھرايى قىيامەت" دىگەن گەپلەرنى كوپ ئاڭلىغان بولساممۇ ئۇنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمىگەن ئىكەنمەن. ئوزەم شەھەر، كەمبەغىلنىڭ قىزى بولسامىمۇ، يېزىدىكى تۇققانلارغا چىققان كۇنلەر كوڭۇللۇك ئوتكەچ يېزا ھاياتىدىن ھېچنىمىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. مانا ئەمدى يېزا ئادىمى بولۇپ، بۇ "سەھرايى قىيامەت"نىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىنى كورۇۋاتىمەن.

بىر كۇنى بىزنى ئۇشتۇمتۇتلا مەجلىسكە چاقىردى. قاچانكى يىغىلغاندا "ئۇنسۇرلار" ئايرىم ئولتۇراتتى. ئولتۇرغاندا ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئەمەس، بىر چەتتە يەرگە ئىگىشىپ، تىزلىنىپ قاتار ئولتۇرۇشاتتى.

"ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىغا چىقسۇنمۇ!"

"سىنىپىي كۇرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى!"

"سىنىپىي كۇرەشنى چىڭ تۇتايلى!" دىگەن چۇقانلار قايناپ كەتتى. ئاڭغىچە بىرقانچە ياشلار "ئۇنسۇر"لارنى گەدەنلىرىگە مۇشتلاپ، دۇشكەلەپ ئوتتۇرىغا ئېپچىقىپ ئىگىشتۇردى. بۇ چاغدا مىنىڭ پەيجاڭ ماڭا قاراپ-قاراپ قويغىنىدىن يۇرىگىم بىر پالاكەتنى تۇيماقتا ئىدى. ئۇ: "ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ خوتۇنى گۇلبوستان ئوتتۇرىغا چىقسۇن!" دەپ توۋلىدى. ئەزالار باشقىلارغا ۋاقىرىغاندەك "چىقسۇن" دەپ

توۋلاشماي تىچ ئولتۇرۇشتى. ماڭا ئاۋۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىدى. مەن ئۆزەم بىرىپ ئىگىشىپ تۇردۇم. ئىگىشكىنىمدە — مىنىڭ ئۇسكىلەڭ چىچىم يەرنى سۈپۈرۈپ، كوز ياشلىرىم يەر توپىلىرىنى نەملىمەكتە ئىدى.

بىر ئۇنسۇر ئۇستىدىن "كۈرەش" بولدى. ئۇ ئوتكەن يول بويىدىكى قوناقتىن بىرنەچچە باش ئۈزۈلگەن ئىكەن. "شۇنى سەن ئالمىساڭ كىم ئالىدۇ؟" دەپ ئوتتۇرىغا ئىلىندى. ئۇ، نوزەمبىللا مەن ئالمىدىم، دەپ زار يىغلاپ تىترەپ تۇراتتى. بىر چاغدا "دىكتاتۇرا گۇرۇپپىسى"نىڭ ئەزاسى ئوسمان ئۇ "ئۇنسۇر"نى "ئاغزىڭنى ئاچ، ئاچ دەيمەن!" — دىدى. كىيىن غاراق-غۇرۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. بىزنى كورسۇن دەپ بىشىمىزنى كوتەرگۈزگەندە كوردۇمكى، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر باش قوناقنى قاپلاپ تىققان، ئۇنىڭ كالپۇك جاۋغايلىرى قاناپ، قىياپىتى بىر ئاجايىپ نەرسىگە ئايلانغان ئىكەن. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇت-لىرىدىن ھىچنىمە قالماي يۇلۇنۇپ، ئىڭىگى قىپ-قىزىل بولۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇنى چەمبەرچەس باغلاش ئارقىلىق "ئالدىم"غا ئىقرار قىلدۇرۇۋالغاندىن كىيىن توت باش قوناق، توت تال شاخنى بويىنىغا ئىسىپ، ئىككى يىگىت ھەيدەپ، دۆيلەرنى ئۈچ كۈن ئارىلاتتى. كىيىن ئۇ ئۇنسۇرنىڭ "نىمە بولسا ئۈچ كۈن ئارام ئىلىۋالدىم" دىگىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم.

دۆي ئەزالىرىغا گوش، ياغ بەرگەنلىرىدە "ئۇنسۇر"لارغا نەق پۇلغا سىتىپ بىرەتتى. ئاشۇ ئەھۋالدىكى "ئۇنسۇرلار"دا

نەدىمۇ نەق پۇل بولسۇن! شۇڭا مەن پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىنى سېتىپ، جاننى ساقلاپ قېلىشنى قارارلاشتۇرغان ئىدىم.

مېنى بىر تۇل خوتۇن بىر ئېغىز ئۆي بىلەن تەمىن ئەتكەن. مەن ئۇ خوتۇننى ئانامدەك ئەتىۋارلاپ، ئوتلىرىنى يېقىپ، سۇلىرىنى توشۇپ، نان، كىر-قاتلىرىغىچە قارىشىپ، بىر قاچا قايناقسۇيۇمىدىنمۇ ئايرىماي يۈرەتتىم. مەن بۇ گاس قېرىنىڭ قانداق نىيىتى بارلىغىنى باشتا بىلمەپتىمەن. ئۇ مېنى كېلىن قىلىۋېلىش غەرىزىدە يېنىغا تارتقان ئىكەن. تۈزۈككىرەك ئوغلى بولسا مەيلىدىغۇ. گاس خوتۇننىڭ "تەكلىۋى"نى ئاڭلاپ، تىترەپ كەتتىم، ھەتتا يىغلىۋەتتىم. ئۇنىڭ ماڭا سايى قىلغىنى ئەللىك ياشتىن ئاشقان گاچا ئوغلى بولۇپ، بۇ بىغەرەزگە شۇ يۇرتتا ھېچ خوتۇن تەگمىگەن ئىكەن. ئەمدى بېشىمغا كۈن كەلگەندە مەن تەككىدەكمەن. ۋاي قانداق قىلاي! ئۇنىڭ بىلەن نەدە بەپبەپلىشىپ يۈرەرمەن. ئۇنىڭ ئاق ئارىلىغان پايپاق ساقاللىرى، قاپ-قارا توڭرا بويۇن-باشلىرى، بۇرنىنىڭ تۈكلۈك توشۇكلىرى، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ نەرسە ئىچىشلىرى...ۋاي قانداق قىلاي!...ھو...

ئۇ گاس ئوغلۇمغا تەگمەيدىغان بولسا، ئۆيۈمدىن كوچسۇن، دەپتۇ. مەن توقا دۈيجاڭغا يىغلىدىم. ھال-ئەھۋالىمنى باشتىن-ئاياق ئېيتتىم. ئۇ مېنى دۈينىڭ ئىلگىرى تومۇرچىلىك دۇكىنى قىلغان بىر ئېغىز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە بىر ھارۋا

ئوتۇنمۇ چۇشۇرگۇزۇپ بەردى.

كۇنــدە سەھەر تۇرۇپ، تىــزەك تېرىپ، قىغ ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش، جابەر ئىشلەش، ئىشقا بارغان ۋە يانغان چاغلاردا سۋەتنى تولدۇرۇپ، چاۋا-چاتقال تېرىپ كېلىشلەر مېنىڭمۇ ئادىتىمگە ئايلاندى.

ئوما كۇنلىرى ئىدى. ئىشنىڭ تازا قاتىلاڭ چېغىدا مەن ئاغرىپ قالدىم. مېنى ئىشقا ھەيدەپ ئايال دۇيجاڭ ئايشىخان كېلىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە مىنبىڭ پەيجاڭ يېتىپ كېپتۇ. ئۇ ئىشقا چىقمىسام زادى بولمايدىغانلىقىنى، ئېتىز بېشىدا بالا بېقىپ بېرىشىمنى ئېيتتى.

ئېتىز بېشىدا بالا باقماقتىمەن. ئون ئىككى بالا، ئۇزۇن ئۇلانغان ئىككى ئاغامچىدا قاتار ئىككى سەگۈنچەك سېلىنغان. ھەر بىرسىگە ئالتىدىن بالا بولەنگەن. ھەرقايسىسى ھەر ياڭزا يىغلايدۇ، بىرسى يىغا باشلىسا ھەممىسىلا تەڭ كانا‌ي تارتىشقا باشلىشىدۇ. مەن ئوتتۇرىدا، ئىككى قولۇم ئىككى سەگۈنچەكنى تىنماي تەۋرىتىشتە، توختىماي ئەللەيلەشكە مەجبۇرمەن:

ئەللەي مېنىڭ باللىرىم،
ئەللەي، ئەللەي خانلىرىم.
ئەللەي ئېتەي ئۇخلاپ قال
سەن بولساڭمۇ ئارام ئال.

ئاناڭ قولـى ئوغاقـتا،
داداڭ زەيكەش ئويماقتا.
ئاكاڭ كەتـكەن ئاقيارغا،
ئاچاڭمۇ سۇ ئامبارغا.
ئەللەي ـ ئەللەي باللىرىم،
ئەللەي مېنىڭ جانلىرىم...

ئادەتتىكى چاغدا سەگۇنچەك تەۋرىتىش كوڭۇللۇك بىر ئىش. ئەمما، ئېغىر ئاغرىق چاغدا قولنى ئىككى يانغا كېرىپ قوش سەگۇنچەكنى تەۋرەتكەندە ئادەمنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچىغا بولۇۋاتقاندەك جاننىڭ جەۋرىلىنىدىغانلىغىنى مەن بىلمەيدىكەنـ مەن. پۇتۇن ئەزايىمدىن تونۇر تەپتىدەك هارارەت يالقۇنجاپ تۇراتتى. چېكەم لوقۇلداپ، تومۇرلىرىم بولەكـچە تېز ئۇراتتى. ئاغـزىم يا قولۇم سەل توختىـسا، بالـلار چىـرىلـداپ قۇلاقنى يەيتتى. لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، چۇشكىچە چىداشقا تىرىشتىم. چۇشتە يالاڭياق دوختۇر مايىسگۇل تەكشۇرۇپ كورۇپ، چوچۇپ كەتـتى. ئۇ قىز مېنى دادۇي دوختۇرىغا ئېلىپ باردى. دادۇي دوختۇرى قوپاللىراق يىگىت ئىكەن. نىمىشـقا بالـدۇرراق ئېلىپ كەلمىگـىنى ئۇچۇن مايىسەمگە توڭـلۇق قىلغـىنىغا مەن خىـجىل بولۇپ، ئەهۋالـنى ئۇقتۇردۇم. ئۇ دەرهال گوڭشېغا يازدى.

مايىسگۇل ئىككىمىز گوڭشې دوخـتۇرخانىسىدىن چىققىنىمىزدا كۇن قايرىلىپ، هاۋا خېلى سەگـگەن. مەنـمۇ خېـلى سەگىپ

قالغان ئىدىم. ئۇ دورا سومكىسىغا مېنىڭ ئوكۇللىرىمىنى سېلىپ بويىنىغا ئېسىپ، توپىلىق يولدا كىيىكتەك چامداپ ماڭاتتى.

كەچقۇرۇن مەجلىس بارلىغىنى ئۇقتۇرۇپ، مىنىڭ پەيجاڭ سەلەي كەپتىكەن. ئۇنىڭغا گۇگشىپ دوختۇرىنىڭ بەش كۇنلۇك دەم ئېلىش قەغىزىنى كورسەتسەم، ئۇ قەغەزگە ھومىيىپ قاراپ:

—مۇھىم مەجلىس. ئىشلىمەي ئولتۇرىدىغان بولغاندىكىن بىر دۇەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، —دەپ ماڭدى. چىقىپ كېتىۋېتىپ، ماڭا گەپ قىلمەن دەپ ئىشىك بېشىغا قاتتىق ئۇسۇۋالدى-دە، ئىشىكنى تىللاپ، بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ دەيتتى:

—بارمىسىڭىز بولمايدۇ-ھە! سىلەردەكلەر چوقۇم بارىدىغان مەجلىس...

مەجلىس—بۇ يەرنىڭ ھەر ئاخشام تەرك ئېتىلمەيدىغان بىر مەشغۇلاتى ئىدى. ئالدى بىلەن كەلگەنلەرگە "ماتىرىيال ئوقۇغاچ تۇرۇش" باشلىناتتى. ئۇ ماتىرىيال قانچە قېتىم ئوقۇلغىنىدىن قەتئىي نەزەر، يەنە ئوقۇلۇۋېرىپ ئەپتى خۇددى كىيىم-كېچەكلىرى جۇلدۇرلىشىپ كەتكەن قەلەندەرگە ئوخشاپ قالسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇنى بىر پەس ئوقۇپ پۇخادىن چىققاندىن كېيىن، ئاندىن كەلگەنلەر كەلمىگەنلەرنى "تېز قىچقىرىپ كېلىش" ئۈچۈن كېتەتتى. ئاياق جەمى يىغىلىپ بولغىچە قاشاڭ سائەتمۇ ئون ئىككىلەرگە يېتەتتى. دۇيجاڭ سوزنى ئاتام ئېيتقان بايىقىدىن باشلاپ، ئاخىرىسىنى ئەتە كەچكى يىغىننى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تۈگىتەتتى. ئاندىن مۇئاۋىن دۇيجاڭ، ئاياللار

دۇيجاڭى، مىنىڭ پەيجاڭ، بوغالتىر، ھارۋىكەشلەرنىڭ باشلىغىدىن تاكى ئىسكىلاتچىغىچە ھەممىسى "مېنىڭ ئىككى ئېغىزلا قوشۇمچەم بار" دەيتتى-دە، ئۆزىدىن ئىلگىرى سوزلىگەنلەرنىڭ ھەممە ئېيتقانلىرىنى بىرمۇ-بىر تەكرارلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى قوشاتتى. بۇ ئارىدا مىنىڭ پەيجاڭنىڭ ۋەزىپىسى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئۇ، پات-پاتلا:

— ھەي، ئاۋۇ بۇلۇڭ تەرەپتە خورەك تارتىۋاتقان قايسىڭ سەن؟ ئۇخلىما! — دەپ ۋاقىراپ تۇراتتى. بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىسۇردىن بىرەرسىنى ئۇخلىغانلىقتا ئەيىپلەپ شاق-شۇق بىرنەچچە كاچات سېلىپمۇ ئېتەتتى. بۇگۇنكى مەجلىسنىڭ ھەر ئاخشامقى مەجلىسلەردىن ئالاھىدە پەرقى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ بولدىكى، ناھىيىلىك ۋۇجاڭبۇدىن چىققان بىر كادىر بۇ خىل قېلىپلىشىۋالغان مەجلىسنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن گۇڭشې رەھبەرلىكىنىڭ نەچچە نوۋەت بەرگەن يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئەمىلىيلەشتۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. دۇيجاڭلار دەرھاللا:

— ماقۇل... — دېيىشتى.

بىز مەجلىستىن قايتىپ چىقىشىمىز بىلەن تەڭ دۇيجاڭنىڭ ھويلىسىدىكى ئۈرۈك شېخىدا ياتقان خوراز بىزنى قارشى ئالغاندەك قانىتى بىلەن قاتتىق چاۋاك چېلىپ ئۇنلۇك قىچقىرىشقا باشلىدى.

كەچكۈز ۋاقتى ئىدى، بۇ كۈز مېنىڭ ئۈچۈن بەختسىزلىك كۈزى بولدى. جاڭگالدا ئوت-چوپ ئورۇشقا مېنىڭ ئون ئۈچ

ياشلىق قىزىم پەرىدىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئون كۈنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىچارە بالام قاتتىق ئاغرىپ كالا ھارۋىسى بىلەن قايتىپ كەلدى. كېچىسى بەك بىئارام بولۇپ، كۆزى يۇمۇلسىلا جۆيلۈپ، ئوت-كاۋاپ قىزىپ چىقتى. ئەتىسى دوختۇرغا ئېلىپ بارسام قاتتىق سوغاق تەككەن، ئۆپكە ياللۇغى بولغان دەپ ئوكۇل ئۇرۇپ، دورىلارنى بەردى. ئەمما بالا بارغانسېرى جۆيلەپ قاتتىق يۆتىلىدىغان، دېمى سىقىلىدىغان بولۇپ كۈندىن-كۈنگە ئوساللىشىپ باراتتى.

بىر ئاخشىمى جىددى مەجلىس، ھېچكىمنىڭ ئۆيدە قېلىشىغا قەتئىي رۇخسەت يوق، كىمدە كىم بارمىسا بەش كۈنىنىڭ نومۇرى تۇتۇلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇلدى. بارسام يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى مەجلىس ئىكەن. ئايۇپ دېگەن ئۇنسۇرنى دۈينىڭ ئولۇپ قالغان ئېتىغا سەن سۈيقەست قىلدىڭمۇ-قىلمىدىڭمۇ دەپ مۇشتلاش مەجلىسى بولدى. يېرىم كېچىگە يېقىنداپ قېلىۋىدى، كۆڭلۈم بولەكچە بولۇپ، قاپىغىم تارتىپ، زادى بولالماي ئاخىرى دۈيجاڭغا دېدىم.

— باشقىلار تۈيمىسۇن، غىپپىدا كېتىڭ، — دېدى دۈيجاڭ.

كەلسەم ئىشىك ئوچۇق تۇرۇپتىكەن. كۆرۈپلا يۈرىكىم قاتتىدا قىلىپ كەتتى. ئادەتتە ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ كېتەتتىم. بۈگۈن پەرىدە ئىچىدىن ئېتىۋالماق بولغان ئىدى. ئالدىراپ كىرىپ چىراق ياندۇرسام، مېنىڭ پەرىدەم كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، چىشلىرى كىرىشكەن، مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈل-

گەن ھالدا ساپ ـ سارغىيىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭغا ئۇزەمنى ئاتتىم، قىچقاردىم، يالۋۇردۇم، تەۋەتتىم. ئەمما ئۇ مىدىرلىمايتتى. ئۇ ئاللىقاچان تۇگەپ قېتىپ قالغان ئىدى. يىغلىدىم، قاڭغىر قاخشىدىم، چاچلىرىمنى يۇلدۇم، ھېچ ئىلاج بولمىدى. تاڭ ئاتقىچە بېشىدا مولدۇرلەپ ئولتۇردۇم.

مېنىڭ پەرىدەم مەرھۇم دادىسى كازىمنىڭ ئورنىدا دەردىمگە دىلداش، ھالىمغا مۇڭداش بولۇپ كېلىۋاتقان يورۇق دۇنيادىكى بىردىن ـ بىر يولەنچۈگۈم، ئۇمىت يۇلتۇزۇم ئىدى. ئۇ ئەمدى "بۇ كۇلپەتلەر دۇنياسىنى كوزۇم ئىككىنچى كورمىسۇن" دىگەندەك قاپ ـ قارا قويۇق كىرپىكلىرىنى چىڭ جۇپلەپ خاتىرجەم ياتاتتى.

— خوش...

— ئەلۋىدا...

— ئەلۋىدا... ئەي بەختسىز ئانىنىڭ بىتەلەي قىزى، مەڭگۇ خوش، مەندىن رازى بولغىن. مېنىڭ سەن توغرىلىق ئالى ئارمان، ئوتلۇق ئىستەكلىرىم بار ئىدى. ھەممە ـ ھەممىسى كاج پىلەكنىڭ مۇدھىش دوزاقلىرىدا كۇل بولۇپ كەتتى. سەن بولساڭ ئۇمىدىمنىڭ رەڭدار بىر غۇنچىسى ئىدىڭ. تەقدىرنىڭ تەلۋە شاماللىرى سېنى توزۇتۇۋەتتى. خوش، مەڭگۇ خوش، مەندىن رازى بول... — دەپ پىچىرلايتتىم.

ئادەم دىگەن ھول نىمىكەن. بېشىغا كەلسە، ھەر بالاغا چىدايدىكەن. چىدىمايمۇ ئامال بولمايدىكەن. چىدام ئىنسانىنىڭ

ئەڭ ئىسىل پەزىلەتلىرىدىن بولسا كېرەك. پەرىــدەم
لىش كازىمدىنمۇ ۋە ھەممە ـ ھەممە ئايــرىلىشلىرىم
ھەسسە، يۈز مىڭ ھەسسە ئېغىر چۈشتى. ئانا مېھرى
بولىدىغانلىقىنى ئانا بولغان كىشىنىڭ ئۆزىــلا، ئۇنى
مۇھەببەت ماكانى بولغان قەلبىلا چۈشىنىدۇ. ئاندىن
ھەسرەت قىسسىسىنى يازغان شائىرلار بىلەن ھىجــرا
باغرى كاۋاپ بولغان ئاشىقلار چۈشىنىدۇ.
مەن پەرىدىدىن ئايرىلىپ سودايى بولۇپ قالمىد
بېرىسى بولدۇم. ئۇن توت ياشلىق پەرىزاتتىن ئايرى
توت كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۇچكەندەك قاپ ـ قاراڭغۇ ت
قانلىغى ئەمەسمۇ؟ ئاشۇنداق ئويناق كوز، سۇمبۇل چ
قىزىڭنى مۇساپىرچىلىق يۇرتــلىرىدا مۇڭــلۇق قەۋر
قىلىپ قويۇشتىن ئېغىر مۇسىبەت بارمۇ؟ ئەي خۇدا
بار بولساڭ ئالەمدە بولۇۋاتقان بۇ ئالامەتلەرگە قاند
قىلىپ تۇرۇۋاتىسەن؟ ئاجىز بەندىلەرنىڭ بېشىغا قاند
نى سېلىۋاتىسەن؟ ئەي، بۇ زۇلمەت ئالىمدە ئىنسا
ئازاۋىدىنــمۇ ئارتۇق ئازاپ بارمۇ؟... بەندىلەرگە
ئازاپــلاردىــن قېپــقالغانــلىرى يەنە بارمۇ؟ بىزدەك
كورگەن ئىنسانلار دۇنيادا يەنە بارمۇ؟

بەر ساپايەڭنى قولۇمغا، مەن كېتەي ئالەم كېزىپ
بارمۇ شائىر... قان يېشىمــدىن قىسسە ياز نەزمەڭ

سەن سىيادانىڭغا سادىقلىق نىجاتىن ئىستىسەڭ،
مەن جاپا تاغىنى تالقان ئەيلىگۈم تاشىن ئېزىپ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ مۇساپىرخانامغا تونۇشمايدىغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئوتتۇرا بويلۇق، قارا مۇتۇق، قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بۇ كىشىنىڭ تەمكىن سوزلىرى، ساقالسىز يۈزلىرى، كونىراق بولسىمۇ رەتلىك كىيىنىشلىرىدىن ئەسلى يېزا ئادىمى ئەمەسلىكى مەلۇم بولسا، ئۇنىڭ چورىسىنى قورۇقلار قورغاشقا باشلىغان غەمكىن كوزلىرىدىن بىر ئومۇر سەرگۈزەشتىنىڭ نادامەت تارىخى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، ”دەردى بار جانىۋارلارنى قونغان دەرەخلەردىن سوراڭ“ دىگەن قوشاق بىلەن سوزنى باشلاپ ئاندىن ئوزىنى تونۇشتۇردى.

— مەنمۇ دەرتمەنلەر قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى، ئېتىم نەجمىدىن. ئىلگىرى تاشقى سودا ساھەسىدە ئىشلەيتتىم. كېيىن كاساپەتچىلىككە ئۇچراپ يېزىغا كوچۇرۇلگەن. مۇشۇ دادۇينىڭ 5-ئەتىرىدىدە تۇرىمەن. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلاپ بەك ئېچىندىم. ھال سوراپ كېلىشكە نەچچە نىيەتلەنگەن بولسامۇ پۇرسەت نېسىپ بولماي كەلگەن ئىدى. بۈگۈن بوسۇغا داۋاندىن زادى ئاتلىمىسام بولمايدىكەنغۇ دەپ چىقىپ كېلىشىم...

بىز بىرتالاي مۇڭداشتۇق. راستىمنى ئېيتسام كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئادەملەردىن پۈتۈنلەي زېرىككەن ئىدىم. ئالەمدە ئادەمدىنمۇ ئەسكى، ئادەمدىنمۇ ۋەھشى نەرسە بارمىدۇ...

دەپمۇ ئويلايتتىم. ئادەملەردىن كورگەن كۆلپەتلىك
هەر بىر ئويلىسام، ئادەم بولۇپ يارىلىپ قالغان ئ
نەپرەتلەنگۈم كېلەتتى، هەسرەت ـ نادامەتتىن باغرى
بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن ئولۇپـلا بىراق تۈگىشىپ كېن
ئويلىغان چاغلىرىممۇ كوپ بولدى. لېكىن يەنە مې
ئادەملەرنىڭ شىرىن سوھبەت، ئوبدان مەسلىھەتلىر
كىتاپلارنىڭ يادىمدا ساقلىنىپ قالغان قىممەتلىك
ئوغلۇم پەرھات ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلار، "ئول
ئۈمىت بار" دىگەن كونىلارنىڭ سوزلىرى روھ
بولاتتى. مۇنداق كۈنلەردە مۇڭۇڭغا مۇڭداش بو
كوزۇڭگە گۈل بولۇپ كورۇنىدۇ. شۇنداقلارنىڭ بىرس
نەجىمىدىنىنىڭ پەيدا بولۇشى روھىمغا روھ قوشۇپ
ئارام بەرمەكتە ئىدى. ئۇ:

— ۋەزىيەتتىنمۇ ئانچە ـ مۇنچە خەۋەر تېپىپ تۇرۇۋ
دىدى ۋە يېنىنى ئاختۇرۇپ، قاتلانغان قەغەزلەرنى
تىپ ئالدى. ئۇنىڭ جوزىغا قويغىنى پارتىيە مەركىز
تىنىڭ زىيالىلار مەسلىسى ھەققىدىكى ھوججىتى
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدى. ئوقۇپ، خۇددى ئەڭگۈشت
غاندەك خوش بولۇپ كەتتىم. چاۋاك چېلىۋەتكىنىم
تۇيماي قاپتىمەن. بۇ مېنىڭ ئون قانچە يىللاردى
تۇنجى خوشلۇغۇم ئىدى. سۇنۇق كوڭلۇم كوتىرىل
گويا كۇندۇزدە چىراق ياققاندەكلا ئېچىلىپ كەتتى.

بىساتىمدا بارىم بىلەن مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالسامىمۇ ئازلىق قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. توخۇنى تو... تولەپ تالاغا يۈگۈر-گىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. مىكيانىدىن بىرنى تۇتۇپ كىرىپ بوغۇزلاپ بېرىڭ دېسەم ئۇنۇمىدى. خوشنىلاردىن بىرسىگە بوغۇزلىتاي دەپ ماڭسام توخۇنى تارتىۋېلىپ قويۇۋەتتى. نەجمە-دىن چايدىن كېيىن كەتتى. كەتكەندە ئاپتونوم رايونغا يازىدى-غان ئەرزنى بىرلىكتە يېزىشىپ، يەنە ئۇنى سالىدىغان ئادرىسنى ئۆزى بىلىدىغان بولغاچقا ئۆزى ئېلىپ كەتتى.

مەن نەجمىدىننى ئۇزىتىپ چىقىپ، پات-پات كېلىپ تۇرۇشنى تەكرار تاپىلاپ، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئەگىشىپ بېرىپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. كېيىن ئويلاپ: "توختا، سەن تۇل خوتۇن، ئەر كىشىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغىنىڭ نىمىسى؟ بىركىم كۆرۈپ قالسا نىمە دەيدۇ؟" دىدىم-دە، قايتىپ غىپپىدا ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈنلا كېيىن نەجمىدىن يەنە كەلدى. بىراق ئۇ كەلگەندە مەن يوق، پەرھات يەنە مەكتەپكە كەتكەن، قايسى كۈنى كەلگىنىدىمۇ پەرھاتنى كورمىگەن ئىدى. بۈگۈن ئالدى بىلەن ئۇ ئىككىسى تونۇشۇپتۇ. تونۇشقاندىمۇ تازا قىزىق بوپتۇ. نەجمىدىن ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرسا، بىر قولىدا بىرنەچچە تال سوڭەك، بىر قولىدا ئەسكى چۈخەينىڭ رېزىنكە چەمى، قولتۇغىدا بىر تۇتام چاۋا، بويىنىدا سومكىسى بار بالا يېتىپ كەپتۇ. كېلىپلا ئۇنى كۆرۈش بىلەن داڭ قېتىپ قاراپ:

— نىمە ئادەمسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن سىلەرنى يوقلاپ كەلگەن تۇققىنىڭلا مەن.

— نىمە، بىزنىڭمۇ تۇققىنىمىز بارمۇ؟

— ھەئە، تۇققىنىڭلا بار، مەن تۇققىنىڭلا بولىمەن.

پەرھات تاپاۋەتلىرىنى جاي-جايىغا قويغىنى تۇرۇپتۇ.

— ئۇ نەرسىلەرنى نىمە قىلىسەن؟ — سوراپتۇ نەجمىدىن.

— بۇ نەرسىلەرنىما؟ بۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىمىز. ماۋۇ ئوتۇننى ئوچاققا قالايمىز، ئاۋۇ ئۇستىخاننى، رىزىنكە ئاياقلارنى ساتىمىز.

— سىتىپ نىمە قىلىسەن؟

— سىتىپ نىمە قىلىسەن دەيدىيا، سارالڭ ئادەممۇ نىمە ماۋۇ. سىتىپ نىمە قىلىدۇ؟ چاي-تۇز ئالىمىز، ئاندىن ماڭا قەغەز-قەلەم ئالمامدۇ؟

پەرھاتنىڭ سوزلىرىگە نەجمىدىننىڭ زوقى كەپتۇ، ئۇنىڭغا ئىچىمۇ ئاغرىپتۇ. ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ بىر چاڭگال كەمپىت تۇتقۇزۇپ قويۇپتىكەن. پىڭىلداپ يۈگۈرگىنىچە مېنى قىچقارغىلى مېڭىپتۇ. بىز مال قوراسىدا مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق. ئۇ شۇنداق خوشال كەلدىكى، مېنى نېرىدىن كورۇش بىلەنلا ھەسرەپ-ھومۇدەپ چۇڭقۇلداپ سوزلەپ كېلەتتى:

— ئاپا-ئاپا... تۇققىنىمىز كەلدى. يامان ياخشى تۇققىنىمىز ئىكەن. ماڭا كەمپىت بەردى، مانا كەمپىت يانچۇغىمدا يەنە بار، ساڭىمۇ بېرىدۇ، جۇرە بارايلى...

راست، ماڭىمۇ بار ئىكەن. نەجمىدىن يانچۇغىدىن كەمپىت ئېلىپ جوزىغا قويۇۋېتىپ تىلى چۈچۈك پەرھاتنىڭ چاقماقتەك سوزلىرىگە ھەيران قالغىنىنى قىزىق قىلىپ سوزلىمەكتە؛ ئۇزىمۇ قىزىقچى ئادەم بولسا كېرەك، ئۇ بۇ دورەم مېنى كورۇش بىلەنلا سوزنى چاخچاقتىن باشلىغان ئىدى:

— ياخشىمۇسىز، ياشىرىپلا كىتىپسىزغۇ؟

— قېرىپ قاپتۇ دىگەنىمدىڭىز، ئۇزىمىزنى تۈزەشتۈرسەك يەنە تېخى بىر قامچىلىغىمىز بار.

— بازارغا بارغانلاردا كوزىمىز يەتمەيدىغان ئوخشامدۇ؟

— بىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس. كورگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇغۇڭنى قۇرۇتما دىگەن گەپ بارغۇ؟

مەنمۇ چاخچاققا كىرىشىپلا كېتىپتىمەن. كوپتىن مۇنداق سوزلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن مېنىڭ سۇنۇق كوڭلۇم كوتىرىلىپ، روھىم ئېچىلىپ، ھازىرلا ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان قۇشتەك ئۇزەمنى يېنىك سېزىشكە باشلىدىم.

نەجمىدىن بىزنى بىرمۇنچە يېڭى خەۋەرلەر بىلەن خوش قىلىپ كەتتى. ئۇ «قىزىل بايراق» ژورنىلىنىڭ يېڭى بىر سانىنى ئالغاچ كەپتىكەن:

— بۇنىڭدا ياخشى گەپلەر بار، كورۇپ بېقىڭ، كوپتىن بېرى كىتاپ سېغىنىپمۇ قالغانسىز...، — دىدى.

راست، مەن بىرقانچە يىللاردىن بۇيان قەلەم، كىتاپ دىگەن نىملەر بىلەن خوشلىشىپ، كەتمەن بىلەن دوستلىشىپ كەتكەن

ئىدىم. راستىمنى ئېيتسام، گېزىت-ژۇرنال، ماتېرىيال-پاتېرىيال دەپ ئوقۇغان نەرسىلىرىمۇ قۇلۇغۇمغا كىرمەيتتى، ئاڭلىغۇممۇ كەلمەيتتى. ئېتى ئۇلۇق، سۈپىرىسى قۇرۇق، ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ زېرىككەن ئىدىم.

«قىزىل بايراق»نى ئوقۇپ بولەكچىلا كوڭلۇم كوتىرىلىپ كەتتى. "توت كىشىلىك گۇرۇھ" سىياسىي باندىتلىرىنىڭ بىر يولىلا يوقىتىلغانلىقى، ئۇ شۇمپەنلەرنىڭ كاساپىتىدىن كۆلپەت چەككەن، ئۇۋال قىلىنغان ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇل-كېسىل ئازات قىلىنغانلىقى، ئەمدى ھەرقانداق ئالدامچىلىق، مەككارلىق، سېھىرگەرلىك سوزلىرىنىڭ ئاقمايدىغانلىقى قاتارلىق ئادەتتىكى ئادەملەر ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايدىغان، ئەمما ھەممە كىشى ئارزۇ قىلىدىغان، يۈرىگىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىسىل سوزلەرنى ئوقۇغىنىمدا، ئىختىيارسىز ھالدا كوزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلۇپ، ژورنالنىڭ بەتلىرىنى بۇلغىۋەتتى. مېنىڭ يىغلاۋاتقىنىمنى كورگەن ئوغلۇم پەرھات كوزلىرى چەكچەيگەن ھالدا يېقىنداپ:

— ئاپا...ئاپا...نىمە بولدى؟ نىمىگە يىغلايسەن؟ — دەيتتى.

مەن ئۇنىڭغا لايىقلاپ چۈشەندۈرگۈنۈمدە، ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ، ئۇھ...ئۇھ...دەپ، چاۋاك چېلىشقا قولىنى راسلاپ سورايتتى:

— راستمۇ ئاپا؟...شەھەرگە راستىنلا قايتىپ كېتەمدۇق...
— ھەئە كېتىمىز.

ئۇ، قىن-قىنىغا پاتماي چۇلدۇرلاشقا باشلىدى. ھەر بىر سوزى ئارىسىدا: ئۇنداق قىلىمىز ھە ئاپا، مۇنداق قىلىمىز ھە ئاپا دەپ ئۇدۇللۇق ماڭا تەستىقلىتىپ تۇرۇپ سوزلەيتتى. ئۇنىڭ جىق سوزلىرىنى قىسقىچە جۇملىگە جەملىگەندە مەزمۇنى ماۋۇ ئىدى: شەھەردە ئېلېكتىر بار، مەن ئاخشىمى دەرس تەييارلىسام، ماي تۇگەيدۇ، توخا تۇغمايۋاتسا دېمەيسەن ھە ئاپا. ئەجەپ چىرايلىق ئويۇنچۇقلار جىق، كەمپىت، پىرەندىكلەرچۇ تېخى. مەكتەپ يېقىن، يامغۇر ياغسىمۇ پاتقاق يوق، ئايىغىم لايغا پېتىپ قالمايدۇ ھە ئاپا.

— ھەئە، ئايىغىڭ پاتقاققا پېتىپ سەن يالاڭياق قالمايسەن.
— پەرىدە ئاچام بولسا ئۇمۇ كېتەتتى ھە ئاپا.

پەرھات ئەمدى مېنى راستىنلا يىغلىتىۋەتتى. مەن ئۇنى باغرىمغا بېسىپ بىر ھازاغىچە يىغلىدىم. مۇنداق چاغلاردا ماڭا پەقەت يىغلا ئارام بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

بىر كۇنى بىز يول ياقىسىدىكى ئېتىزدا زەمبىل بىلەن قىغ تارقىتىۋاتاتتۇق. نېرىدىن بىر كىچىك ماشىنا ئۇچقاندەك كەلدى-دە، ئۇدۇلىمىزدا توختاپ گۇگۇشىنىڭ توي خېتى كېسىدىغان (كىشىلەر خاڭگاۋاش دەيدىغان) ئىگىز بوي كادىرى چۇشۇپ، بىز تەرەپكە قاراپ ئۇنلۇك توۋلىدى. مەنمۇ داڭقېتىپ تۇراتتىم. كىشىلەر:

— گۈلبوستان، ھەي گۈلبوستان، — دەپ چۇقۇرۇشۇپ، بەزىسى مېنى مورەمدىن ئىتتىرىپ، بىر ئىككىسى بىلىكىمدىن يېتىلەپ خوشاللىقتىن تىپىرلىشىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ قېشىغا قانداق بارغىنىمنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭدىكى ئىككى كادىرنى كورۇش بىلەن ھەرقانچە قىلسامۇ ئوزەمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتىم. ئۇلار مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشكىنىچە قويۇۋەتمەيلا قولۇمدىن تارتىپ ماشىنىغا چىقاردى. تەسەللى بېرىشكە، سوز سوراشقا باشلىدى. كوزۇمنى سۇرتۇپ قارىسام يېنىمدا ئولتارغان پاكىنەك يىگىتنىڭ كوز چاناقلىرى ياش يۇقى تۇرغىنىنى كوردۇم. ئۇلار ئانچە-مۇنچە سوز سورىغاچ ماڭا باشتىن-ئاياق قارىماقتا ئىدى. پۇتۇمدا ئەسكى چۇخەي، ئۇچامدا مازلىرى مارىلىغان شىرىما چاپان بولۇپ، بېلىمنى كەندىر تانا بىلەن باغلىۋالغان ئىدىم. چېكە چاچلىرىم ئاقارغان بېشىممۇ پاخماق ئىدى. بەلكى ئۇلار مېنى: تازا بىر يۇيۇشى يوق، بىجۇمبوش خوتۇن ئوخشايدۇ دەۋاتامدىكى؟!...

مېنىڭ كانەكتەك ئويۇمنى قومۇشلىرى قارىيىپ كەتكەن تورۇستىن تارتىپ، تار تەكچە، مايماق مورا ئوچاقلىرىغىچە كورگەنلىرىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە قارىشىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئېغىر نەپەس ئۇلۇغ-كىچىك تىنغانلىرىدىن ئەھۋالىمنى تولۇق چۈشەنگىنىنى بىلدىم. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈكى قازاق بولۇپ، غۇلجا تىكەسلىك ئىكەن، ئۇنىڭ كازىم بىلەن يۇرتداش چىققىنى تازىمۇ ياخشى بولدى.

ھىلقى ماشىندا ماگا ياندىاش ئولتۇرۇپ كەلگەن پاكارراقى
خوتەنلىك بولۇپ، بۇلار ئىلگىرى مەن ئىشلىگەن دوختۇر-
خانىدىن كەتپتۇ. ھەر ئىككىسى شۇ ئورۇننىڭ "سىياسەتنى
ئەمىلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى"دا ئىشلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ
ئۇنىمىغىنىغا قويماي چاي قايناتتىم. تۇتىلا توخۇم بار ئىدى،
خوشنىلاردىن ئۆتنىگە ئېپكىرەي دېسەم ئەتىگەنلا سېتىۋەتكەن
ئىكەن. شۇ تۇتنى بولسىمۇ پىشۇردۇم.
مەن ئەھۋالىمنى باشتىن-ئاياق ئېيتىپ بولغىنىمدىن كېيىن
يامغۇردەك يېشىمنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ دېدىم:
— "توت كىشىلىك گۇرۇھ" قاتىللىرىنىڭ قانخور چوماقچىلىرى
تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ۋاقىتسىز ۋاپات بولغان كىشىلىرىم،
ئېغىر خانىۋەيران بولغان ئائىلەم ئۈچۈن قانلىق شىكايەت
قىلغۇچىمەن. قاتىللاردىن قانغا قان، جانغا جان تەلەپ قىلىمەن.
قازاق يىگىت قىزىل تاشلىق دەپتەرنى سومكىسىغا سېلىۋېتىپ
دېدى:
— ھەقلىقسىز، ئەلۋەتتە ھەقلىقسىز، — ئۇلار ئۇزاشقا
تەييارلىنىۋېتىپ سۆزلىدى:
— سەپەر تەييارلىقىنى كورگەچ تۇرۇڭ، بىز سىزنى چوقۇم
ئېپكىتىمىز.
— رەھمەت سىلەرگە.
— خوش.
— خەير خوش.

ئۇلار كەتتى. شۇ سائەتتىن باشلاپ مېنىڭ مىسكىن ئويۇم-
دىن پەتىچى ئۈزۈلمىدى. ھەممىلا كىشى مېنى خۇددى يېڭى
تويۇم بولغاندەكلا مۇبارەكلەيتتى. پەرھاتنى بولسا، تەڭتۇشلىرى
بىر دەم توختاتماي ئېلىپ كېتىشەتتى. ئۇ، يانچۇقلىرى مۇۋە-
چىۋىلەرگە تولغان ھالدا يايراپ كېلەتتى. مەن بولسام يۈرىكىم
ھىلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بىر ئاجايىپ ھېسسى ساراسىم
ئىچىدە يۈرەتتىم. مۇنداق روھىي ھالەتنىڭ ئازاراق قىسمىنى
قىز چېغىمدا كازىمغا نىكالانغان كۈنىنىڭ كەچ پەيتىدە باشتىن
كەچۈرگەن ئىدىم.

شۇنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە نەجمىدىنمۇ مۇبارەكلەپ كەپتۇ.
ئۇ، كەلگىنىچە مەن بىلەن شۇنچىلىك سەمىمى قول ئېلىشىپ
كورۇشتىكى، قولۇمنى زادى قويۇۋەتكۈسى كەلمەيۋاتقىنى، ئازراق
ئىچىۋالغىنى ماڭا روشەن سېزىلمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چوڭ
پەدىشەپ ۋە ھاياغا ھورمەت ساقلاۋاتقىنىمۇ، ئەخلاقىي پەزىلەتكە
رىئايە قىلىۋاتقىنىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا ئاياللار
بەك زىل، نازۇك ۋە تولىمۇ سەزگۈر ھەم سىنچى كېلىدۇ.
ئەرلەرنىڭ ئاددى ھەركىتى، ھەتتا ھەر بىر ئىگىز-پەس
تىنىقلىرىدىنمۇ ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىلىۋالالايدۇ.

نەجمىدىن ئۇزاق ئولتۇردى، بىز جىق مۇڭداشتۇق. ئۇمۇ
كازىمغا يۇرتداش ئىكەن. ئۇ، غۇلجىنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيىسىدىن
بولۇپ، ئىلىدا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا
ئوقۇغان ئىكەن. مىللى ئارمىيىگە قاتنىشىپ، كېيىن خەلق ئازات-

لىق ئارمىيىسى قاتارىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، تاشقى سودا ساھەسىدە ئىشلەپ، 1958 ـ يىلقى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدە "يەرلىك مىللەتچى" قىلىپ چىقىرىلىپ، شۇنىڭدىن بۇيان يانتاققا يالاڭپاياق دەسسەپ دەشتمۇ ـ دەشت يۈرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ كوماندىر چېغىدا ئاشىق بولۇپ تەككەن ئامراق خوتۇنى بېشىغا كۈن كەلگەندە يۈز ئۆرۈپ، توت بالىسىنى يېتىم قىلىپ خېتىنى ئېلىپ، ھال ـ كۈنى ئوبدان بىر قېرى سودىگەرگە تېگىۋالغان ئىكەن. ئاھ، لەنىتى تۇرمۇش...

مەن ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، قاچاندۇ ئوقۇغان بىر شېئىر يادىمغا يەتتى. ئۇ، ماۋۇ ئىدى:

قىزىل گۈلنى ياراتقان كىشى،
زەھەر بىلەن سۇغارغان ئۇنى.
چىرايلىقنىڭ يوقتۇر ۋاپاسى،
گۈزەللىكنىڭ شۇدۇر مەزمۇنى...

نەجىمىدىن كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ھەسرەتلىك قىياپىسى مېنىڭ يادىمدىن زادى كەتمەيتتى. مۇنداق كۈنلەردە مۆكۈنۈپ مۆكۈنۈپ يۈرۈپ بولغان، ھالىڭغا يەتكەن، ساڭا ئازراق بولسىمۇ شاپائەت ئەتكەن كىشىنى زادى ئۇنتۇماي، جاندىن قەدىرلەپ كۆتكۈك، زېرىكمەي سوزلىشىپ ئولتۇرغۇڭ كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ يەنە كېلىشىنى تەقەززالىقتا كۈتمەكتە ئىدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە

دوڭغاق قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە، ئۈسكىلاتتىن ئېلىپ كېلىنىۋاتقان بىر قاپ قوناق ئۇنى بىلەن دۇمبەمنى دەرەخكە يۆلەپ دەم ئېلىۋاتقان پەيتتە دوختۇر مايسىگۈلدىن بىر خەت تاپشۇرۇۋال-دىم. خەت مېنىڭ سابىق خىزمەت ئورنۇمدىن كەلگەن بولۇپ، ئىنتىزار كۆزۈمگە خوشاللىق خەۋەرلىرىنى بەخش ئەتتى. ئۇنىڭدا ئىدارە مېنىڭ مەسىلەمنى قاراپ چىقىپ، سىياسى سالاھىيىتىم، خىزمەت-دەرىجىلىرىم تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى قارار قىلىنغانلىغى، پات ئارىدا ئېلىپ كېتىشكە ئادەم كېلىدىغان-لىغى ئېيتىلغان قۇرلارنى ئوقۇپلا، ئۇن بىلەن ئورنۇمدىن قانداق تۇرۇپ كەتكىنىمنى ئۆزەممۇ تۇيماي قالدىم.

پەرھاتمۇ خەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن نەچچە پىقىراپ خولۇم-خوشنىلارنى خۇش خەۋەرلەشكە يۈگۈردى. ئۆيىمىز يىغىۋاشتىن ھەقىقى بايرام خوشاللىغىغا چۆمدى.

"ئەتىلا نەجمىدىن يېتىپ كېلىدىغۇ" دەيتتىم. ئەمما ئۇ ئەتىسى تۇرماق ئوگۈنىمۇ، ئىندىنىمۇ كەلمىدى. زادى كەلمەي كەتتى. نىمە بولغاندۇ دەيتتىم. ئارىدىن ئانچە كۈنلەر ئۆتكەن ئالدىراش بىر كەچكى پەيتىمدە "خۇش خەۋەر" ئېيتىپ كەلگەن مايسىگۈلدىن يەنە بىر خەت ئالدىم. ئۇ، نەجمىدىندىن بولۇپ ماۋۇلار يېزىلغان:

"...گۈلبوستان، كۈتمىگەن سائەتتە، كۈتۈلمىگەن ئادرىس-تىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ ئەجەپلىنەرسىز، بەلكى ھەيرانمۇ بولارسىز. ماڭىمۇ خۇددى شۇنداق بولدى، كۈتمىگەن بىر

چاغدا ئىلگىرىكى ئىدارەمدىن ئالغىلى ماشىنا كېلىپ، سىلەرگە خوش دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي كەتتىم. بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن كېيىن ئۆزەمنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئورۇنلاپ بولۇپلا سىزنىڭ سابىق ئىش ئورنىڭىزغا بارسام، مەن پالاكەت بۇ خالىس پىدائىلىقتا كەچ قاپتىمەن. ئانام مېنى تەلەي تېغىنىڭ تەسكىرىسىگە تۇغۇپمىدىكى بىلمەيمەن. ھەممىلا ئىشتا بىتەلەيمەن. شۇڭلاشقا ھەمىشەملا نانىدىن تولا غەم يەيمەن، بۇ ھال قاچان تۈگەر دەيمەن، تۈگەمدۇ، تۈگىمەمدۇ بىلەلمەيمەن...“

نەجمىدىنىنىڭ خېتى ئەنە شۇنداق ھەم كۈلدۈرىدىغان، ھەم يىغلىتىدىغان تەسىرلىك ھېكايىگە ئوخشاش ھارارەتلىك ئىباردىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى يازغان: ”شۇڭا سىزگە خۇش خەۋەرنى ھەممىدىن بالدۇر مەن يەتكۈزەرمەن دېگەن ئارزۇيۇمغا يېتەلمىگىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ئەيپلەپ يوق ساقلىمنى نەچچە يۇلۇۋەتتىم. مەيلى، نىمە بولسا خۇش خەۋەردىن ئۈچۈر تاپقانسىز، ئىدارىڭىزنىڭ يازمىشلىرىنى ئەلۋەتتە ئالغاندۇرسىز؟!...“

”گۈلبوستان، خۇددى سىزنىڭكىگە ئوخشاشلا مېنىڭمۇ ھەممە سالاھىيىتىم تولۇق ئەسلىگە كەلدى. ئۆمرىمىزنىڭ گۈلدەك چاغلىرى كۈلگە كومەچ بولۇپ، ئەخلەتلەر ئارىسىدا خار ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنە ئاز-تولا قېپقالغان بەختىمىز بار ئوخشايدۇ...“

بىزنىڭ كوتىرەشلىك، ئۈمىتۋار خەلقىمىز ئۇلۇمدىن باشقى-

نىڭ بەرى تاماشا دەپ ئۇزىنىڭ جاھاننامىسىگە خاتىمە پۈتكەن ئىكەن. ئۇتكەنلەرنىڭ ھەممىسىگە سالاۋات. ئەمدى "ئىككى دەرتمەن بىر بولۇپ، ھالىمنى سورىساڭ نىم بولا" دېگەن ناخشىنى بىللە ئوقۇساق قانداق؟..."

مەن نەجمىدىنىنىڭ خېتىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ ھارارەتلىك ھەر بىر قۇرلىرى مېنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالاتتى.

ئايدىڭ ئاخشام ئىدى. تولۇن ئاي مېنىڭ غۇربەتلىك دەرىزەمنىڭ قەغىزىنى كېسىپ ئېچىپ قويۇلغان "پورتۇشكا" سىدىن مارىلاپ ئۇتمەكتە. مەن بولسام ئۇزەمنىڭ جاھاندىكى بىردىن-بىر ئۇمۇر پانايىم پەرھاتنى باغرىمغا بېسىپ، كاڭنىڭ سۇپىسىدا، خىياللار قۇچىغىدا تولغىنىپ ياتماقتىمەن. ئويۇمنىڭ كەينىدە، يېقىنلا يەردە، كىمدۇر بىرسى ماڭا تونۇش مۇڭلۇق بىر ئاھاڭدا، لەرزان تىترىتىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك:

ئىككى دەرتمەن بىر بولۇپ،
ھالىمنى سورىساڭ نىم بولا...

قاچان، قانداق ئۇخلاپ قالغىنىم يادىمدا يوق. ئاجايىپ چۈش كورۇپتىمەن. "تۇل خوتۇننىڭ چۈشىگە ئەر كىرىدۇ، يومىششىكنىڭ چۈشىگە يەر كىرىدۇ" دېگەن سوز راست ئوخشايدۇ. مەن چۈشۇمدە كازىمنى كورۇپتىمەن. بىرسى يۇمشاق ئالقىنى بىلەن چېكە چاچلىرىمنى سىلاپ: "تاڭ ئاتتى، ئەمدى ئويغىنايلى..." دەۋاتقۇدەك؛ كوزۇمنى ئاچسام مەن ياتقان

كارۋاتىنىڭ چېتىدە خۇش پىچىم بىر قامەت — نوكچا بويى، بۇغداي ئوڭ، قوشۇما قاش، قاڭشا بۇرۇن، مولدۇر كوز كازىم بىر تاتلىق كۇلۇمسىرەپ ئولتۇراتتى. تامدىكى گىلەمنىڭ ھەر بىر گۈلى ئۇنىڭ خۇش تەبەسسۇمىدىن زوقلىنىپ كۇلۇۋاتقاندەك، دەرىزىدىكى گۈللەر بولسا، ئۇنىڭ رەڭگى-رۇخسارى ئالدىدا ئوز ھوسنىدىن خىجىللىق ھېس قىلىپ مەڭزى قىزىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كىتاپ جاۋىنىدىكى قاتار تىزىلغان كىتاپلار بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ھورمەت سالامىغا تۇرغان جەڭگىۋار ئەسكەرلەر-دەك كورۇنەتتى. ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە ئۇدۇللاپ ئېسىلغان لامپۇچ-كا بولسا، بۇ ئەپچىل خانىدانغا چىن مۇھەببەتنىڭ نىجاتلىق نۇرىدىن كۇچ-قۇۋۋەت ياغدۇرۇپ، مەرىپەت مۇۋىلىرىنى ئوستۇ-رۇۋاتقاندەك ئىدى. شۇنداق پەيزىلىك پەيتلەردە ئۇ ماڭا:

— بۇگۇنكى سەھەرنىڭ غۇنچىسىنى كورۇپ باقامسەن؟ — دەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئاپپاق چىچەكلەر قاپلىغان، ئىككى شاخقا ئىككى مەغرۇر قۇش قونۇپ تۇرغان، بىر پۇتۇن باھارنى ئەسلىتىدىغان يېشىل تاشلىق دەپتىرىنى ئالاتتىم-دە، زوق-شوخلۇققا چومۇلۇپلا قالاتتىم. ئۇ دەپتەردە كىشىنى زوقلاندۇرۇ-دىغان قىزىق نەرسىلەر — شېئىر ۋە باشقىلار كوپ بولاتتى. مەن ئۇنىڭدىن بىر لەتىپە كەلتۇرۇپ ئوتەي:

خوجا نەسىرىدىن كوچىدا پادىشانىڭ ياساۋۇللىرىغا دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ياساۋۇللار غەزەپ بىلەن سوراپتۇ:

— ئېتىڭ نىمە؟

ــ خۇدا...ــ دەپتۇ ئەپەندى.

شۇنى دېيىشى بىلەنلا ئەپەندىنى كىكىرتىكىدىن بوقۇلىرىچە پادىشانىڭ ئالدىغا سورەپ بېرىپتۇ. ئاپارغانلارنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئەجەپلەنگەن پادىشانىڭ ئۆزى ۋەقەنىڭ ۋەجىنى سورىغان ئىكەن، ئەپەندى مىيىقىدا كۈلۈپتۇ-دە، جاۋاپ بېرىپتۇ:

ــ كېچىرسىلە تەخسىر، مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم خۇدابەردى ئىدى. "خۇدا"سىنى دەپ "بەردى"سىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. ئاڭغىچە كىكىرتىكىم بوغۇلدى-دە، ھەش-پەش دېگىچە ئۆزەمنى ھوزۇرلىرىدا كوردۇم. ئەسلى ئىسمىم خۇدابەردى — دەپتۇ.

كازىم ئۆز كەسپىنىڭ چىن ئەقىدىلىك پىداكارى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سەممىي ھورمەتلىگۈچىسى، قەدرىگە يەتكۈچىسى ئىدى. ئۇ ئەدەبىياتنى جەمىيەتنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر تەربىيىچىسى، كۆرەشچىسى سۈپىتىدە ناھايىتى يۇقۇرى باھالايتتى. ئۆزىمۇ خېلى تۈزۈك شېئىرلارنى يازالايتتى، ئەمما نەشرىگە بەرمەي ساقلايتتى.

گۈزەل سەھەرلەردىن بىرسى ئىدى. ئويغانسام كازىم ئاددىتىچە كوك دەپتەردىن بىرنىمىنى ئوقۇۋېتىپتىكەن. ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

ــ پۈتتى، كورۇپ باقامسەن؟ــ دېدى. خوشلۇغۇمدىن ئىچ كىيىمىم بىلەنلا يېنىغا كەلدىم. ئۇنىڭ پۈتتى دېگىنى ماڭا مەلۇملۇق، خېلىدىن جان كويدۇرۇپ يېزىپ كېلىۋاتقان «بوس-

تان» داستانى ئىدى. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىگۇ ھارارەتلىك مىسرا-لاردىن باشلانغان، ئەمدى ئاخىرسىنى قانداق تۈگەتتىكىن دەپ، ئالدى بىلەن خاتىمىسىنى ئوقۇسام مۇنداق تاماملىنىپتۇ:

چۈمەنلەر چۈمكىگەن باھارىستانىم،
قان-تەردىن تورەلگەن گۈل-گۈلىستانىم.
ئەزىمەت ئەۋلاتلار ئامانكىن ھامان
ياشنىغاي بۇ مېنىڭ باغۇ-بوستانىم.

1965-يىل ئاپرېل.

چۈشۈمدە كازىمنى كورۇپ ئويغىنىپ كەتكىنىمدىن كېيىن ئۇيقۇم كەلمەي، ئوتلۇق خىياللار قۇچىغىغا چوكۇپ، ئاخىر يەنە شۇ "ئىككى دەرتمەن بىر بولۇپ..." ناخشىسى بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلىدىم.

شۇنىڭ ئۈچىنچى كونى نەجمىدىنىدىن يەنە بىر خەت ئالدىم: ئاددىلا يېزىپتۇ:

"گۈلبوستان، ئىلگىرىكى خېتىمنى ئالغانسىز. ئەقىلگە ئىشارەتلا كۇپايە. سىز ئاڭلىق كىشى. شۇڭا سىزگە گەپنىڭ ئۇچۇغىنىلا ئېيتماقچىمەن. ئىككى دەرتمەن بىر بولۇپ باللارنى باقساق قانداق؟ چۈنكى قولى سۇنغاننىڭ ھالىنى قولى سۇنغان بىلىدۇ. ھازىرچە ئىككى ئېغىز ئوينى ئىجارىگە

ئالدىم. ئىدارىدىمۇ يېڭى جاي سېلىۋاتىدۇ. بىر گىلەممۇ ئېسىپ قويدۇم. قالغان ئىشلارنى كېيىن دەقامەتە پۈتتۈرەرمىز. سىزگە قاتتىق ئىشەنگىنىمدىن خەتنى مۇشۇنداق يېزىۋاتىمەن. تېچ-ئامان كېلىشىڭلارنى زور خوشاللىق، چەكسىز ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىمەن.

نەجمىدىن

1979-يىل ئاپرېل.

ھە راست، ئوغلىمىز پەرھاتجاننىڭ پىشانىسىگە مەن ئۈچۈن سويۇپ قويارسىز. مەن ئۇنىڭغا تانكا، تاپانچا، يەنە جىق نەرسىلەر ئېلىپ قويدۇم...“

خەتنى ئوقۇپ بىر يىغلىغۇم، بىر كۈلگۈم كېلەتتى. ”قاتتىق ئىشىنىمەن، ئىنتىزار كۈتىمەن...“

ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ-مۇھەببەت؛ كۆتۈش-ھورمەت، قەدرى-قىممەت دىمەكتۇر. ”خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىغىڭ نە ئەتىۋا؟!...“

كۈتكەن كۈنلەرمۇ كەلدى. قەدىرلىك كىشىلەرمۇ كەلدى. ”كەمبەغەل بولساڭ كوچۇپ باق“ دىگەنىدەك، خولۇم-خوشنىلارغا يادنامە قىلغانىدىن قالغانلىرىمۇ يەنە يېرىم ماشىنا كەلدى. ياخشى-يامان كۈنلەرنى، جەۋرىلىك تۈتلەرنى بىللە كەچۈرگەن، ”ئوتمۇشنى ئەسلەش ئاشلىرى“نى ئوتلىشىپ ئىچكەن يىراق-يېقىن يارۇ-بۇرادەرلەرمۇ كەلدى. ئۇلار

كوزلىرىگە ياش ئالغان، قايىسىرلىرى باش كىيىملىرىنى قولىرىغا ئالغان ھالدا چۇقۇرۇشۇپ ئۇزىتىپ قالدى.

—خوش قەدىردان قېرىنداشلار، ئامان بولۇڭلار.

—خوش، خۇداغا ئامانەت، ساق-سالامەت بېرىڭلار.

—خەت يېزىڭلار، خەت...خەت...

بىز ئوتۇپ بېرىۋاتقاندا، مەرھۇمە پەرىدەمىنىڭ مەن ئەتىگەنلا كېلىپ، توپىسىدە يىغلاپ يېتىپ خوشلاشقان دوڭنىڭ دوقمۇشىدىكى مۇڭلۇق قەۋرىسى ئۇستىگە ئۇزىنىڭ گالىستۇگىدىن خاتىرە قىلىپ قادالغان قىزىل لېنتا لەرزان يەلپۇنمەكتە. ئۇ:

—ئاپا، جان ئاپا، مېنى بۇ مۇساپىرچىلىق يۇرتىغا كومۇپ قويۇپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ ھېيت-ئايەم كەلگەندە مېنى يوقلاپ كېلەمسەن؟ سەن كەلمىسەڭ كىم كېلىدۇ؟ مەن بۇ يەردە مۇڭلىنىپ، غېرىپسىنىپ ياتامدىم؟—دەپ ئېسەدەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ماشىنىنىڭ توپىسىدە تىك تۇرۇپ، مولدۇردەك ياشلىرىمنى ئاققۇزۇپ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە، ئالەم ئاڭلىغۇدەك توۋلىغۇم كېلەتتى:

—پەرىدەم، قىزىم...مەن سېنى ئەسلا ئۇنتۇمايمەن. مەن سېنى يوقلاپ كېلىمەن. قەۋرەڭنى قاتۇرۇپ، خاتىرەنامەڭگە "توت كىشىلىك گۇرۇھ قانخورلىرى زۇلمىنىڭ گۇناسىز قۇربانى ئون ئۇچ ياشلىق پەرىدە كازىم قىزى" دەپ يېزىپ، ئاستىغا قانلىق قىساس تامغىسى ئورنىدا بەش بارمىغىمنى باسىمەن.

مەن كېتىۋاتىمەن. مېنى يېڭى ھايات، يېڭى ئىقبال كۈتۈۋاتىدۇ. مۇقەررەركى، زۇلمەت ھەرقاچان گورگە پاتىدۇ. بىزدەك دەرتمەن، مىسكىنلەرگە ئىستىقبال تېڭى چوقۇم ئاتىدۇ.

1979 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.



# خالىدەم

بىر كوزى كور ئاتىنىڭ كاساپىتىدىن ھارۋا ھادىسىسگە ئۇچ-
رىغىنىم يادىمدا، باشقىسىنى بىلمەيمەن.

پىشانەمنى يۇمشاق بىر قول سىلىدى. كوزۇمنى ئاچسام،
يېنىمدا ئاق خالاتلىق ئوماق بىر چوكان تۇرۇپتۇ. ئۇنى كورۇش
بىلەنلا داڭ قېتىپ قالدىم. چۈنكى كوڭۇل خاتىرەمگە چوڭقۇر
ئورناپ قالغان ئۇنىڭ ئوڭ قېشىنىڭ قۇيرۇغىدىكى قىزىل تۇگمە-
دەك خال-تاجىسىنى بويلاپ پاقىراپ تۇرغان بىر چاغلاردىكى
ئوق تەككەن تونۇش جاراھەتنىڭ ئوچمەس ئىزىغا كوزۇم
چۈشكەن ئىدى.

ئۇ، ئوتتەك پىشانەمنى سىلاپ كوردى-دە، كوينىگىمنى
قايرىپ، تىڭشىغۇچ بىلەن يۇرىگىمنى تىڭشىغىلى تۇردى.
كېيىن مەن:

—سىڭلىم، ئىسمىڭىز...—دىگىنىمدە قاتتىق ھاياجانلانغانلى-
غىمدىن ئاۋازىم تىترەپ كەتتى.

—خالىدەم،—دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ ماڭا تەئەججۇپ بىلەن
تىكىلىپ.

—خالىدەم!... سىزنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمىڭىز...؟

ئۇنىڭ ئۇماق مەڭزى قىزىرىپ، بۇلاقتەك كوزلىرى ئويناپ كەتتى.

— ئاكا، سىز؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئۇ كوڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك.

ئوقتەك قادالغان كوزلىرىمگە ئىختىيارسىز ئىسسىق ياش كەلدى. شۇ تاپتا كوز ئالدىمدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇنقى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر بىر-بىرلەپ ئوتۇۋاتاتتى.

مەن مىللى ئارمىيە 2-ئايرىم ئاتلىق بىرىگادا كەڭساي 3-پولكىدا رازۋىت ئىسكادرونىنىڭ سىياسى رەھبىرى ئىدىم. بىز 1945-يىلى كۇزنىڭ تۇمانلىق بىر ئەتىگىنىدە تاغدىن ئېشىپ، ناھىيە شەھىرىگە قاراپ يۇرۇش قىلغان ئىدۇق. پېشىن مەزگىلىدە مەنزىلگە يېتىپ كەلسەك، گومىنداڭچىلار شەھەرنى تاشلاپ قاچقان ئىكەن. قائىدە بويىچە، ساپىيورنى ئەترەت بىلەن بىزنىڭ ئىسكادرون شەھەرگە ئالدى بىلەن كىردى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — ئەلگە ئامانلىق جاكالاش، قوشۇنىمىزنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزاملىرىنى ئېلان قىلىش، ھەر تەرەپلىمە تەكشۇرۇپ، رازۋىتكا قىلىپ، قوشۇننىڭ ھەم خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى.

شەھەردە يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ئالامەتلەرنى، گومىنداڭچىلارنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنى كورۇپ، يۇرەكلىرىمىز پۇچۇلۇپ، ئىچىمىز قاينىماقتا ئىدى. گومىنداڭچىلار ئۇزلىرى ئېلىپ كېتەلمىگەن نەرسىلەرنى بۇزۇپ-چېقىپ، ئوت قويۇپ، تۇرلۇك

پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ”ئەلى ئوغرىلىرى كەلسە، ھەممىلا ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ“ دەپ ۋەھىمە تۇغدۇرۇپ، ئەلنى كوچۇشكە، قېچىشقا زورلاپ، باي، سودىگەر، گوروكەشلەرنى ئېلىپ قېچىپ، كونمىگەن، كوچمىگەن، كوچەلمىگەن كەمبەغەل ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنى بۇلاپ-تالاپ، پىلىموت قويۇپ قىرىۋېتىپ قاچقان ئىكەن. كوچا-كويلاردا، ئويمان-چوڭقۇرلاردا ئۆلگەن ئادەملەر بىلەن ئات-ئۇلاقلارنىڭ جەسەتلىرى قانغا چىلىشىپ ياتاتتى.

بىز دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن كېيىن، شەھەرگە كىرىش توغرىسىدا قىسقا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالاقىچىلارنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، چەتتىكى بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، سوقما تاملىق، ئەتراپى كوكتاتلىق بىر ئويىدىن ئىڭرىغان ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى. كىرسەك، قانغا چىلىشىپ توققۇز جەسەت يېتىپتۇ. كىچىك پۇتلۇق بىر موماينىڭ بىر كوزى بىلەن ئاق چاچلىق بېشىنىڭ يېرىمى ئوچاقنىڭ كولۇكىدا تۇرۇپتۇ، گىرانات ئىسكولكىسى قارنىنى چۇۋۇۋەتكەن يەنە بىر ئايالنىڭ ئۈچەي-باغرى ۋە ئەمدىلاتىن چاچ چىقىرىشقا باشلىغان بالىسىنىڭ بېشى قارنىدىن ساڭگىلاپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىزنىڭ تاۋۇشىمىزنى ئاڭلاپ، ئوينىڭ بولۇڭىدىكى ئورىدىن بىر بالا يىغلاپ بېشىنى چىقاردى. ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن ئەپتى بەك قورقۇنچلۇق ئىدى: جاراھەتلەنگەن چېكىسىدىن ئاققان قان بىلەن يۈزلىرى بويالغان بولۇپ، كوزلىرى سۈرلۈك

پاقىرايتتى. بەش-ئالتە ياشلاردىكى بىر قىزنى بىز قانلىق جەسەتلەر ئارىسىدىن يېتىلەپ ئاران ئېلىپ چىقتۇق. ئۇ دىرىلدەپ تىترەپ، كەينىگە قاراپ تارتىنىپ، تىنماي يىغلايتتى.

مەن بالىنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالدىم. بۇ بىگۇنا نارەسىدە قىز ھامان تىترەيتتى، يىغلايتتى. ئۇ يىغلىغانسېرى بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئوت كەتكەن كېچە، كويۇپ كەتكەن ئاتا-ئانام، يېتىملىكتە ئۆتكەن كۈنلىرىم يادىمغا يېتىپ، كۆكلۈم بىر قىسما بولاتتى، بىچارە بالىغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيتتى. قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئىسمىنى سورىدىم. ئۇ پۇشۇلداپ، ئېسەدەپ ئاجىز ئاۋازى بىلەن ئىسمىنى ئارانلا ئېيتتى.

—خەن...لى...

بىزنىڭ قىسىم شەھەرگە كىرىپ كەلدى. مەن ئالدى بىلەن خەن لىنى سېستىراغا ئاپىرىپ يارىسىنى تاڭدۇرغاندىن كېيىن، كوماندىۋانىيگە ئېلىپ باردىم. بۇ چاغدا گومىنداڭ قىرغىنچىلىرىدىن قېپقالغان كىشىلەر كوچا-كويىلاردا پەيدا بولۇشقا، يىغا-زارە كوتىرىلىشكە باشلىدى.

ئەتىسى—جۇمە كۈنى جامائەتتىن جەڭچىلەرگىچە ھەممىيلەن جەسەتلەرنى يىغىشتۇرۇش، دەپنە قىلىش ئىشىغا جىددى كىرىشىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كوماندىۋانىيگە ئەر-خوتۇن ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلار پەرزەنت يۈزى كورمىگەنلەر بولۇپ، بىز قانلىق جەسەتلەر ئارىسىدىن تېپىۋالغان ھىلىقى يېتىم قىز ھەققىدە

ئاڭلاپ، ”شۇ بالىنى بېقىپ، مۇسۇلمان قىلىپ، ئوقۇتۇپ ساۋاپ تېپىش...“ ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. بىز بۇ ھەقتە بىرقانچە خەنزۇ قېرىنداشلار بىلەن مەسلىھەتلەشكىنىمىزدە، ئۇلار: خەن لىنىڭ ھەممە ئەۋلادى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن قىرىلىپ كەتكىنىنى، بۇ بالىنى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بېقىپ ئوستۇرۇشىگە قوشۇلىدىغانلىغىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئىزھار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارغا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەپ، ئادرېسىنى يېزىۋېلىپ بالىنى بەردۇق. شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن رازۋېتكا خىزمىتى بىلەن ماڭا خەن لىنى ئېلىپ كەتكەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كوچىسىدىن ئوتۇشكە توغرا كەلدى. كىرسەم ئۇنى بىر چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى قىلىپ ياساندۇرۇپ قويۇپتۇ. مەن كىرگەندە ئاپىسى ئۇنىڭغا مايسارەڭ دوخاۋىدىن چىلتەكە تىكىۋاتقان، خەن لى بولسا تال-باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدا بىر قولىدا قونچاق، بىر قولىدا توقاچ تۇتۇپ ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى كورۇپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى، ئاپىسى بولسا، دەرھال ئىشنى قويۇپ، كوپە سېلىپ، داستىخان راسلىدى.

مەن قىزچاقنى ”خەن لى“ دەپ چاقىرىۋىدىم، ئاپىسى ئاغزى بىسىلماي سوزلەپلا كەتتى. قىزچاقنىڭ چېكىسىدە قىزىل خال ۋە ئوق تەككەن جاراھەتنىڭ قىزىل بەلگىسى بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ”خالىدەم“ دىگەن يېڭى ئات قويۇپتۇ. ئاپىسى يەنە ”خالىدەم“ دىگەن بۇ چىرايلىق ئىسمنى چوڭ مېچىتنىڭ ئىمامى ئوڭ قولىغا ئەزان، سول قولىغا

تەگىبىر ئېيتىپ قويغانلىغىنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن توت لىگەن ئاش دۇملىگەنلىكىنى، ئىمام ئاخۇنۇمغا بىر كىيىملىك خەسە قويغانلىغىنى زوق-شوخ بىلەن ئېيتاتتى.

شۇنىڭدىن بېرى خالىدەمنى كورمىگەن ئىدىم. مانا ئارىدىن شۇنچە يىللار ئوتكەندىن كېيىنكى بۇگۇنكى كۇندە ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا چوڭقۇر ئىنتىزارلىققا تولغان كوزلىرىنى تىكىپ ماڭا تەلمۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

—خەن لى،—دىدىم مەن ئۇنىڭ يادىمدا قالغان ئىسمىنى خۇددى بىر چاغلاردا ئوزى ئېيتقاندەك ئاستاغىنا.

خالىدەم بىردىنلا يىغلاپ ماڭا ئوزىنى ئاتتى.

* * *

ۋاقىت چۇشكە يېقىنلاشقان ئىدى. مەن ياتقان ئويگە خالىدەم بىلەن بىللە ئىگىز بويلۇق، بۇغداي ئوڭلۇك، قويۇق قاش-كىرپىكلىرىگە ماس كەلگەن قاپ-قارا قوي كوزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قاۋۇل بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. خالىدەم ئۇنىڭغا مېنى كورستىپ:

—نادىر ئاكام مۇشۇ،—دەپ تونۇشتۇردى. بۇ يىگىت يولدىشى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىپ بالىنىستا ياتقانلىغىمنى تېلېفون ئارقىلىق خالىدەمدىن ئاڭلاپ، مېنى ئېلىپ كېتىش ئۇچۇن ھارۋا ئېلىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئويىگە ئېلىپ كېتىشتى. شۇ كۇنى تاكى يېرىم كېچىگىچە مۇڭدىشىپمۇ سوزلە-

ۋىمىز تۇگىمىدى. ئېلىمۇ بىزنىڭ كونا ھەربى قەدىناسلاردىن بىرسىنىڭ ئوغلى ئىكەن.

خالىدەم ئاپەتلىك يىللاردا بېشىمغا كەلگەن كۆلپەتلەرنى بولۇپمۇ "ملەتچى" دەپ خارلانغانلىغىمنى ئاڭلاپ، كوزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ ئېسەدەپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ سوزلەيتتى:

— ئاكا، مەن سىزنى ھەر دائىم چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلىدىم. مەن ئېلىغا: بىر ئاكام مېنى قاندىن سۇزۇپ ئالغان ئىدى، شۇ ئاكام ھازىر نەدىدۇ، دۇنيادا بارمىدۇ، بولسا بىر كورسەم دەيتتىم. مەن ئۇ چاغلاردا كىچىك بولسامىمۇ، لېكىن شۇ چاغلاردىكى ئىشلار تېخىچە ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ. ماڭا قىلغان ياردىمىڭىز قانداقمۇ يادىمدىن چىقسۇن؟! ئادەم دىگەن ئولمىسە كورۇشىدىكەن. سىز مېنى ئولۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاتا-ئانا تېپىپ بەردىڭىز، شۇ ئاتا-ئانام مېنى پەپىلەپ ئوستۇرۇپ، ئوقۇتۇپ ئادەم قىلدى، .پارتىيە مېنى دوختۇر قىلىپ يېتىشتۇردى.

— ھە، راست، سىزنىڭ شۇ ئاتا-ئانىڭىز ھازىر قەيەردە؟

— ئاتا-ئانام ئازاتلىقتىن كېيىن ئولۇپ كەتتى، — دىدى خالىدەم ھەسرەت بىلەن ئېغىر خورسىنىپ ۋە ئالدىرىماي سوزىنى داۋام قىلدى، — دادام ئاغرىپ ياتقان چېغىدا ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ، قەشقەردە بىر قىزىم قالغان، شۇ بالامنى كورەلمىدىم، سەن شۇ قىزىمنى مېنى كورگەن كوزۇڭ بىلەن كورسەڭ بالام، مەن سەندىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى بولاتتىم...

دىگەن ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدە تىببى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تەلۋىمنى تەشكىللىگە دەپ پىراكتىكىغا قەشقەرگە باردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاچام بىلەن خەت-خالتا ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردۇق. ئوقۇش تۈگەپ، ناھىيىمىزگە قايتىپ كېلىپ بۇ دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشقىنىمدىن بىر يېرىم يىل كېيىن ئاچامدىن ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئاچامنىڭ قارايدىغان بولەك كىشىسى، مەندىن باشقا يېقىن تۇققىنى يوق ئىدى. مەن دەرھال قەشقەرگە بېرىپ ئاچامنى ئېلىپ قايتتىم. ئاچام ئانامنىڭ ئورنىدا باللارنى بىللە بېقىشىپ ئوبدان تۇرغان ئىدى، بەك كويۇمچان ئىدى. رەھمەتلىك ئاچام ئوتكەن يىلى كۆزدە تۈگەپ كەتتى. ئەنە ئاۋۇ شۇ ئاچامنىڭ سۈرىتى.

مەن مېھمانخانا تورىدىكى ئانار گۈللۈك گىلەم ئۈستىگە ئېسىلغان سۈرەت ئالدىغا باردىم. رەسىمدە خالىدەمنىڭ قىزى ئالىدەمنى قۇچىغىغا، ئوغۇللىرى پولات بىلەن پەرھاتنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ، كەمچەت تۇماق ئۈستىدىن تىۋىت رومال ئارتقان بىر ئۇيغۇر ئانىسى كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

— دادىڭىز بىلەن ئانىڭىزدىن سۈرەت قالمىغانمۇ؟ — دېگىنىمدە، خالىدەم ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقىدى:

— ياق، قالمىغان: سۈرەتنىڭ قىممەتلىك خاتىرە، يېرىم دىدار بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىكەنمەن.

خالىدەم مېنى قويۇۋەتمەي، ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇتتى

ۋە كۆتتى.

— ئاكا، سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىغىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇ-مايمەن، — دەيتتى خالىدەم ئىككى سوزنىڭ بىرسىدىلا.

كېيىنكى كۈنلەردە بىز رەسمىي ئۇرۇق-تۇققانلاردەك باردى-كەلدى قىلىشىپ تۇردۇق. بىزمۇ يېزىدىن قۇرۇق كىرمەيتتۇق. سۈت-قايماق، تۇخۇم، كوكۇاشلارنى كىرگۈزۈپ ياكى ئۆزىمىز ئېپكىرىپ تۇراتتۇق.

سىياسەت ئەمىلىيلىشىپ، مېنىڭ مەسلەم ھەل بولۇپ، خىزمەت ئىستاژىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە خالىدەم يۈرىگى يېرىلغاندەك خوش بولدى. جامائەت بىلەن خوشلىشىش كۈنىدىكى داستىخانىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن راسلىدى. ماشىنىمىز ماڭىدىغان چاغدا ئۇ:

— ئاكا، ئامان بولۇڭ، خەت يېزىڭ، مەن سىزنى جەزمەن يوقلاپ بارىمەن! — دىدى قاتتىق ھاياجانلىنىپ.

خالىدەم ئۆز ۋەدىسىنى تولۇق ئورۇنلىدى. ئۇ يولدىشى ئېلى بىلەن بالىلىرىنى ئېلىپ دولەت بايرىمى كۈنى مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ، ئاشۇ قانلىق تارىخنىڭ جانلىق گۇۋاسى ئىدى.

1981-يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# پاگون

(ئوچېرىك)

## I

گېنېرال تېلېفون تۇرۇپكىسىنى جايىغا جاقىقىدا قويد
ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزگە يوگەكلىك نەرسىنى سە
سۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ”كازبېك“ ماركىلىق پاپىرۇستى
تۇتاشتۇردى. ئاندىن ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى-
قولىنى قوش كانتىلىق گىلەپى شىمىنىڭ يانچۇغىغا
سىرلىق پولدىكى گىلەم ئۈستىدە ئۇ يان-بۇ يان مېڭىش
لىدى. ئۇ، ئاشۇنداق قەدەملەپ ماڭغىنىچە كېلىپ
ئالدىغا كېلىپ توختاپ، قوش قەۋەتلىك ئەينەكتىن
قاراپ تۇراتتى. كەڭ هويلىدا گۈللۈكنىڭ يېشىل سىرل
سىنى بويلاپ بىر توپ جەكچىلەر قار تازىلىماقتا، بىر بىر
كۇمۇلاچلىرىنى ئېتىشىپ ئوينىماقتا؛ گېنېرال بولسا، قوش
تۇرۇلگەن بويىچە نىملەر هەققىدىدۇر چوڭقۇر ئوي
ئىدى.
ئىشىك تاقىلدىدى. ئىجازەت بىلەن كىرگەن ئىگىز

ئەپتسەر جەڭگىۋار ھالەتتە تىك تۇختاپ چاس بەردى:

— يولداش قوماندان، چاقىرتىشىڭىز بويىچە كەلدىم، رازۋېت بولۇم باشلىغى مايور كېرىموۋ.— ئۇ، گېنېرالنىڭ كەيپىياتىدىكى سالقىن نەزەردىن بىرەر جىددى ئەھۋال ئۇچۇن چاقىرغانلىغىنى دەرھال سەزدى.

گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك كەم سۆزلۈك ۋە سۈرلۈك، دۇنياغا پەقەت ھەربىيلىككە ئاتاپ تۇرۇلگەندەك قامەتلىرى قاملاشقان ھەيۋەتلىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، ئاشۇ سالاپىتى بىلەن ئالدىرىماي كېلىپ بېغىررەڭ دۇخاۋا قاپلىق كىرىسلوغا ئولتۇرغىنىدا، بۇ يوغان ئادەمنىڭ سالمىغىدىن كىرىسلونىڭ پۇت-لىرى تاختايغا تېخىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ، مايورغىمۇ ئولتۇرۇش ئىجازىتى بەردى. ئاندىن ئۇستەل ئۇستى-دىكى قەغەزگە يوگەكلىك ھىلىقى نەرسىنى ئالدى-دە، ئالدى-رىماي ئاچتى. بۇ، بىر پاي پاگون ئىدى. رەڭگى سۇس يېشىل، جىيەكى ئاق... بۇ بىر پاي كونا پاگوننى كورگەن كېرىموۋ ھەيرانلىقتا، تېڭىرقىماقتا ئىدى. گېنېرال قەھرلىك تەلەپپۇزدا:

— قاتىل پاگون!— دېدى.

بۇ دەھشەتلىك سوزنى ئاڭلاش بىلەن كېرىموۋنىڭ تەن-تومۇرلىرى توك تەككەندەك چىمىرلاپ، يۈرىگى جىغىدە قىلىپ، يوغان كوزلىرى تېخىمۇ پاللداپ كەتتى.

گېنېرال ئادىتىچە ھەر جۇملە سوزىنى دانە-دانە قىلىپ،

شۇ كۈنىنىڭ ئۆتكەن كېچىسىدە، سۈيدۈك كۈرەدە قا
ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇلگۈچىنىڭ ئۆيىدىن مۇشۇ
چىققانلىقىنى بىرمۇ-بىر ئىزھارلاپ، بۇ ۋەقە قەتئىي مەس
بىلەن تېزلىكتە تەپسىلى تەكشۈرۈلۈپ قوماندانلىققا
دوكلات قىلىنىشى ھەققىدە جىددى بۇيرۇق بەردى.

—خوپ يولداش قوماندان—دەپ تاق تۇرغان را
بولۇم باشلىغى پاگوننى ۋە يەنە تېگىشلىك يوليورۇقلارنى
دىن كېيىن جەڭگىۋار قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

## 2

غۇلجىنىڭ قار قاتقان كوچىسىدا ئىستروي بويىچە ئ
مارشىنى ياڭراتقان بىر قوشۇن ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈپ ب
ئۇلارنىڭ باراۋەر باسقان ئاياقلىرىدىكى ئۆتۈكلىرىنىڭ
غىچىلداشلىرى تەڭكەشلەنگەن جەڭگىۋار ساداسى ھ
ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ سىگنال ۋە گۈكىرەشلىرىنىمۇ،
قىچقىرىپ تىنماي تۇۋلاۋاتقان ھوپىگەرلەرنىڭ ھەر ياڭز
لىرىنىمۇ، زاۋۇتلارنىڭ گۇدۇكلىرىنى، مەزىنلەرنىڭ ئەزا
نىمۇ ئاللىقەيەرلەردە قالدۇرۇپ، گۈزەل ئىلىخونى
ھاۋاسىدا پەلەكلەرگە پەرۋاز قىلماقتا؛ پىتىۋاتقان ك
قىزغۇچ شولىسى ئۇلارنىڭ رەڭدار پاگونلىرىدىكى
ۋە يۇلتۇزلىرى بىلەن مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرىدە يالقۇنل

چاقىناتماقتا ئىدى.

ئۈچ دەرۋازا تەرەپتىن ئۈچقاندەك كەلگەن ھەربى ماشىنا ئىستىروينى يانداپ ئوتۇپ باش ئىشتاپ ئالدىدا توختىدى-دە، ئۇنىڭدىن چۈشكەن مايور كېرىموۋ باشلىق ئۈچ ئەپتسەر سومكىلىرىنى ساقچىلاتقانلىرىچە ئۇدۇللا ئىشتاپقا كىرىپ كەتتى.

كېرىموۋ كىرگەندە گېنىرال ئىسهاقبېك ئوزىنىڭ سىياسى مۇئاۋىنى قارا بۇرۇتلۇق، سېمىز پولكاۋنىك ھەسەنوۋ بىلەن سوھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. كېرىموۋ ئىجازەت بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن سومكىسىدىن چىقارغان قەغەزنى گېنىرالغا تۇتتى. ئۇنىڭدىكى يېزىلمىشلار مىللى ئارمىيە باش قوماندانى گېنىرال لېيتنانت ئىسهاقبېك مۇنونوۋنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن... دىگەنگە ئوخشاش تەكەللۇپ رەسمىيەتلىرى بىلەن باشلانغىنى ئۈچۈن گېنىرال ئۇ يەرلەرگە ئىرەنسىز قاراپلا ئوتۇپ كەتتى. ئاخىرقى بەتلەرنى بولسا تەكرار ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا سۇيدۇڭ كۇرەدە يۇز بەرگەن قاتىللىق ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش كومىسسىيىسىنىڭ ئېلىپ بارغان ئىشلىرى ۋە ئۇ كومىسسىيە تەركىۋىدىكى ھەربى، ساقچى ھەم خەلق ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرى، بولۇپمۇ،"پاگون" ھەققىدىكى ئېنىقلاشلار خېلى ئىنچىل بايان قىلىنغان. گېنىرال ئۇنى تەكرار كورۇپ چىققىنىدىن كېيىن ھەسەنوۋقا بەردى. پولكوۋنىك پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ خۇددى قۇرئاننى ھەجىلىگەندەك ئوقۇماقتا ئىدى.

"...كۇرە رايونىدا مىللى ئارمىيىنىڭ تىكەس ئاتلىق پولكى

بىلەن ئارتىللىرىيە (زەمبىرەكچىلەر) دىۋىزىيونىدىن ئىبارەت ئاتلىق ئىككى قىسمى بار. ئۇلارنىڭ پاگونلىرى ئوخشمايدۇ: تىكەس پولكىنىڭ جىيەكلىرى قىزىل، ئوزى قېنىق كوك پاگون؛ زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونىنىڭ بولسا، كىرىست بەلگىلىك، قارا جىيەكلىك قىزىل پاگون.

ئولگۈچىنىڭ ئويىدىن چىققىنى ئاق جىيەكلىك، سۇس يېشىل پاگون. مۇنداق پاگون ھېچبىر ئاتلىق قىسىمغا مەنسۇپ بولماستىن پىيادە قىسىمنىڭ فورمىسى بولۇپ، بۇ خىل پاگون پەقەت غۇلجىدىكى بىر قىسىمغىلا تەئەللۇق.

ۋاھالەنكى ئولگۈچى يا خوتۇن، بالا-چاقىسى، يا مال-مۇلكى بولمىغان، جەمىيەتكە يا پايدىسى، يا زىيىنى تەگمەيدىغان، پەقەت بىر ئىنسانلىق ئورۇنىنى نول ئورنىدا ئىگىلەپ تۇرغان يەتمىش ئۇچ ياشلىق قېرى بىر كىشى.

ئەجەپكى ئاشۇنداق ھېچبىر زورۇرىيەتسىز، ھەربىگە مۇناسىۋەتسىز ۋە ھېچبىر ئەھمىيەتسىز بىر ئادەمنى ھەربىلەرنىڭ غۇلجىدەك يىراق يەردىن كېچىسى بىلەن كورەگە كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ كېتىشى نىمە ئانچە زورۇر بولۇپ قالغاندۇ؟...بۇنىڭدا چوقۇم بىر سۇيىقەستلىك سىر بولۇشى ئېھتىمال...".

گېنېرال پەۋقۇلئاددە كومىسسىيىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە پىكىرلىرىنى توغرا تاپتى. ئاندىن بۇ ۋەقەنى ئاخىرغىچە قەدەر چوڭقۇر تەكشۈرۈپ قەتئى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۈن سىياسى رازۋېت خادىملىرىغا يېڭى بۇيرۇق بەردى.

## 3

ھەرەمباغ ھەربى گازارمىسىنىڭ ئالدىدا پوسقا تۇرغان ئىككى جەڭچى ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازىدىن كىرىپ بېرىۋاتقان ياش كوماندىرغا ھورمەت بىلەن يېپىرىستى سالامى[1] بەردى. كوماندىر بولسا، ئۇلارنىڭ ئالى سالىمغا قولىمۇ كوتەرمەستىن ماندىقىلا باش ئىشارىتى بىلەن ئوتۇپ كەتتى. بۇ، خۇددى گۇزەل ئاياللاردەك چىرايلىق، رەڭگى-رۇخسارىغا كورگەنلىكى كىشىنىڭ زوقى كېلىدىغان، بويلىرى كېلىشكەن ياش ئەپتىسەر — مىللى ئارمىيە ئازات نىشانلىق پولكىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك قەييۇمبېك ھاكىموۋ بولۇپ، نىمە ئۇچۇنكى ھازىر ئۇنىڭ بەكمۇ كەيپى سۇس، روھى پەرىشان ئىدى. ئۇ، ئاشۇنداق كەيپىياتى بىلەن ئۇدۇل ئىشخانىسىغا كىرگىنىچە ئەپچىل سومكىسىنى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ، كاكاردىلىق قۇلاقچىسىنى قوزۇقتا ئاسقاندىن كېيىن ئوتۇكىنىڭ پاشنىسىغا يۇقان قارلارنى پولغا تېپىپ تازىلىدى-دە، ئاندىن تۇجۇركىسىنىمۇ سالماستىنلا كارۋاتتىكى توشەك ئۇستىگە ئوزىنى تاشلاپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىغا ئالغىنىچە سوزۇلۇپ

---

[1] يېپىرىستى سالامى — قولنى مىلتىقنىڭ نەيزىسىگىچە سوزۇپ، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەپتىسەرلەرگە بېرىلىدىغان قوراللىق سالام.

ياتتى. ئۇنىڭ بۆلاقتەك كوزلىرى تاختايلىق تورۇسنىڭ قەيىرد-گىدۇ قادىلىپ قالىغان بولسا، كوڭۈل ئىكرانىدىن بايىلا باش ئىشتاپتا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، باش قوماندان گېنېرال لېيتە-نانت ئىسھاقبېكتىن ئاڭلىغان تەنبىھلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ۋە گېنېرالىنىڭ: پولاتتەك ئىنتىزام ئارمىيە ئەخلاقىنىڭ مىزانى؛ پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا تاغدەك غەلىبىلەر ياتىدۇ. جەڭگىۋار ھۇشيارلىقنى قىلچە بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ھەرقانداق بىپەر-ۋالىق دۈشمەنگە پايدىلىق، دېگەن كەسكىن ئاۋازى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە جاراڭلىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا ئىشىكنىڭ تاقىلدىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى. بۇ، ئۇسۇپلا كىرىپ كەلگەن پولكنىڭ سىياسى كومىسسارى كاپىتان تاھىروۋ ئىدى، قاپ-قارا، سورۇن چىراي، ھاكاۋۇر بۇ كاپىتان كەلگىنىچە ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىدىكى قىزىل چىپەرقۇت قاپلىق ئورۇندۇقتا خۇددى ئەركەك غازدەك غادىيىپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇردى ۋە پولكوۋنىكتىن ئىجازەتمۇ ئالماستىن ئۈستەل ئۈستىدىكى "پالمىر كانال" ماركىلىق پاپىرۇستىن بىرنى قىڭغىر چىشلەۋېتىپ:

— يولداش پولكوۋنىك، سىزنىڭ ئۆزىڭىز تاماكا چەكمىسە-ڭىزمۇ، بىزدەك چېكىدىغانلارنى ئۇنتۇماسلىقىڭىز بىر ياخشى خىسلىتىڭىز-دە...— دەپ سالقىن ھىجايدى. ئادەتتە ئۆزىدىن دەرىجىسى يۇقۇرىلاردىن ئىجازەت ئېلىپ ھەركەتلىنىش ھەربىلەرنىڭ ئۇستاپ (قوللانما)دا بەلگىلەنگەن ئىنتىزام قائىدىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەدەنكەش كاپىتان ئۇنداق قىلىشنى

خالىمايتتى. بۇ تەكەببۇرلۇقتا پولكوۋنىكنىڭ ئىچىدە سەل ئاچچىغى كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنمەنلىك مىجەزىنى بىلىدىغان بولغاچقا ھېچنېمە دېمەستىن ئالدىرىماي ئورنىدىن قوزغالدى-دە، كارۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ئارىنى جىملىق ئارىلىدى. كاپىتان بولسا، تاماكا تۈتۈنلىرىنى ھە دەپ پۇقىراتماقتا ئىدى. ئۇزىنى "ھەممىدىن بىلىمدان" ھېساپلايدىغان بۇ يىگىت مۇنداق قىلىشنىڭ ئاۋۇ پولكوۋنىكتەك تاماكا چەكمەيدىغان كىشى ئۈچۈن قانچىلىك ئازاپ بولىدىغانلىغىنى خۇددى بىخۇتلارچە سەزمەيتتى ياكى سەزسىمۇ ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك غۇرۇرى غالىپ كېلەتتى-دە، پۇقۇرتۇپ چېكىۋېرەتتى.

— سىزنىڭ ھازىر كىرگىنىڭىزمۇ ياخشى بولدى، — دېدى پولكوۋنىك ئۇستەل يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ. ئۇ سومكىسىدىن قەغەزگە يوگەلگەن نەرسىنى ئېلىپ ئاچماقتا ئىدى. بۇ، بىزگە تونۇش ئاق جىيەكلىك سۇس يېشىل پاگون. بۇ بىر پاي كونا پاگوننى كورگەندە كاپىتان ئانچە ئىرەن قىلىپمۇ ياكى ھەيران بولۇپمۇ كەتمىدى. پەقەت پولكوۋنىك مۇشۇ پولكنىڭ فورمىسى بولغان بۇ پاگوننىڭ بىر قاتىللىق ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگىنى ئېيتقان چاغدىلا كاپىتان چوچۇگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقلىرى يوغان كوزلىرى چەكچىيىشكە ۋە قادىلىپ قاراشقا باشلىدى.

ئاندىن پولكوۋنىك بۇ قىسىمنىڭ مۇشۇ پاگوننى قولغا چۈشۈرگەن ئوغرىلار ئورۇمچى گومىنداڭ گورۇھىغا باغلانغانلار

ئىكەنلىكى، ئۇلار بۇ پاگوننى دۈشمەن پايدىسى ئۈچۈن قاتىل-
لىق يولدا قانداق ئىشلەتكەنلىكى، بۇ ئۈچۈن باش قوماندانىنىڭ
بۇ پولكنى سىياسى بىخۇتلۇقتا ئەيىپلەپ ئايرىم ئاگاھلاندۇرۇش
بەرگەنلىكى، ئەگەر مۇندىن كېيىن بۇ خىل سىياسى بىخۇتلۇق
يەنە يۈز بېرىدىغان بولسا، ئارمىيە ئارا ئالاھىدە بۇيرۇق ئېلان
قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا ئۆزىنى "سىياسەتچى" ھىساپلايدىغان
بۇ مەمەدان كاپىتان خۇددى قۇيرۇغىنى چايان چاققاندەك
ئولتۇرالماي تىپىرلاشقا، كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىشكە باشلىدى.

— ئىشنىڭ ياخشىلىقى قاتىللار تۇتۇلغان، ئۇلار قىلمىشلىرىغا
ئۆزلۈكىدىن ئىقرار بولغان، ھازىر جىددى تەكشۈرۈلمەكتە، —
دىدى پولكوۋنىك.

— ئۇھ... — دەپ، چوڭ بىر نەپەس بىلەن تەڭ قىڭغىر
كىيگەن قىزىل كانتىلىق شەپكىسىنى ئالغان كاپىتانىنىڭ كاللىسى-
دىن تۇتۇندەك تەرنىڭ ھورلىرى كۆتىرىلمەكتە ئىدى. ئۇ،
ئۈستىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلىنىپ ھوزۇرلۇق ئارام ئالغاندەك
بولدى-دە، تاماكىدىن يەنە بىرنى قىڭغىر چىشلەپ تۇتاشتۇرۇشقا
باشلىدى. شۇ ئەسنادا كانۋاينىڭ لىگەندە مانتو كۆتىرىپ
كىرىشى سوھبەتنىڭ ماۋزۇسىنى ئىشتىھا ساھىلىگە كۆچۈردى.

## 4

غۇلجىدا چىقىدىغان چوڭ گېزىتلەرنىڭ بىرىدە "قاتىللارغا

ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى" سەرلەۋھىلىك بىر خەۋەر ئېلان
قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

قاتىللار: ئابباس (تاتار) باشلىق ئىككى ئۇيغۇر بىر قازاقتىن ئىبارەت توت نەپەر كەسپىي هاراقكەش ئوغرىلار شايكىسى بولۇپ، ئەخلاقتا چىرىكلەشكەن بۇ ئۇنسۇرلار ئۈرۈمچى گومىنداڭ گۇرۇھىنىڭ 11 بىتىمدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەتكە تاشلىغان ئا...ئىسمىلىك ئايال جاسۇسى ئارقىلىق...سەر ئالتۇنغا سېتىلىپ، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ تاپشۇرۇغى ۋە كورسەتمىلىرى بويىچە "خەنزۇلارنى ئولتۇرۇپ، مىللى ئارمىيەدىن ئىز قالدۇرۇش..." ھەققىدە ئۇستىلىرىگە مەجبۇرىيەت ئالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن 1947-يىل...يانۋاردىن...يانۋارغا ئوتەر كېچىسى، سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ كۇرە رايونىدا تۇرۇشلۇق، ھىچبىر ئىگە چاقىسى يوق يەتمىش ئۈچ ياشلىق لى لوخەننى چەيىدۇ بىلەن چاناپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئويىگە غۇلجا ھەرەمباغدىكى ھەربىلەرنىڭ بىر پاي پاگوننى تاشلاپ قويغان. بۇ كەسپىي ئوغرىلار نوۋەتتە يەنە شۇ خىل جىنايەت ئۇستىدە قولغا چۈشۈپ، بارلىق قىلمىشلىرىغا ئوزلۇگىدىن ئىقرار قىلىشتى.

دۈشمەنگە سېتىلغان، مىللى ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك نامىغا داغ چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق، ئىنقىلاپقا خائىنلىق قىلغان بۇ مىللى مۇناپىقلارنىڭ ھەر توتىسىگە ئولۇم جازاسى ھوكۇم قىلىنىپ، مەيداندا مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىندى...

ھالبۇكى، ئۈرۈمچى گومىنداڭ گۇرۇھىنىڭ شۇ چاغدىكى قوماندان قاتىللىرى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنى، شۇ جۈملە-دىن خەنزۇ ئەمگەكچى ئاھالىنىمۇ قىرغان ۋەھشىيانە جىنايەت-لىرىنى يېپىش، يوشۇرۇشقا ۋە توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە بىگۇناھ تاغارغا يوشۇرغىلى ياكى كۆنىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ قانلىق ئەپتى-بەشىرىسى خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەن-دىلەرچە رەسۋا بولغان ئىدى. دېمەككى، ئاشۇ شەرمەندىلىك كومېدىيىسىنىڭ باش رېژىسسورى بولغان سىياسىي سېھىرگەرلەر قاچانكى يۈزلىرىنى ھەرقانچە كۆپ ۋە خىلمۇ-خىل پەدازلار بىلەن بوياپ، ئۆزلىرىنى يېڭى ياڭزا كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇلۇغ كومپارتىيە رەھبەرلىگىدىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا تۆھمەتلەر توقۇشنى تاڭماقچى بولىدىكەن، بەرىبىر ئۇلار يەنە شۇ ئەبجەش چىققان كونا گۆرە-سەنىڭ يېڭى جەسەتلىرى بولۇپ قېلىۋەرگۈسى.

1980-يىل 12-نويابىر، ئۈرۈمچى.

# ئاجايىپ

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
رىيازەت چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
—— خەلق قوشىغى.

## 1

بىزنىڭ ئۇيغۇردا تىرىكنى تىزەككە تېگىشىۋەتكۈدەك ئەسكى ئادەملەرمۇ بار. ئەمما ئۆلۈكنى ئالتۇنغا بەرمىگۈدەك ئېسىل ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

قەشقەرگە كېتەي دېسەم پۇلۇم يەتمەي بېشىم قېتىپ يۈرەتتىم. بىر كەچقۇرۇنى ئۇرۇمچىنىڭ سەنشىخاڭزا كوچىسىدىكى چايخانىلارنىڭ بىرىدە بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ، ئەپتىگە ھېچكىم قىزىقمىغىدەك، بىچارە چىراي، بەكمۇ ئاددى بىر كىشى ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇ يان-بۇ ياندىن زېغىرلاپ سوراۋەرگەچ ئاقىۋەت ئەھۋالىمنى دېدىم.

— ئۇ‌ۆدە بىر شوپۇر بار، ئەتە قەشقەرگە ماڭماقچى، شۇنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ قوياي، جۇرسلە،— دىمەسمۇ! ھە، خۇدا!... ئۇڭۇممۇ بۇ، چۈشۈممۇ... خىزىرمۇ سەن، يا بولەك بىرسىمۇ؟... سېنى ماڭا خۇدا يەتكۈزدىمۇ؟ دەيمەن ئىچىمدە. كېتىۋاتىمىز، ئۇ ئادەم ھە دەپ شوپۇرنى ماختاپ باراتتى. ئۇنىڭ "جۇرسلە، شۇ ماشىنىغا سېلىپ قوياي" دەپ شۇنچە ئىشەنچلىك ئېيىتقىنىغا ھەم مۇنچىۋالا ماختاشلىرىغا قارىغاندا شوپۇر يا ئوغلى، ياكى كۈيوغلى، ئەيتاۋۇر يېقىن بىر كىشىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئويلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ چىقتى، ھېچنىمىسى ئەمەس ئىكەن.

شوپۇر نوكچا بوي، خۇشچاخچاق، قارا قۇمچاق، قاڭشالىق، قارا قاش بىر يىگىت ئىكەن. ئۇ بىزنى كورۇش بىلەنلا:

— ھە، مەمتىكا، يەنە مېھمان باشلاپ كەلدىڭمۇ؟ ھاجەتمەنمۇ، دەرتمەنمۇ؟ كېيىۋالغىنى چەكمەنمۇ، ئەلەم-كۆلپەت چەككەنمۇ؟— دەپ سوزنى مارجاندەك تىزىلغان چاخچاقلار بىلەن باشلىدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق يېقىملىق مېھرى، ئىسسىق چىرايى، ئوت چاقناپ تۇرغان خۇلقى-مۇئامىلىسىنى كورۇپلا كوڭۇل-كوكسۇم يايراپ، روھىم كوتىرىلىپ، خۇددى پاخلان سويۇپ مېھمان قىلغاندەكلا خوش بولماقتا ئىدىم. باياتىنقى: قانداقراق شوپۇردۇ؟ قاپىغىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان تومپايلاردىن بولمىسا... دىگەنگە ئوخشاش تەشۋىش تۇمانلىرىم تامامەن تارقاپ كەتتى.

ــ چاتاق يوق ئاكا، خۇدا خالىسا، ئەتە ئەتىگەندە ماڭىمىز، ئېغىرلىرىنى ماشىنا كوتىرىدۇ، شۇنچە يۇكنى كوتەرگەن ماشىنا چوجىچىلىك سىلىنى كوتىرەلمەمتى؛ يەنە مېنى چوجىگە ئوخشاتتى، دەپ رەنجىمىسىلە، مېنىڭ ئاغزىم بازارراق، خاپا يۈرۈشنى خالىمايمەن.

ــ يوقسۇ ئۇكام، ــ دەيتتىم مەن نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەي، ــ شۇ تاپتا چوجە تۇرماق چۇمۇلىگە ئوخشاتسىلىمۇ مەيلىغۇ.

ــ شۇنداق ئاكا، ئەتە ئەتىگەندە ماڭىمىز، گېپى-مۇڭى بىللە كېتەيلى! ئادەم دىگەن ئادەم بىلەن ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئوزەممۇ يالغۇز زېرىكىپ قالارمەنمۇ دىۋىدىم، تازا ئوبدان بولدى. بىر ھساپتا سىلىنىمۇ خۇدايىم بەردى. بولمىسا، بۇ يولنى يالغۇز قانداقمۇ تۇگەتكىلى بولىدۇ، ئەمىسە كىرا ھەققىنى ئوبدان بېرىلا ھە؟ ــ دىمەسىمۇ، يۇرىگىم قاتتىدا قىلىۋىدى، شوپۇر كۇلۇۋەتتى.

ــ ئۇنداق دىسەم قورقۇپ كەتمىسىلە ئاكا، كىرا ھەققىم ئۇچۇن بارغىچە مېنى زېرىكتۇرمەي ھىكايە ئېيتىپ بېرىلا، بولامدۇ؟

ــ بولىدۇ... بولىدۇ... ــ دىدىم دەرھاللا. ئىش پۇتتى، كەتتۇق.

بۇ شوپۇرنىڭ تۇرغان-پۇتكىنى چاقناپ تۇرغان بىر چوغ ئىدى. مەن كېچىچە ئۇنىڭ تەلىۋى ئۇچۇن ھىكايە ئويلاپ چىقتىم. ھىكايە بىلمەسلىكمۇ بىر قاملاشمايدىغان ئىش ئىكەن.

ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاقىۋەت ئاجايىپ بىر ۋەقە يادىمغا يەتتى-دە، شۇنىڭ بىلەن ھىكايە خۇمار بۇ يىگىتنى خوش قىلماقچى، رازى قىلماقچى بولدۇم.

ئەتىسى يولغا چىقتۇق. دىگەندەكلا شوپۇر تەلۋىنى تەكرار-لىدى.

—سىلەر ياشلار مۇھەببەت ھەققىدە ئاڭلاشنى ياخشى كورىدى-سىلە، —دىدىم مەنمۇ كۈلۈپ.

—ھە، ھە، ئەلۋەتتە، —دىدى ئۇ دەرھاللا، كۈلۈپ كوزلىرى ئويناپ كەتتى، —مۇھەببەتلىك كىشىنىڭ كوڭلى يازىدۇر، زادى قىش بولماس؛ مۇھەببەت ئەھلىگە ئالەمدە ئۇندىن پەخرى ئىش بولماس، —دەپ، ئاشۇنداق بىيىتلەردىن نەچچىنى ئوقۇۋەتتى.

”ھە، بۇ يىگىتنى خوش قىلىدىغانغا تازىمۇ ئوبدان ۋەقەنى تېپىپتىمەن“ دەيتتىم ئىچىمدە.

—مىنىڭ ئېيتىدىغان ھىكايەمنىڭ ئېتى ئاجايىپ مۇھەببەت، — ھىكايىنى باشلاشتىن ئاۋالقى سوزۇمنى مۇشۇنداق باشلىۋىدىم، شوپۇرۇم قاقاقلاپ كۈلۈپ رولنى تەتۈر تولغىۋەتكىلى تاس قالدى. مەن باشلىدىم.

—مۇندىن خېلى بۇرۇنقى يىللارنىڭ بىرىدە، قەشقەرگە بارغىنىمدا، ئاغرىپ دوختۇردا يېتىپ قالدىم. ماڭا ياندىش كارۋاتتا بىر ئاغرىق ياتاتتى، ئۇ ئادەمنىڭ ئەپتى، سىياقى بەك ئوسال، بەكمۇ رەزگى بولۇپ، يۈزى ھەم بەدەنلىرى بەئەينى

ئاپتاپتا سولۇشۇپ، قورۇلۇپ قالغان خام قاپاقـقىلا ئوخـشايتتى. كېيىن كورسەم پۇتۇن تېنى ئاشۇنـداق سەت، سولاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە هۇررەك ـ هۇررەك دانـخورەكـتەك بىرنىمىلەر قاپلاپ كەتكەن، ئۇ يارىلارنىڭ بەزىلىرىدىن ۋىلىلداپ زەرداپ ـ سىمان سېرىق سۇمۇ چىقىپ تۇراتـتى. ئەمما ئۇ سەت، سولاش قېرىنىڭ يېنىدىن كىچە ـ كۇندۇز كەتمەي ئاجايىپ چىرايلىق بىر چوكان خۇددى چىراقـنى چورگىلىگەن پەرۋانـدەك پىقىـراپ يۇرەتتى. تاماقتىن تەرەتلىرىگىچە هەممە ئىشلىرىـنى قىلاتتى. تاماقنى چايناپ يىگۇزمەيتتىيۇ ئۇنىڭدىن بېرىسـىنى قىلاتـتى. قوشۇق بىلەن يىگۇزەتتى، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ئېيتاتتى، ساقال ـ لىرىنى سىلايتتى، يولەيتـتى، ياتقۇزاتتى. ئاندىن قولى بىكار بولسىلا ئۇ قېرىنىڭ ئاشۇ سەت، سولاش، سەبگىنلىك، يىرىڭلىق بەدەنلىرىنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سىلايتتى. پۇتـلىرىنى تۇتاتتى، تىماقلىرىنى ئالاتتى. بۇ ئىشلىرى داۋامدا ئۇنىڭ رەڭگى ـ رۇخ ـ ساريدا هېچقانداق يىرگىنىش ياكى بولەك بىرەر ئەهـۋال ئالا ـ مىتى سېزىلمەيتتى. بەلكى ئاۋۇ قېرىدىنـمۇ زـىيادە هوزۇرلىنى ـ ۋاتقاندەك تۇيۇلاتـتى. بۇنى كورۇپ قەشـقەردە پەرىشتىدەك خوتۇنلار كوپ دىگەنلىرى راست ئىكەن دەيتتىم. بۇ چىرايـلىق چوكان بۇ قېرىنىڭ قىزى، بالـىلىرىنىڭ ئەڭ كىچىگى، يا يىتىم قالغىنىدا بېقىپ ئوسـتۇرگەن نەۋرـىسى بولسا كېرەك، بالـىنىڭ كىچىگى ئاشۇنـداق ئامراق، مېهرىـۋان بولـىدۇ، بۇ چوكانـىنى ئالغان يىگىت قانچىلىك بەختلىك يىگىتتۇ... دەپمۇ ئويلايتتىم.

ئەمما ئارىلىرىدىكى بەزى گەپ-سۆز، مۇئامىلىلىرى ئۇ ئۆي-لىرىمىغا شەك چۈشۈرەتتى. بەزى قىلىقلىرىغا قاراپ، خوتۇنىمى-كىن دېيىشكە ئاغزىم بارماق بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىداق ئويلاشمۇ گۇنادەك تۇيۇلاتتى. پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ئېلىۋالغانمۇ يا؟ ئاتا-ئانىسى بەرگەن بولغىيمىدى يا؟ ئاھ، قەبىھ كونا جەمى-يەت، نادانلىق... خۇراپات... دىگەنلەرنىمۇ ئويلاپ، ئۆتمۈشكە لەنەت ئوقۇغۇم كېلەتتى... "ياق، ئەگەر ئۇنىداق بولغىنىدا بۇ خىل چىن ۋە سەمىمى، پاك مۇھەببەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ..." دەيتتىم. لېكىن سوراشقا ئەسلى ئاغزىم بارمايتتى. چۈنكى، ئۇ چوكان ھەم ئاۋۇ قىزىمۇ ماڭا ئۆز تۇققاندىنىمۇ چارە، ماڭا خۇددى ئۆزەمنىڭ ھەمشىرەم، ئۆز باققۇچۇمدەك قاراۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ھەقتە سوراش بەكمۇ ئەپسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ تەڭسىز، بۇ ئاجايىپ مېھرى-مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ سىرىنى بەكمۇ بىلگۈم كېلەتتى. ئاڭغىچە ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى. چىقار چېغىدا ئۇلار مېنى "مۇساپىر" دەپ، بەزى نەر-سىلىرىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشۇمغا قالدۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۈن ئارىلاپ دىگۈدەك غىزا بىلەن يوقلاپ تۇرۇشتى. بىر كورگەن تونۇش، ئىككى كورگەن تۇققان، دەيتتى ئۇلار. ئاخىردا، دوختۇردىن چىقىشىمدا، بولەك تۇققان-تونۇش بولمى-غاندىن كېيىن دەپ، يەنە مېنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ چىقىپ بىرقانچە كۈن كۈتتى. مۇنداق ياخشى ئادەملەرنى كىشىنىڭ قانداقمۇ ئۇنتۇغۇسى، قانداقمۇ تاشلىۋەتكۈسى كېلىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن

بىز تونۇشـلا ئەمەس، بىر تۇقـقانـدىنمۇ چارە بولۇپ كەتتۇق. شۇلارنىڭ سايە قىلىشى، ياردەمـلىرى بىلەن مەنـمۇ ئوي-ئوچاقلىق، تەئەللۇقاتلىق، ئاخىردا قەشقەرلىق بولۇپ قالدىم.

دىمەكچى، كېيىن بىلسەم ئاشۇ چىرايلىق چوكان ئاشۇ سەت-سولاش قېرىنىڭ خوتۇنى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئەھۋال شۇنچە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە پەرقلىق ئىدى. ئۇ، پۇلىنىڭ كۈچى يا بولەك ئۇسۇل بىلەنمۇ ئەمەس، پەقەت بىر ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەردىن ۋۇجۇتقا كەلگەن تۇرمۇش بولۇپ، ئاقىۋەتتە ئەنە شۇ مەن كورگەندەك كوڭۇللۇك، چىن مۇھەببەتتە داۋام قىلماقتا ئىكەن.

بۇ مۇھەببەتنىڭ سىرىنى بىلىشكە مېنىڭ يىللىمدەك يېپىشىۋېلىشىم ئاقىۋىتىدە ئۇلارمۇ ئېيتىپ بېرىشكە ئاخىر ئۇنىدى. لېكىن شەرتلىرى شۇ بولغان ئىدىكى، بۇ سىرنى ھېچ ئىنسانغا ئېيتىماسلىقىم لازىم ئىدى. مەنمۇ شۇنداق قىلغان ئىدىم. ئەمما بۇگۈن سىزگە ئېيتىپ بەرمەكچى بولدۇم. چۈنكى بۇ مۇھەببەتنىڭ ئىگىلىرى ئالىلقاچان ئالەمدىن كەتكەن؛ ئۇلارنىڭ بۇ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى پەقەت مېنىڭ يۈرىكىمدىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار ئېيتىماسلىقىمنى شۇنداق شەرت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەڭگۈلۈك ۋەسىيەت قىلىپ، مەندىن قەسەم ئالمىغان. شۇڭا، بىزنىڭ ئەۋلاتنىڭ بېشىدىن قانداق كۈنلەر ئوتكەنلىكىنى كېيىنكىلەرمۇ بىلىپ قالسۇن ئۈچۈن بۇ ھەسرەتلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى سىزگە ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

ۋەقە مۇنداق ئىدى: ئۇ قېرى ئەسلى سودىگەر بولۇپ، ئۈرۈمچى سودا سارايلىرىنىڭ بالىخانىلىق بىرسىدە بىر سودىگەر بىلەن ھوجرىداش تۇرغان. ئۇنىڭ يېشى مەندىن سەككىز ئون ياش كىچىك بولۇپ، ئۆزى قاۋۇل، ئەمما سەل شەيتىنى باررااق كىشى ئىدى دەيدۇ چال. بىر كۈنى ئۇ ئويۇن-تاماشا ھەققىدە گەپ قىلىدۇ-دە، ئاجايىپ «سەتەڭ خېنىملار» توغرىسىدا سۆزلەپ، نەچچە يىلدىن يالغۇزلۇقتا ياستۇقنى قۇچاقلاپ بويتاقلىق ئازاۋىنى تارتىپ كەلگەن بۇ كىشىنى بىر جايغا باشلاپ بارماققا ئۈندەيدۇ ۋە كوندۇرىدۇ.

قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى ئۇلار كىشى كورمەيدىغان ئارقا كوچىلار بىلەن مېڭىپ بىر يەرگە بارىدۇ. يوغان دەرۋازا ئالدىدا ئەسكەر تۇرغان ئىكەن. ئۇ، بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ قارشى ئالىدۇ-دە، «جوخو» دەپ ۋاقىراپ ئىچكىرىگە خەۋەر بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھويلىغا كىرىشى بىلەن تەڭ ئالدىغا ئىگىز بويى، ياغاق يۈز بىر ئادەم ياغزىلىق كۈلۈپ چىقىدۇ-دە، كورۇشۇپ ئىچكىرىگە باشلايدۇ، كارىدوردىكى قاتار ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلىپ تاماكا تۇتىدۇ. ئومرىدە كەيىپ قىلمايدىغان ماۋۇ ئادەم-مۇ شۇ كۈنى بىرنى چېكىۋېتىدۇ. شۇ ئاندا ھېلىقى «جوخوچى» تامدىكى بىر نەرسىنى بېسىش بىلەن نەغمىلىك قوڭغۇراق جىرىڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل تامدىكى دەرىزىدەك ئېچىلغان ئالاھىدە توشۇكتىن ئاجايىپ سەتەڭ خېنىملار كوكرەكلىرى يېرىمىغىچە ئوچۇق بەلدىن يۇقۇرى بەدەنلىرىنى كورسىتىپ، ھەر

ياغزا قلىق "نازلىرى" بىلەن كوز - قاش ئوينىتىپ، بىر - بىرلەپ ئوتتۇشكە باشلايدۇ. "بۇ مېھمان" ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قاراپلا قالىدۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ يېنىدىلا يىغلاۋاتقان ئايال ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاق گىجىم رومالغا يۆركەنگەن بىر چوكان ئىكەن. ئۇ، پەقەتلا: ئاكىلار... ئاكىلار... دىگىدەك، ھازىرلا يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۇدەك بوغۇلۇپ، بوقۇلداپ يىغلىغۇدەك؛ بۇلار چوكاننىڭ ھالىنى بىلىشكە قىزىقىپتۇ.

ۋەقە شىڭ شىسەي كېتىپ، گومىنداڭ كەلگەن يىللاردا بولغان. ھوكۇمەت "ئۇرۇمچىدە ئوقۇتىمىز" دەپ، ئالتە شەھەر تەرەپلەردىن نۇرغۇن ياشلارنى ئېلىپ چىققان. شۇ قاتاردا بىر قانچە قىز - چوكانلارمۇ چىققان. ئەمما بىر كېچىسى "ئوغۇللارغا ئالدىراش بىر ئىش چىقىپ قالدى" دەپ جىددى چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنى ماشىنلار بىلەن ئېلىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەسكەر تۇتۇپ ئالتايغا ئېلىپ كەتكەن. قىز - چوكانلارنى بولسا "كېتىش" دەپ چىقىرىۋەتكەن. ئۇلار ئىلاج ۋە ئىمكانسىز ھەر خىل تەقدىر يوللىرىدىن كەتكەن. ماۋۇ ئاق گىجىم رومالىق چوكان بولسا، يولدىشىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇ يان - بۇ يان ماڭغان. ئالتە ئاي كېيىن ھوكۇمەت "ئېرىڭ ئۆلدى" دەپ خېتىنى بېرىۋېتىپ، كېتىشكە قوغلىغان. شۇنداق قىلىپ بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئۆزۈك، ھالقا، كىيىملىرى تۈگىگەن...

بۇ كۈنلەردە شاڭنوجۇنلەر① بىر "تاماشىخانا" (تاپاۋەتخانا)

---

① شاڭنوجۇن — خەلقنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قويغان لەقىمى،

ئاچقان. ئۇ سۇپۇرگە ھايانكەشلەر ئۇ يەرگە سەر خىل سەتەڭلەرنى ھەرقانچە خىللاپ يىققان بولسمۇ، ئەمما تائىپىلەرگە مۇئامىلىدە بولغان كىشىنى ئاخىرەتتە يەتمىش پۇشتىغىچە دوزاقتا تارتىپ كېتەرمىش...دەپ يەرلىكلەر كەلمىگەن ياكى كەمدە-كەم كەلگەنلىكىنىڭ ۋەجىنى ئۇقۇپ، ئەمدى يەرلىك ئايالىلاردىنمۇ پەيدا قىلماقچى بولغانلىرىدا، ئۇلارنىڭ شۇ مەقسىدى يولىدا "سەتەڭ" ئىزدەپ يۈرگەن بىر بۇزۇق خوتۇنغا بۇ چوكان ئۇچراپ قالغان. ئۇ بۇ بۇزۇقنىڭ ئوبدان يەردە ئاسان بىر ئىش بار، دەپ ئالداپ ئېپكېلىشى بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغان ۋە ئاڭغىچە بۇ ئىككىيلەنگە ئۇچراشقان.

چوكان يان ئۆينىڭ دەرىزىسىدىن بۇلارنى كورۇپ ئوخچۇپ چىققىنىچە كېلىپ زار-زار يىغلاپ:

— ئاكىلار...ئاكىلار...مېنى قۇتقۇزۇڭلار...ئاكىلار...بولمىسا، سىلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن...مەيلى...مېنى...مېنى... سىلەر...—دەپ بۇلارنىڭ ئايىغىغا ئوزىنى ئاتقان.

شۇندا بۇ ئىككىيلەن: پۇل خەجلەپ، ساۋاپ ئىزدەپ ھەجگىمۇ بارىدىغۇ كىشى؟ مۇشۇ بىر قېرىنداشىمىزنى بۇ تىرىك دوزاقتىن، گويا يولدىن قۇتقۇزۇۋالساق، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ساۋاپلىق ئىش بولماس—دېيىشۇ-دە، ئاۋۇ "جوخوچى"لارنىڭ

---

بەرگەن "ئۇنۋانى"، قاپاقۋاشلار دىگەن مەنىدىكى مەسخىرىلەش. شۇ چاغلاردا ئۇلارنى ئومۇمەن خەلق "شاڭنوجۇن" دەپ ئاتايتتى.

شۇ كۈنكى تاماق پۇلى، ”تۇزاق پۇلى“نى تولەپ چوكاننى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئاپىرىپ ياخشى مېھمان قىلىپ ۋە يەنە ياردەم قىلىپ يولغا سېلىپ قويماقچى بولغان. شۇندا ئۇلارنىڭ بۇ ياردەملىرىدىن بەك خوش بولغان چوكان ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە بۈگۈن كىرگىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئىپەت-نومۇسىنىڭ ئانا ئوغۇزىدەك پاكلىغىنى، ئەگەر كوكۇللىرى كوتەرسە، ئىككىيلەنىڭ بىرسى ئەمرىگە ئالسا، ئومۇرۋايەت ۋاپادار خوتۇن بولۇپ ئوتىدىغانلىغىنى، ئۆزىنىڭ ئىگە-چاقىسىز بىر يىتىم قىز ئىكەنلىگىنى بىلدۇرگەن.

كۈن دىسە كوزى، ئاي دىسە ئاغزى بار...دەيدىغان ھىكايە، چوچەكلەردىكىدەك بۇ چىرايلىق چوكانغا قانداق كوكۇلنىڭ زوقى كەلمەيدۇ دەيسىز؟

ئىككى سودىگەر كېڭىشىدۇ، ئۇلار چوكاننىڭ دىگەنلىرىگە ئىشىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىيلەنىنىڭ ھىلىقى ياشراغى بۇ چوكاننى ئالماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سارايىنىڭ ھوجرىسىدا توي تەييارلىغى باشلىنىدۇ. چوكان قىڭراقنى سايرىتىپ قەلەم ئېتىشكە كىرىشىدۇ. ھىلىقى چوڭراق كىشى چوكانغا ئاتا بولماقچى، نامازشامنى ئوقۇغاچ نىكاغا ئىمام-مەزىننى باشلاپ كەلمەكچى بولۇپ، مېچىتكە چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇ، ئىمام-مەزىننى باشلاپ خوشال-خورام كىرگىنىدە، ئويلىمىدىغان كىشىنىڭ ئولۇم ھالىتىدە خىقىراپ ياتقانلىغىنى، چوكاننىڭ بولسا، گىجىم رومالىنىڭ پوپۇكلۇك ئۇچى بىلەن

ئۇ كىشىنىڭ يۈز-كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قارۇ-يامغۇر يېغىلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭلىقتا داڭقېتىپ قېلىشىدۇ.

بۇ قانداق ھادىسىدۇ؟

ئاتا بولغۇچى ئىمام چاقىرغىنى چىكەتكەندىن كېيىن چوكان ئالدىراش قەلەم ئېتىۋاتقاندا، ئاۋۇ ئۆيلىنىدىغان كىشى نامازغا تاھارەت ئېلىشقا باشلايدۇ. شۇندا چوكان ئۇ "بولغۇسى ئېرى" نىڭ سول قول سىمچىلىغى يوقلۇغىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئادەتتە بۇ "چولاق"لىق نوقسانىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ بەك پىنھان تۇتىدىغان ئۇ كىشى ئالدىراشلىقتا ئېھتىياتلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان. ئۇ، تاھارەتنى تاماملاپ كارىدوردىن ئۆيگە كىرگىنىدىن كېيىن چوكان بايىقىدەك ئەمەس، ھە دەپ بۇ "بولغۇسى ئېرى"نىڭ ئەسلى زاتى، تەرجىمھال تەپسىلاتلىرىنى بىر-بىرلەپ سوراشقا باشلايدۇ. بەزى يەرلىرىنى تولۇقلاپمۇ قويىدۇ. باشتا بۇ ھالغا ھەيران بولغان "ئەر" بارا بارا بولەكچە بولۇپ، چوكانغا چوڭقۇر تەلمۈرۈپ، بارغانسېرى قادىلىپ قارايدۇ.

— سىلىنىڭ لەقەملىرى بارمۇ؟ — سورايدۇ چوكان.

— لە...لەقىمىم...ب...با.

— لەقەملىرى نىمە؟

— ...

بۇ سوئال جاۋاپسىز قالىدۇ. ھەر ئىككىسى بىر بىرسىنىڭ كۆزىگە ئۇقتەك قادىلىپلا قالىدۇ. ئاۋۇ ئادەمنىڭ ئاغزى كاماردەك

ئېچىلىپلا قالىدۇ. ئۇ، ئادەتتە كىشىلەر ئېيتسا ئۇرۇشىدىغان لەقىمىنى بوش ئاۋازدا ئاستا ئاتايدۇ.

— لە...قى...مىم...سول...تەك.

— ئاھ...مېنىڭ دادام...— دەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋاقىرىغان چوكان ئۇ ئادەمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

— ئاھ...قىزىم نۇرانەم...— دەپ قاتتىق ۋاقىرىغان ئۇ ئادەم جاق ئوكدىسىغا چۈشۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ئەسلى ئەھۋال مۇنداق ئىكەن.

ئۇ ئادەم سودىگەرچىلىك بىلەن جەنۇپ شەھەرلىرىدىن بىرسىگە بېرىپ ئالتە ئاي تۇرۇپ قالىدىكەن. شۇ يەردە شاۋاخان ئىسىملىك بىر جۇۋانغا ئۆيلىنىدىكەن. قايتار چېغىدا ئۇۋرالىشىپ، خېتىنى بىرئۈېتىپ كېتىدىكەن. ئەمما ئايالىنىڭ بويىدا بالا قالغان بولۇپ، ئۇ بىر قىز تۇغىدىكەن. قىزغا نۇرانەم دەپ ئىسىم قويىدىكەن. كېيىن شۇ ئىسىملىك قىزى ھەققىدە سودىگەرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ دادىسىغا خەۋەر بېرىدىكەن. قىز چوڭ بولغىنىدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ تەرجىمىھال تەپسىلاتىنى شاۋاخان سىمچىلاق بەلگىلىرى بىلەن ھەتتا لەقەملىرىگىچە تولۇق ئېيتىپ بېرىپ ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن نۇرانەم (نۇرگۈل) بىر يىتىم يىگىتكە تۇرمۇشلۇق بولۇپ، بىر ئاي ئۆتكەندە "ئۇرۇمچىدە ئوقۇش..." ئۇچۇن خەتلىنىپ بۇ يەرگە بىللە چىقىپ، بۇ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىكەن.

ئۇ ئىمام-مەزىنلەرگە ئەھۋالنى ئەسلا سەزدۇرمەيدۇ. ئۇلار

كەتكەندىن كېيىن يەنە يىغىسىنى ۋە ئاۋۇ كىشىگە پەرۋىرىشىنى داۋام ئەتكۈزىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ھېلىقى ھوجرىدىشى — "ئاتا بولغۇچى"مۇ بەك بىاراملىقتا ئالاقزادىلىنىپ، ئېغىر ھالدا ياتقۇچى ھوجرىدىشىنىڭ بېشىدا بىللە بولىدۇ. تۈن تەڭ مەزگىلىدە ئۇ ئادەم ئازراق ھۇشىغا كېلىدۇ-دە:

— قىزىم... قىزىم... نۇرانەم... بالام... — دەپ ئىڭرايدۇ.

— دادا... دادا... — دەپ يىغلايدۇ ئۇ چوكان ۋە ئۇ كىشىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويىدۇ. بۇ ھالغا ئاۋۇ كىشى تېخىمۇ ھەيرانلىقتا بەكمۇ ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. كېيىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇ ئادەممۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋېتىدۇ.

نۇرانەمنىڭ دادىسىنىڭ ئېتى ساۋۇت ئاخۇن بولۇپ، لەقىمى "سولتەك" ئىكەن. بۇ لەقەم ئۇ ياش چېغىدا بىر سولتەك ئېشەك سېتىۋالمىغى بىلەن سىڭىپ قالغان ئىكەن. ئەمما ئۇنى كىمكى "ساۋۇت سولتەك" دەيدىغان بولسا، ئۇلگۇدەك خاپا بولىدىكەن، لېكىن بۇ لەقەم ئاقىۋەتتە ئۇلارنى "ئەر-خوتۇن" بولۇش سەۋەن-لىگىدىن ساقلاپ بۈگۈنكى بۇ ئاتا-بالىلىقنىڭ ئىقرارنامىسى بولىدىكەن.

ئاۋۇ "ئاتا بولماقچى" ئادەمنىڭ ئېتى خۇدا بەردى ئىكەن. ئۇ، ئاشۇنداق ھاڭ-تاڭلىقتا تۇرغىنىدا ساۋۇت ئاخۇن يۇمۇلغان كۆزىنى يوغان ئېچىپ بولەك بىر ئادەمنىڭ نامىنى چالا-چوتا ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ دېگىنى ئەمەت ئەلەم دېگەن ئۇلىما بولۇپ، ساۋۇت ئاخۇن ئۇ ئادەمگە بەك ئىخلاسمەن ئىكەن. خۇدا بەر-

دىكام شۇ تۇنــدە دەرھــال بىردىــپ ئەمەت ئەلەم ئاخــۇنۇمــنى باشلاپ كېلىدىكەن. ئەلەم ئاخۇنۇم تومۇرلىرىنى تۇتۇپ، باش ـ كوزلىرىنى سىلاپ كورگىنىدە، ساۋۇت ئاخۇن يولەش ئىشارىسى قىلىدىكەن. نۇرانەم يولەپ دادىسىنىڭ بېشىنى قۇچىغىغا ئالىدى ـ كەن. ساۋۇت ئاخۇن شۇندا يېرىم ـ ياتا بىرقانــچە ئېغىز گەپ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ گەپلىرىنى تۇزۇك جۇملىلەرگە جەملىگەندە:

...بۇ سەتچىلىك سىرى مۇشۇ توت مۇسۇلماننىڭ ئارىسىــدىلا قالسۇن! قىزىم نۇرانەمنى خۇدا بەردىكام ئالسۇن!... مېنىڭ بۇ تەئەلــلۇقاتىمــغا بۇ ئىككىيلەن مىراســخور بولۇپ، قەشــقەردە قالغان بىر ئاچامغا ئوبدان قارىــسۇن! قەشــقەردىكى ئىــگىسىز يېتىم باللاردىن ئىككىــنى مېنىڭ نامىمــدىن ئوقۇتۇپ، ئاغزىغا ئىلىم سالسۇن! ئۇلار روھىمغا دۇئا قىلىپ تۇرسۇن! مەن ئورە بولالمايدىغان ئوخشايمەن، شۇڭا قىزىم نۇرانەمــنىڭ نىــكايىنى ئوز قولىغىم بىلەن ئاڭلاي...ــ دىگەندىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنداق قىلىپ شۇ يېرىم كېچىدە نۇرانەمنىڭ نىكايى خۇدا بەردىكامغا ئوقۇلۇپتۇ. ئاخــىردا ساۋۇت ئاخــۇن يانــچۇغىــنى ئىشارە قىلىپ ئاچقۇچنى ئالدۇرۇپتۇ، ئۇنى تەڭــلەپ تۇرۇپ:

ــ ئاچ...قــۇچ... ساذ...دۇق...دەپ...تــەر...ــ دەپتۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن تەڭ لەسىدە بولۇپ نۇرانەمنىڭ قۇچىغىــدا جان ئۈزۈپتۇ.

ــ ئاھ...دادام...ــ دەپ نۇرانەم ئىڭىشكىنىدە ئۇنىڭ كوزد ـ دىن تامغان ياش دادىسىنىڭ يۇمۇلــغان كوزىدىن ئاقــقان ياش

بىلەن قوشۇلۇپ، يۈزىنى يۆيۈپ يەرگە توكۇلۇپتۇ.

ساندۇقنى ئاچسا بىر خالتىدا لىق تىللا، ئۇنىڭ ئۈستىدە سوقۇچاق كوك دەپتەر تۇرغان ئىكەن. ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا تىللادىن ئۇننى قويۇپ دۇئا ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى جۇمەگە ئۇلگۇرۇپ ساۋۇت ئاخۇننىڭ جىنازىسى چىقىپتۇ. ئاندىن ئۇلار كوك دەپتەرگە يېزىلغان ئادرىس بويىچە تەئەللۇقاتقا ھەم ۋەسىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ خۇدا بەردى ئاخۇننىڭ قەرز قوۋۇللىرىنى تۇگىتىپ، قەشقەرگە بارغان، ساۋۇت ئاخۇننىڭ بىردىن-بىر ئاچىسىنىمۇ ئوز پانالىرىغا ئالغان. ماڭا تاماق توشۇپ دوختۇرخانىغا كوپ بارغان بىر جۈپ ئوغۇل-قىزنىڭمۇ ئاغزىغا ئىلىم سالغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، خۇدا بەردىكامغا نۇرانەم سۇپەتلىك بۇ نۇرى ئالەم پەرىشتىسنى خۇدانىڭ ئوزى ئەنە شۇنداق بەرگەن ئىكەن.

— قانداق، ئاجايىپ مۇھەببەتمىكەن؟

— راست، ئاجايىپ مۇھەببەت ئىكەن، — دېدى شوپۇرۇم بېشىنى لىڭشىتىپ خورسىندى ۋە قاتتىق ئۇھ..تارتىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

2

— ماقۇل ئاكا، مەنمۇ بىر ھىكايە ئېيتىپ بەرسەم بېرەي،

سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى كونا زامانىنىڭ ئاجايىپ بىر ھېكايىسى بولسا، ئەمدى مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم يېڭى زامانىنىڭ غارايىپ بىر ھېكايىسى، — دېدى شوپۇر ۋە ھېكايىسىنى باشلىدى.

بىر يېزىدا تاشيولىنىڭ بويىدا، تال باراڭلىق ئەپچىل بىر ھويلا بار ئىدى. ئۇنىڭدا بىر بىرىگە بەك ئامراق ئۈچ كىشى ياشايتتى. ئۇلار بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر تاللا ئوغلى ئىدى. بۇ بىر تاللا يالغۇز ئوغلىغا ئۇلار ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى بالىلىرى كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كېتىپ، كېيىن بۇ بىرلا ئوغلى توختاپ قالغاچ، ئۇنىڭ بوينىغا تۇمار ئېسىپ، بېشىغا سىكىلەك چاچ قويۇپ ئارزۇلاپ باققان. بالىنىڭ دادىسى نەمەت ئاخۇن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەپچىل ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلزارلىق، مېۋىزارلىق ھويلىسى ۋە ئۆيلىرى چىنىدەك پاكىز ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭدىكى سەر خىل مېۋىلەرنىڭ يازدىن ئاشقانلىرىنى قۇرۇتۇۋالاتتى. يەنە ھويلىسى ۋە ئۆي ئەتراپلىرىغا گازىر، ئوتياش، تاماكا قاتارلىقلارنىمۇ تېرىيتتى. قىشنىڭ بىكار كۈنلىرىدە، تۈنلىرىدە تاماكا تەييارلاپ، ئوتكەنكەچكەنلەر بىلەن شوپۇرلارغا ساتاتتى. شۇڭا ئۆيدە ھەمىشەم دىگۈدەك شوپۇر قاينايتتى. بەزىدە ئاشۇنداق شوپۇرلار بىلەن يىراقلارغىمۇ ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆي لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. گاھى چاغدا ئوغلىنىڭ ئوقۇشتىن دەم ئېلىش كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنىمۇ بىللە ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كېلەتتى.

يېزدا يوق نەرسالەرنى ئېلىپ بېرەتتى. شۇ يېزدا ئەھۋال ناچار بولسمۇ، ئىش قلىپ، ئوقەتلىك بۇ ئائلىنىڭ تۇرمۇشى خېلى تۈزۈك ئىدى.

"مەدىنيەت ئىنقلاۋى" دەيدىغان بىرنەمە باشلاندى. ئۇ ئادەمنى شەمۇ-شە يۈرىدىغان ھايانكەش... دىگەن گەپلەر چىقىشقا باشلىدى. كېيىن "دۆپپىگەي" دىگەن بىرنەمە چىقتى. بۇنى كىشلەر "دوپپا كەي" دەپ ئاتاشتى. بۇ دوپپا كەي ۋاقتىدا، ھېلىقى ئادەمنى: "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇر" دەپ تالاپ-تارتىشقا باشلىدى.

ئەتىيازنىڭ بىر كېچىسى ئىدى. ئىشك قاتتىق تاقىلداپ، ئۆيگە مىنبىڭ لەنجاڭ، پەيجاڭ قاتارلىق بىرمۇنچىسى كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۇخلاشقا ياتقان ئاۋۇ ئەر-خوتۇنلارنى چالا-چوتا كىيىندۈرۈپ ھەيدەپ ماڭدى. بۇ چاغدا بالىسمۇ ئۆيدە يالغۇز قالالماي ئىشكنى ئېتىپ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇلارنى توت يولنىڭ تۈگۈنىدىكى سەينادەك كەڭ سورۇنغا ئېپكەلدى. ئۇ يەرگە توپلانغانلار ئارىسىدا بالىلىرىنى باغرىغا باسقان، ھاپاش-لىغان ئايالللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئاۋۇ ئەر-خوتۇن ئىككىي-لەننى ئاشۇ توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىڭىشتۇرگەندە، ئاي ئالەمنى ئۇبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ۋاقىراش-جاقىراشلار قايناشقا باشلىدى.

-نەق كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان تۇجىداۋباچى ئۇنسۇر نەمەتنىڭ ئەدىۋىنى بېرەيلى!

— كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇرنى كۆرەش بىلەن سىېستىپ، مىجىغىنى چىقىرىۋېتەيلى!

— بۇ نەمەت دىگەن ئۇنسۇر ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىپ شەھەرگە قېچىپ كەتكەن...

— بۇ ئۇنسۇرنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيىسى كۈچلۈك، پولو ئېتىپ يىگەن.

— پىكىر، ئۇنىڭ پولو يىگىنىنى مەنمۇ كورگەن، راست...— دەپ توۋلايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھىلىقى كىشىنى بىرمۇنچە مۇشتلىغاندىن كېيىن، ھەيدەپ مېڭىشتى. ئۇلار شوئار توۋلاپ ماڭغانلىرىدا باللىرىنىڭ پۇتلىرى ھەر ياڭزا پۇلاڭلاپ ۋە بەزىلىرى يىغلاپ باراتتى. بۇ توۋلاشقان توپ ئەتراپى جىگدە شوخىلىرى بىلەن قورشالغان بىر باغ ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مىنبەگلار شوخىلارنى سورەپ ھەر يان تاشلىۋېتىپ كىرىپ كەتتى. ئاقسا-قال بىر ئادەمنى دوشكەلەپ ئېپچىقىپ ئوتتۇرىدا ئىگىشتۇردى. ئۇ ئادەمنىڭ پۇتلىرى يالاڭ، كوينىگىنىڭ ئالدى ئوچۇق ئىدى.

- ھە، يەر ئاستى زاۋۇت ئاچقان قېرى ئەبلەخ سوزلىيە!— دەيتتى ئۇلار.

قېرى ئادەم ئاغرىقتىن دەلدەگىشىپ ئاران تۇراتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ سوزلەيتتى:

— با...باللارنىڭ ئاياقلىرى يالاڭ بولغاچ، ئو...ئوزەمنىڭ ئولگەن كالامنىڭ تېرىسىدە كو...كون ئەتتىم...

ئۇپۇر-توپۇرلار بىلەن قاس-قۇس تەككەن كاچاتلار قىرد-
ىنىڭ سوزنى ئۇزۇپ قويدى. ئۇي-ئۇيلەردىن ئادەملەرنىمۇ،
ئۇنسۇرلارنىمۇ ئاۋۇتۇپ، قاينا-قايناڭ بىلەن ھەيدەپ دادۇيگە
كەلگەندە ئاي ئولتۇراي دەپ قالغان ئىدى. ئۇنسۇر دىگەنلەرنى
مەيدانىدا ئىڭىشتۇرگەندە سەينىاغا پاتماي قالدى. پاتمىغان
بىرقانچىسنى ئېرىقنىڭ قىرىغا چىقىرىپ دوڭغايتتى. بۇلارنىڭ
قاتارىدا نەمەتمۇ بار ئىدى، بىر چاغدا لەنجاڭ ئۇنى-بۇنى دوش-
كەلەپ، پۇتلىرىغا تېپىپ تۇز تۇرغۇزۇپ، نەمەتنىمۇ بىقىنىغا
بىر قويۇۋىدى، ئۇ، تۇگۇلۇپ، ئىنجىقلاپ قىردىن پەسكە گۇپلا
چۈشتى.

—قويە ئۇششۇق ئۇنسۇر...

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى ئىنچىكە بويلۇق شياۋۋاڭ
كېلىپ قول چىراق ياندۇرغاندا، ئاغزىدىن بۇژۇلداپ كوۋۇك
كېلىۋاتقان نەمەتنىڭ جاۋغايلىرى لاي بىلەن بۇلغىنىپ، رەڭگى
كوكۇرۇپ ياتاتتى.

—ھارامزەدىلىك قىلىۋاتىدۇ، قويە ئۇنسۇر!—دەپ لەنجاڭ
قارى قۇلغىدىن تارتماقچى بولۇۋىدى، شياۋۋاڭ توساپ:

—ھاي، چەتكىرەك چىقىرىپ قويۇڭلار،—دىدى. ئىككى
مىنبىڭ پۇتىدىن سورەپ ئاپىرىپ قىرغا يولەپ تاشلاپ قويدى.
شۇندا شياۋۋاڭ ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.
ئاندىن تاڭ بىلەن تەڭ ئەمگەككە چىقمىسا بولمايدىغانلىغىنى،
قايتىپ ئارام ئېلىشنى دىۋىدى، مىنبىڭلار ئىنقىلاپنى ئاخىرىغا

يەتكۈزمىگىچە بەلنى بوشاتمايدىغان، فۇرونتتىن قايتمايدىغانلى-
غىنى بىلدۈرۈپ تۇۋلاشتى. ئاممىمۇ ئىگىز-پەس ۋاقىراشتى.
يەنە بىر دەم "جەڭ" قىزىدى. شياۋۋاڭ ئەتىگەنلىك جابەرگە
چىقمىسا بولمايدىغانلىغىنى، شۇڭا قايتىشنى جاكالىدى.
قايتىش باشلىنىش بىلەن خۇددى ئۈزىتىش مۇزىكىسى
چالغانىدەك دادۈي تومۇرچىخانىسىنىڭ ھويلىسىدىكى ئۈرۈكتە
ياتقان خوراز قاتتىق قانات قېقىپ ئۈنلۈك قىچاردى.
تۇپىلىق يولدا توپۇرلىشىپ كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ بەزىسى
يىغلىغان باللىرىنى بەزلىسە، بەزىلىرى باللىرىنى تىللاپ
قاغاپ، ئۇلۇم تىلەپ باراتتى.
نەمەتنىڭ ئايلى بىلەن ئوغلى يىغلاپ تۇرغىنىدا، مىنبىگىلار
دوۋۇسلاپ ئۇلارنى كەتكۈزدى. ئۇنىسۇرلارنىڭ ھەممىسىنى
دادۈينىڭ ھويلىسىغا ئېپكىرىپ كەتتى.
نەمەتنىڭكىلەر ئۆيىگە كەلسە، ئىشىك ئۆلگۈچىگى قومۇرۇق-
لۇق، ساندۇقلار چۇۋۇق، ئوچۇق، ئۆيدە ھېچنىمە يوق تۇرغان.
يىغلاپ-قاخشاپ باشلىققا بارسا، دوقا دۈيجاڭ:
— سەنلەرنى كىم ئويۈگىنى يالغۇز تاشلاپ كەت دەپتۇ؟
ئوغرى-يالغاننىڭ كوپلىگىدە شۇنداقمۇ بىخەستەلىك قىلغان بارمۇ؟
ھەممە گۇنا ئوزلىرىڭدە...ماقۇل، بىز تەشكۇرۇپ (تەكشۇرۇپ
دىمەكچى) باقايلى، ھاز جابەر ۋاقتى،— دەپ ئالدىراپ كەتتى.
ئەتىسى چۈشتە نەمەتنىڭ ئوغلى نان ئېلىپ كەلگەندە ئۇن-
سۇرلار زەيكەش چىپىۋاتاتتى. ئۇ، تونۇيالماي يۇرگىنىدە

دادىسى چاقىردى. قاراپ بالا چوچۇپ كەتتى، چۈنكى دادىسى-نىڭ ئىككى كوزى يۈزلىرىنى قاپلىغان قارا لاي ئاستىدىن خۇددى قاپ-قاراڭغۇ تۈندە پىلىلدىغان چىراقتەك پاقىرايتتى. ناننى دۈمچەك مىنبىڭ ئېلىپ، بالىنى تېز كەت، دىدى. بالا كېتەل-مەي نېرىراقتىكى دوڭغاق قارىياغاچ تۈۋىدە بىر دەم قاراپ تۇردى.
ئۇ: ئۇنسۇرلارنىڭ ھەنىۋاسى قانچىكىنا؟ دىدى-دە، زەي-كەشتە قاتار تۇرغاچقا ئۇڭايلا ساناپ چىقتى. ئەللىك ئالتە ئۇنسۇر ئىدى. بولەكچە ئېيتقاندا بۇ، دۈپكەيدە مۇشۇ بىر دادۈينىڭ ئىشلەپچىقارغان جانلىق مەھسۇلاتلىرى ئىدى.
چۈشتە ئەزالارنىڭ ھەنىۋاسى خامانغا توپلاندى. ئۇ يەردە، خامانغا يېقىن ماخونىڭ پاكار تېمى تۈۋىدە، يوغان داش قازاندا، ئوتمۇشنى ئەسلەش ئېشى قايناۋاتاتتى. ئۇ ئاش گاڭ كىپەكتىن ئېتىلگەن بولۇپ، ئۈستىدە تېرىق، بۇغداي قاسىراقلىرى، قوناق پاتىغى، شالنىڭ كومەكلىرى ۋە باشقىلىرى-مۇ لەيلەپ تۇراتتى "بۇ ئاشنى كىمكى ئىچمەيدىكەن، ئوتمۇش-نى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمدۇر. ئۇنداق ئادەم ئىنقىلاۋىي ئاما ئالدىدا ئۆزىنى تەشكۈرۈپ ئوتىدۇ"—دەيتتى دوقا دۈيجاڭ. ئۇ ئاشقا چامغۇر سىلىۋەتكىنى ئۇچۇن ئاشپەز ئايالغا قايناپلا كەتتى:
— ئوتمۇشنى ئەسلەش ئېشىغا چامغۇر توغرىغان بارمۇ؟ تۈزمۇ سېلىنمايدۇ ئەمەسمۇ؟
— ئوتمۇشتە بۇ يۇرتتا چامغۇر، تۇز دىگەن نەرسلەر يوق-

مىدى؟ ئىشلىتىلمەمتى؟ — دېدى بىر كىشى، بۇ، 1970 - يىلقى
تارقاقلاشتۇرۇش ھەركىتىدە ئۈرۈمچىدىن شۇ يېزىغا كېلىپ
قالغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئەزالار زوقلىنىپ
كۈلۈشتى. دوقا دۈيجاڭ ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ، يېرىم كۆلۈپ
كاماك ئاغزىنى كامارەك ئاچقان بولسىمۇ ھېچنىمە دېيەلمەي،
سىدام بېشىنى قاشلىغىنى تۇردى. شۇ ئەسنادا مىلتىقلىق مىن-
بەگلار ئۇنسۇرلارنى ھەيدەپ كېلىشتى. ئەڭ كەينىدە ئاقساپ
مەيدىسىنى تۇتۇپ ئىنجىقلاپ نەمەت كېلەتتى، دۈمچەك مىنبەگ
ئۇنى ئىلدام مېڭىشقا ھە دەپ دوۋۇسلايتتى.

قازاندا ئاش، كۆرەشتە قاش قايناشقا باشلىدى. نەمەت
بىلەن ئايۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ زەيكەش چاپقىچە نىمە دەپ
تىل بىرىكتۈرگەنلىكى سوراق - سوۋۇل قىلىندى. ئايۇپ
نەمەتتىن بىر تال تاماكا چەككىنىدىن بولەك ئەھۋال ئوتۇلمىگە-
نىگە نەچچە گۇۋا نەق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا
بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىغى، شۇڭا ئەمگەك نورمىسى ئورۇنلانمىغان-
لىغى، ئۈچ كەتمەن، ئىككى تىشاگىنىڭ سېپى سۇنۇپ كەتكەن-
لىگى، زەيكەش بويىغا باغلاپ قويۇلغان ئېشەكنىڭ تەخىيى
مۇشۇلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئويناقلاپ پاتقاقتا چۈشۈپ
كەتكەنلىگىمۇ بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايىتى بولۇپ، ئۇسكەن
نوخۇلىسى ئېلىنىپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرى قان قىلىندى. بۇ چاغدا
نەمەتنىڭ ئوغلى چىدالماي:

— مېنىڭ دادامنى ئۇرماڭلار، دادامنى ئۇرغىچە مېنى

ئۇرۇڭلار، — دەپ يىغلاپ ۋاقىرىشىدى، لەنجاڭ قارى دىكتاتورا گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئوسمانغا توۋلىدى. ئوسمان بالىنى قولىقىدىن سوزۇپ سورىگىنىچە كوۋرۇكنىڭ نېرىسىغا، ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. بالا ئېسەدەپ يىغلاپ يەنە كەلمەكچى بولغىنىدا ئاۋۇ قاشتىن مۇشتەك سېغىزنى ئېلىپ ئېتىشىدى، ئۇنىڭ يوتىسىغا تەگدى، بالا يوتىسىنى قاماپ تۇتقىنىچە قاشتا تولغىنىپ تۇرۇپ، ئوسماننى:

— ھۇ توخا ئوغرىسى بەڭگى، دادام ساڭا ئوخشاش نەشە چەكمەيدۇ، خەقنىڭ توخۇسىنى ئوغرىلىمايدۇ... خەپ توختاپتۇر، مەن چوڭ بولغاندا... دادامنى ئۇرغان سەن گاچىنى... — دەيتتى.

— ئا... ئا... ئاناڭنى شۇم... — ئوسمان كىكەچلەپ كالىنىڭگىدەدەك ئاق بەزلىرى يوغان كوزلىرىنى ئالايتىپ، بالىغا ئىنتىلگەن ئىدى. ئەزالار تەڭ ۋاقىراشتى. ئاڭغىچە دوقا دۈيجاڭمۇ توۋلاپ توختاتتى. بۇ چاغدا بالىنىڭ ئاپىسى ئورنىدىن قوزغىلىۋاتاتتى، دۈيجاڭ:

— ئېپكىتىڭ ئۇنى! — دىدى. ئانا ئاقساقلىغان ئوغلىنى يېتىلەپ كەتتى.

شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىنكى تۇمانلىق بىر ئەتىگەن ئىدى. ئالدىراپ كەلگەن چارساقال كىشى دۇدۇقلاپ سوزلەپ نەمەتنىڭ كېچىسى ياتقان يېرىدە ئۇلۇپ قالغانلىغىنى ئېيتتى. ئاڭلاپلا ئەپتى بۇزۇلغان دۈيجاڭ:

— ئۇلسە قانداق قىلاي؟...ئۈنسۈر ئۇلسە ئۇلسۇن!...ئۇلاق ئۇلمىسۇن!...دىگەن گەپ بارغۇ؟...تىرىگى ئۇنىنى، ئۇلۇگى مىڭنى كويدۇرىدىغان ئۈنسۈرلار، — دىدى.

ئۈنسۈر ئۇلسە نامىزى چۈشۈرۈلمەيدىغان، كومۇشكە ئۇز ئەۋ-لادىدىن بولەك ھىچبىر كىشى قاتناشمايدىغان، ئىشلەپچىقىرىشقا دەخلى يەتكۈزمەيدىغان، دۈيدىن ھىچقانداق راسخوت بىرىلمەي-دىغان تۈزۈم بويىچە نەمەتنىڭ جەسىدى ئىغىر خاراپزارلىقىنى بىشىدىن كەچۈرگەن ئائىلىسىدىكى ئەلەم-قايغۇلار بىلەن كىپەن-لىنىپ، نادامەت تاۋۇتىغا سىلىندى.

ئۈچىنچى كۈنى ئائىلىسى بىر توخۇ سويۇپ نەزىرسىنى ئۆتكۈزدى. شۇ كەچتە كەلگەن مىنبىك پەيجاڭ سەمەت بوسۇ-غىدا تىك توختاپ ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراشلىقىنى، ئەتىدىن باشلاپ ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ئىشقا چىقىشىنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەتتى.

"ئۈنسۈر ئىرىگە يىغلىدى"، "مۇڭلىنىپ تۈزۈك ئىشلىمەي ئىشلەپچىقىرىشقا يامان تەسىر يەتكۈزدى..." دىگەندەك تەنە تاشلىرى كوپ تىگىپ، كۈرەشكىمۇ ئىلىنىپ ھىچ ئارام بولمىغاچ، نەمەتنىڭ خوتۇنى ئوغلىنى ئىلىپ ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى كوك بۇلاققا كوچۈپ كەتتى.

ئۇ يەردىمۇ قازانىنىڭ قۇلىغى توت ئىدى. ئۈنسۈرنىڭ ئائىلىسى دەپ ئاشۇ يەردىن كەلگەن خەۋەر بويىچە مۇئامىلە قىلىشتى. ئوغۇلنى تاشقىن ۋاقتىدا قارا يارغا ھەيدەشتى. ئۇ يەردە

ئىلگىرىكى دادۇيدىن توختى مىراپ تونۇپ قېلىپ، ئۇنسۇرلار
قاتارىدا سۇغا كىرىشكە زورلىدى. بالا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ
تارتىنسا، تىللاپ تاياق بىلەن نەچچىنى سالدى. سەكرىسە سۇ
بوي بەرمەي بىر قاينام تارتىپ كەتتى. كىشىلەر ۋاقىرىشىپ
يۈگۈرەشتى، ھاشىم ئۇدەك دېگەن ئىگىز ئادەم سۇزۇپ چىقتى.
بالا ئامان ئىدى. ئايىغى يېنىك بولغاچ ئۇ ھەممىنىڭ يۈگۈر-
يتىمىگە ياراپ، ھەركىم تاماقلارنى بېرىپ ئوبدان ئىشلەپ
يۈرەتتى.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا باشقۇرغۇچىلاردىن بىرسى
بالىغا:

— سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت! — دېدى. بالا ئۆز قۇلىغىغا
ئىشەنمىگەندەك، بىر ئۇ، بىر بۇسى بىلەن تىڭشايتتى. يەۋاتقان
نېنى گېلىدىن ئۆتمەيلا قويدى.

— ئۆيۈڭگە تېزرەك بارغىن، — دېدى ئۇ كىشى يەنە.

بالا تېز باراتتى. تېز بولغاندا ئۇچقاندەك، شامالدەك كېتى-
ۋاتاتتى. ھېلى قوغلاپ كېلىپ، قايتۇرۇۋالارمىكىن، دەپ،
پات-پات ئارقىسىغا قاراپ، بەزىدە يۈگۈرۈپمۇ باراتتى. كېتىۋې-
تىپ ئۆيىنى، ئاپىسىنى ئويلايتتى. ئويلىغانسېرى، ئاپىسىنىڭ
كۈلۈمسىرەپ باشلىرىنى سىلايدىغان ناۋاتتەك چىرايى كۆزىگە
كۆرۈنگەنسېرى خوش بولۇپ ئۇچقۇسى كېلەتتى. دىمىسىمۇ
ئۇچقاندەك باراتتى. ئۇ يالاڭئاياق ئىدى. ئاپىسىنى بەك سېغىنى-
غان ئىدى. شۇڭا پۇتىغا تاش تەككەن، پاتقىنىمۇ سەزمەيتتى.

بىر چاغدا كەڭرەك بىر ئېرىقتا دۈچكېلىپ قالدى. ئۇ، ئۈسۈشىدىغان قوشقاردەك ئارقىسىغا يېنىپ، ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ، تازا كىيىكتەك ئىرغىپ بىر ئاتلىۋىدى، پۇتىغا مىختەك بىر نەرسە قادالدى. قارىسا قاغا جىگدىسىنىڭ بىگىزدەك شوخىسى ئىكەن. ئۇ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ شوخىنى سۇغۇرۇۋالدى. بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلىدى. شۇندىمۇ ئاقساقلاپ يەنە يولىغا ماڭدى. ئۇنىڭ پۇتىدىن تامغان قان يولنىڭ يۇمشاق توپىلىرىغا خۇددى خەت چېكىتلىرىدەك توچكا-توچكىلارنى قاتار قالدۇرۇپ باراتتى. شۇنداقتىمۇ بالىنىڭ كۆڭلى خوش ئىدى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن ئاپىسىنى كۆرەتتى، بوينىغا گىرە سېلىپ سۆيەتتى. توختى مىراپ قارا ئوغرىنىڭ ئۇرغانلىرىنى، ھاشىم ئاكىنىڭ بوينىغا مىندۈرۈپ سۇدىن ئېپچىققانلىرىنى، ئىلگىرىكى دۈيدىن چىققان تونۇشلارنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىدىن ئايرىمىغىنىنى، ئاپىسىنى، ئەھۋاللىرىنى سورىغانلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرەتتى...

بالا تەرلەپ-تەپچىرەپ، ھەسىرەپ-ھومۇدەپ كۈن پاتارغا يېقىن يېتىپ كەلدى. ئەمما بالام... دەپ ئالدىغا چىقىدىغان ئاپىسى يوق ئىدى. ئۇ ۋاي يۈرىكىم... دەپ، ئەمگەك ئۈستىدە ئۈشتۈمتۇتلا يىقىلىپ، ئۆيىگىمۇ ئۈلگۈرەلمەي يولدا جان ئۈزگەن. تۈنۈگۈندىن بالىسى ئۈلگۈرۈپ كەلمىگەچ، ئىسسىقتا ساقلاشقا بولماي ئاللىقاچان كۆمۈۋەتكەن ئىدى.

بالا يىغلىدى، قاخشىدى، ئاپىسىنىڭ قەۋرىسىگە باردى. ئۇ

پاقىراپ تۇرغان سېرىق توپا ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، باغرىنى يېقىپ، قەۋرىنى چىڭ قۇچاقلاپ زار-زار يىغلايتتى: ...ئاپا... ئاپا...جېنىم ئاپا! نەدىسەن؟ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟... مەن كەلدىم. سەن نە كەتتىڭ ئاپا؟...مېنى نىمىشقا تاشلاپ كەتتىڭ ئاپا؟...مەن ئەمدى كىمنى ئاپا دەيمەن؟ ئاپا دىگەنىنىڭ ئاغزىغا قارايمۇ، دادا دىگەنىنىڭ ئاغزىغا قارايمۇ؟... مېنى مۇشۇنداق كۈنگە ئاتاپ تۇغقانمىدىڭ؟ مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟...جېنىم ئاپا... ئەمدى مېنى قېشىڭغا ئالساڭچۇ؟...دەپ زارلايتتى. ئاپىسى بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا «يېرىلىڭ تېشىم» دەيدىغان ھىكايىنى ئېيتىپ بېرىدىغان ئىدى. مانا ئەمدى شۇ ھىكايە يادىغا يېتىپ: يېرىلىڭ قەۋرەم، مەن ئاپامنى كورۈۋالاي دىدارىغا قېنىۋالاي؛ مەن...مەن ئاپامنىڭ قېشىغا كىرىۋالاي...— دەپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ، نالە-پەريات قىلاتتى. ئەمما مۆكلۈك قەۋرىدىن ھىچبىر سادا چىقمايتتى. ئاپىسى بولسا، يۇمشاق سېرىق توپىنى توشەك قىلىپ تېپ-تېچ ياتاتتى. ئۇ، ئاپىسىنىڭ جاھان خاپىسىدىن قۇتۇلۇپ ئارام تاپقىنىنى ئويلىغىنىدا روھىغا دۇئا قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما ئۆزىنىڭ بەختسىزلىگىنى ھەر بىر ئويلىغىنىدا ھازىرلا ئۆلگۈسى كېلەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا نان يېقىپ بېرىدىغان، تامىغىڭ سوۋۇپ قالدى، قېنى سەن دەيدىغان، ئاخشاملىرى ئورنىدا ياتقۇزۇپ باش-كوزلىرىنى سىلايدىغان ئاپىسى ئالەمدە يوق ئىدى. ئۇ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندىلا قەۋرىستانلىقتىن قايتتى. قايتىپ كەلگىچە پات-پاتلا ئارقىسىغا

قاراپ كېلەتتى. ھېلىلا ئاپىسى ئارقىسىدىن كېلىدىغاندەك، ئىچىنى، يۈرەك-باغرىنى قانداقتۇ بىرنىمە چىشلەپ يەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەتىسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەۋرىستانغا باردى، ھەتتا قەۋرىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغان، ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرگەن، ئاق كۆينەكلىك ئاپىسى باش-كۆزلىرىنى سىلىغان، تاتلىق تاماقلارنى، ئوچاقتا كۆمگەن تۇخۇملارنى بەرگەن چۈش-لەرنىمۇ كۆردى. ئەمما كۆزىنى ئاچسا ھېچنىمە يوق، يەنە يىغلاپ قايتاتتى. ئۇ، ئۇنىڭ، بۇنىڭ بەرگەنلىرى بىلەن جان بېقىپ، ئۇدۇل كەلگەننىڭكىدە يېتىپ-قوپۇپ يۈردى. بىر قېتىم كۈن بويى ئاچ قالدى. شۇندا قاچاندۇر ئاپىسى بىلەن بازارغا كىرگىنىدە بىر ئاشخانىدا، ئىگە-چاقىسىز باللارنىڭ قوساق بېقىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن ئىدى. شۇ يادىغا يەتتى-دە، بازارغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزىگە مانتۇلار، سامسىلار، لەغمەن، يۇتازىلار، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان تاتلىق تاماقلار كۆرۈنۈپ، بارغانسېرى ئالدىغا تارتىپ باراتتى. ئۇ، كۈن پاتاي دېگەندە بازارغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ ھالىدىن كېتىپ يىقىلاي دەپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ غەيرەت قىلىپ ئاشۇ چاغدا كۆرگەن چوڭ كۆۋرۈك تۈۋىدىكى ئاشخانىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. شۇنچە تەلمۈرسىمۇ بازاردا يەيدىغان نەرسىلەر ھېچبىر كۆرۈن-مەيتتى. ھەممىياق ھۇقۇش چىللىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئەمما دۇقمۇش-دۇقمۇشلاردىكى رادىيو كانايلىرى بولسا: بازارلار ئاۋات، تۇرمۇش پاراۋان، نەرقى-ناۋا مۇقىم... دەپ، جىنىنىڭ

بېرىچە تووۋلايتتى. ئاچ قوساقىقا بۇ قاتتىق ئاۋازلار خۇددى قۇلاقنىڭ تۇۋىگە مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇ ئاشۇ چوڭ كوۋرۈكنى تاپتى-دە، ئۇنىڭ تۇۋىدىكى كوك ئىشىگى كۇنگەيگە قاراپ تۇرغان ئاشخانىغا جانلىرى سويۇنگەن ھالدا ئىلدام كىرىپ باردى. ئۇ يەردە تاماققا ئۇچرەت تۇرغانلار: ماڭا... ماڭا... دەپ بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ۋاقىرشىپ قۇلاقنى يەيتتى. ئۇدۇل تەرەپتە بىرمۇنچە كىشىلەر ئورە-تۆپە بولۇپ كاللا-پاقالچاقلارنى تالىشىپ ئالماقتا، ھە دەپ غاجىماقتا ئىدى. نېرىراق بۇلۇڭ تەرەپتە بولسا، بىرقانچە كىشى مانتۇ، موما بىلەن سەي يەۋاتاتتى. بالا شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سەھرالىق بىر ئادەمنى كوردى-دە، ئاستا باردى، بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپ، قوڭۇر ساقال كىشىگە:

— تاغا...تاغا... سەھرادىن ھازىرلا كىردىم، يىتىم مەن،— دېدى. ئۇ ئادەم مۇنداق بىر قارىدى-دە، بىر دانە تۇت بۇجەك سېرىق قوناق مومىسىنى بەردى. بۇ، ھەر بىر تەخسىگە بىردىن قوشۇپ سېتىلىدىغان قوناق مومىسى ئىدى. بالا ئۇنى ئىككىلا يالماپ يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ يۇتۇشلىرىنى، كوزىدىن ياش چىقىپ كەتكىنىنى كورۇپ ئىچى ئاغرىغان ئۇ ئادەم ئەمدى ئاخىرقى بىر بولاق مانتۇنىمۇ بەردى. بۇ چاغدا ئاق سېرىق ئاۋاق بىر بالا يۇگۇرۇپ كېلىپ:

— بۇ مېنىڭ جوزام، سەن نەدىن كەلدىڭ؟— دەپ گۇلەيدى. ھېلىقى ئادەم سېرىق بالىغا ياخشى گەپ قىلىپ

ئىككىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويىدى. سېرىق بالا دەرھاللا كەڭچىلىك قىلىپ:

— ئاۋۇ، ئاۋۇ، توت جوزا مېنىڭكى، ئىككىسىنى سەن ئىگىلە. يەنە ئاۋۇ كاللا-پاقالچاق يەيدىغان يەردىمۇ ئىككى جوزا مېنىڭ، ساڭا بىرسىنى بىرىمەن، — دېدى. بۇ بالىلار ئاشقان تاماقلارنى يىغىۋالىدىغان جوزىلارنى "سېنىڭ-مېنىڭ" قىلىپ، بۆلۈشۈۋالغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ سەھرالىق يېتىممۇ ئاشۇ ئالامانلار توپىنىڭ يېڭى بىر ئەزاسى بولۇپ قوشۇلدى.

ئۇلار ئاشخانىدىن قوغلانغانلىرىدا كوچا-كوچىلارغا قېچىپ يامراپ كېتەتتى-دە، قولىغا ئىلىنغاننى ئوغرىلاپ، ئېلىشىغا سېتىپ قوساق باقاتتى. بۇلارغا جاھاندا قوساقتىن ئەلا ھېچ-نىمە يوق ئىدى.

بىر كۈنى كاللا-پاقالچاقلارنىڭ غاجىلاپ تاشلانغان ئۇستىخانلىرىنى تالىشىپ يىغىۋاتقانلىرىدا ئاشخانىنىڭ موكا يۈز، ۋات-ۋات گۈزەتچىسى تومۇر گۈرجەكنى سورەپ مارىلاپ چىقىۋاتقىنىنى كورۇپ، باللارغا ئىچى ئاغرىغان بىرسى "قاچ" دەپ خەۋەر بېرىپ قويىدى. باللار قۇيۇندەك قاچتى. ئاڭغىچە ئاۋۇ گۈرجەكنى بارلىق كۈچى بىلەن ئاتقان ئىدى، داراڭلاپ كېلىپ بىر قېرى ئايالنىڭ پۇتىغا تەگدى. قىيا-چىيا باشلاندى، باللار بەدەر قاچتى.

ھىلقى سەھرالىق بالا قېچىپ بىر چەتتىكى كوچىغا كېلىۋىدى،

نېرىدا تۇرغان بىر ماشىنا كورۇندى. كەلسە ئادىمى يوق، ئۇ ماشىنىنىڭ چېلىگىنى ئېلىپ مېڭىشىغا يان ياقتىن يوغان، خام سېمىز شوپۇر چىقىپ قالدى. قېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاڭغىچە بۇ شوپۇرنى تونۇپ قالدى-دە، گەپ راسلاپ، پەرۋا-سىز هالدا ئالدىغا مېڭىۋەردى. شوپۇر: بۇ چېلەك ئوغرىسى شۇمنى بىر قۇرقۇتۇپ قويااي، بۇلتۇردىن بەش چېلىگىم يوقالدى... دەپ ئاچچىغى بىلەن كېلىۋاتاتتى. بالا كۇلۇپ:

— سۇلتان ئاكا، قانداق ئەهۋاللىرى، — دىدى.

— چېلەكنى نەگە ئاپارماقچىدىڭ؟

— سىلى كەلگىچە سۇ ئېپلىپ تۇراي دىۋىدىم، بايا سىلىنى كورگەن ئىدىم.

شوپۇر: بۇ بىر يەرگە بارىدىغان، ماشىناڭغا سېلىۋال دەيدى-غان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئىشىنىپلا قالدى.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

- تونۇمايۋاتامىلا سۇلتان ئاكا؟ مەن هىلىقى سىلىگە تاماكا تەييارلاپ بېرىدىغان نەمەتنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟

— هوي... مانى قارا، سەن قارىۋاي مۇشۇنچىلىك چوڭ بولدۇڭمۇ؟ مەن نەچچە ۋاقتتىن بۇ يولغا ماڭمىغان، شۇ ئارىدا شۇنچىلا چوڭ بولۇپسىنا؟ قانداق، داداڭ، ئاپاڭلار تېچ-لىقمۇ؟ تال-باراڭ، ئۇزۇملىرىڭلار — بالا بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىچارىلىق بىلەن ئۈن-تىنسىز تۇراتتى.

— هوي، ئەپتىڭ نىمانچە؟ — شوپۇر يېقىندىدى ۋە

ئالقىنىنى بالىنىڭ بېشىغا قويۇپ تەكرار سورىدى. بالا يىغلامسىراپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۇقىنىدىن كېيىن شوپۇر قاتتىق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

ــ جۇگۇ، ئالدى بىلەن سۇ ئېپكەلگىن، قالغىنىنى ئاندىن سۆزلىشىمىز، ــ دېدى. ئۇ كەلگەندە شوپۇر ماشىنىنىڭ تېگىدە ئوڭدا يېتىپ بىرنىمىسىنى تۈزەۋاتاتتى. ئۇ توش يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ:

ــ مە، ئىككى موچەنلىك تاماكا ئېپكەل، ئۈچ موچىنىنى ئۆزەڭ خەجلە، ــ دېدى. بالا ئۇچقاندەك كەتتى. ئۇ، تاماكا، سەرەڭگە، قەغەز ئېپكەلگەندە شوپۇر ماشىنىغا سۇ قۇيۇۋاتاتتى.

ــ مەن قەغەز، سەرەڭگە دېمىگەنىغۇ؟

ــ ئۇ بولمىسا قانداق چەككىنى بولىدۇ؟

شوپۇرنىڭ چىن زوقى كەلدى:

ــ قەغەز يوقلۇغىنى قانداقمۇ بىلگەنسەن؟ مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئېپكەل، سەنمۇ چېكەمسەن؟

ــ ياق.

ــ ياخشى قىپسەن. ياخشى بالا تاماكا چەكمەيدۇ. بىزمۇ بالا كۈنىمىزدە چوڭلار شۇنداق دېسە ئاڭلىماي، كاۋا يوپۇرمىغىنى چېكىپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان. ئەمدى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا، چىقىۋالغىنى ئاچا يوق.

شوپۇر كەپىنكە پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ تاماكا ئوردىغاچ دەيتتى:

— ھە... بالا، ئەھۋال شۇنداق دىگىن؟

— شۇنداق سۇلتان ئاكا.

— ئەمدى يىتىملىكتە قانداق كۈنىڭنى ئىلىۋاتىسەن؟

بالا كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھىچبىرسىنى يوشۇرماي ئىيتىپ بەردى. تاشلانىدۇق تاماقلارنى تالىشىپ مۇشتلىشىشلارنى، ئاشخانىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ قوغلاپ تىللايدىغان، تۇتۇۋالسا ئۇرىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى، ئۇزلىرىنىڭ شۇنىڭغا مۇۋاپىق چاققان-چىۋەرلىكلىرىنى ئىيتىپ كېلىپ:

— كۈن مۇشۇ سۇلتان ئاكا، ئىيتىڭا، مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ، — دىگەنلىرىدە ئۇنىڭ يۇرىگىدىن غەزەپ-نەپرەت، ھەسرەت قايناپ چىقىۋاتقان ئىدى. — مەن...مەن...يەنە بىر ئىشنى ئۇگىنىۋاتىمەن.

— قانداق ئىشنى؟

— ئوغرىلىقنى.

— ھە؟...نىمە ئوغرىلىقنى؟

— ھەئە، سىلىگە، ئاكا، راستىمنى دەۋاتىمەن. مەن، مەن ئوغرىلىقنى ئۇگىنىۋاتىمەن.

شوپۇر نىمە دىيىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قاراپلا قالدى. بالا ئاستا سوزلەيتتى:

— ئولەي دىسە جان تاتلىق، يىمەي دىسە نان تاتلىق ئىكەن، جان باقماق ئەلا ئىكەن ئاكا...

بالىنىڭ چوڭ كىشىنىڭكىدەك سوزلىرى شوپۇرنى ھەيران

قالدۇرماقتا ئىدى. ئۇ بالىغا تېخىمۇ چوڭقۇر نەزەر بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى. بالا دېدى:

— راستىمنى دېسەم، ئاكا، بايا سىلىنىڭ چىلەكنىمۇ ئوغرىلاپ ماڭغان ئىدىم.

— بايا بولەك گەپ قىلدىڭغۇ ئەمىسە؟

— سىلىنى كېلىپلا ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ يالغان ئېيتقان ئىدىم.

— نېمىشقا ئېلىپ قاچمىدىڭ؟

— سىلىنى تونۇپ پەيلىمدىن يانغانتىم.

شوپۇر ئەمدى بۇ بالىغا بولەكچىلا زوقمەنلىك كوزىنى ئۇزمەي قاراپلا قالدى. نېملەرنىدۇر بىر دەم ئويلىدى. يەنە بىر تال تاماكا يوگىدى. تۇتاشتۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— بىلمەيمەن، — بېشىنى چايقايتتى، — يەنە ئاشۇ كۇنلەرنى...

ئۇ، ئەمدى گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ كوزىدە توكۇلۇشكە تەييار تۇرغان ياشلارنى كورۇپ شوپۇر قاتتىق ئۇھ تارتتى-دە، بىر دەم شۇك تۇرۇپ قالدى. ئاندىن چورتلا دېدى:

— ماڭا بالا بولامسەن؟

— راستمۇ، جېنىم ئاكا! — ئۇ قۇللىرىنى قوشلاپ تەلپۇنەتتى.

— راست، ماڭا بالا بولساڭ، قېچىپ كەتمەيدىغانلا بولساڭ، سېنى ئوقۇتىمەن، هۇنەر ئۇگىتىمەن.

— جېنىم سۇلتان ئاكا، سىلە نېمە دېسىلە شۇ، سىلە دادام-

نمۇ، ئانامنمۇ كورگەن ئەمەسمۇ؟...

ئۇ ئەمدى ھوگرەپ سۇلتاننىڭ باغرىغا ئۇزنى ئاتتى. شوپۇر قوپال قوللىرى بىلەن بالىنىڭ باشلىرىنى، توگرا قاپلاپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلىماقتا ئىدى. بالا بۇقۇلداپ ھەر بىر خىتلىدىغاندا، ئۇنىڭ يۇرەك تولغان دەرت ـ ئەلەملىرى سۇلتاننىڭ تىنىگە توك بولۇپ ئوتۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شوپۇر كوزىنى ياغ يۇققان يىڭى بىلەن سۇرتۇۋىتىپ:

ــ چىقە ماشىنىغا، ــ دىدى. ماشىنا شۇ ئان ئوت ئىلىپ يۇرۇپ كەتتى. بىر ھازا يۇرگىچە شوپۇر ھىچبىر گەپ قىلمىدى. بىر بەلدىن ئىشۋاتقاندا ئاستا ئورلەۋىتىپ سورىدى:

ــ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ــ ئون ئىككىگە.

شوپۇرنىڭ يول بويى سورىغىنى پەقەت شۇ بولدى. كەچقۇ رۇن ئىدى. ئويگە كەلگەندە شوپۇرنىڭ غۇنچە بوي چىرايلىق خوتۇنى قاپ ـ قارا، سەت، كىيىملىرى كىر ئۇ بالىغا مۇنداقلا قارىدى. بالا بۇيرۇتماي ھەرقانداق ئىشنى ئوزى تىپىپ قىلىدىغان، ئايىغى يىنىك، ئەپچىل بالا ئىدى . چايدىن كىيىن ئۇ، ھويلا ـ ئارامنى تازىلاپ، كومۇر ئوتۇنلارنى رەتلەپ، تۇتۇرۇق يىرىپ، ئەخلەت ـ كۇللەرنى ئىلىپ، توڭغا سۇلارنى تولدۇرۇپ ھەممىنى تەق قىلىۋەتتى.

گوگۇم چۇشۇۋاتاتتى. ھويلىغا ئىگىز بويلۇق قاۋۇل بىر ئايال بۇدرۇق بىر قىزنى يىتىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئىشىكتىن كىرىپلا:

—ۋايۋۇي، بۈگۈن ھويلا-ئارام كۈلۈپلا كېتىپتىغۇ، سۇلتان بالام كەپتۇ-دە؟ — شوپۇر ئالدىغا چىقىپ ئاپىسى بىلەن تېچلىق سوراشتى. كېيىن بالىنى تونۇشتۇردى. ئاپىسى دەيتتى:

ۋاي، ۋاي، قانداق قىلسۇن! ئاتا-ئانىسى ئۇنداق بولغان بولسا، يېتىملىكتە بېچارە بالا تازا قىينالغان-دە! — ئاندىن بالىغا قاراپ دېدى: — شۇنداق دەپ چوڭ بولۇۋېلىپ قېچىپ كېتەمسەن يا؟ ئادەم بالىسى باقساڭ ئېغىز-بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، ھايۋان بالىسى باقساڭ ئېغىز-بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر دېگەندەك...

— يوقسۇ ئاپا، ئادەم بالىسى ھايۋان بالىسىچىلىك بولالمىسا، ئۇنى باقمىسىمۇ بولا، — دېدى بالا.

— بوپتۇ، بوپتۇ، خېلى گەپ-سوزى جايىدا، تۇرقى ئۈزۈك تۇردۇ. تېرىق قۇلىغىدىن، ئادەم كىچىگىدىن دېگەن گەپ بار، يامان ئەمەس بالىدەك كۆرۈنىدۇ، ئالىدەمگە ھەمرا بولۇپ، چوڭ بولۇپ قالار، — دېدى ئاپىسى.

ئالىدەم ھېلىقى بۇدرۇق شۇ بولۇپ، شوپۇرنىڭ بىر تاللا قىزى ئىكەن. چىرايلىق ياسالغان ئۇ قىز بۇ قاپ-قارا، سەت بالىدىن ئۈركۈۋاتقاندەك قارايتتى. ئاخشام بولغاندا ئۇ ئىككىسى چۈلدۈرلىشىپ ئۆيىنى بىر ئالدى. بۇ چاغدا بالىمۇ بازاردىن شوپۇر دادىسى بىلەن ئامىنەم ئاپىسى ئېپكەلگەن كىيىملەرنى كىيىپ، بويۇن باشلىرىنى يۇيۇپ، ئادەم سىياقىغا كىرگەن ئىدى. قىز قەلەم-دەپتەر، كىتاپلىرىنى كۆرسىتىپ، سۈرەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ھارمايتتى. ئاۋۇ ئەيمىنىپرەك ئولتۇراتتى.

مانا، بۇ ئىككىسى ئاپاق-چاپاق بولۇپلا كەتتى، — دەيتتى شوپۇرنىڭ ئاپىسى.

ئاپىسىنىڭ ئېتى ئايىمخان بولۇپ، بەكمۇ ئوڭلۇق بىر كىشى ئىدى. ئۇ، بالىغا ھەممىدىن بەك ئىچىكىپ، مېھرى چۇشۇپ، بالام دېسە بالام دەپ باش-كوزىنى سىلاپ ئالدەمگە نىمە بەرسە شۇنىڭدىن ئايرىمايدىغان، قاناتلىققا قاققۇزماي، تومشۇقلۇققا چوقۇتماي ھىمايە قىلىدىغان بىردىن-بىر غەمخورچىسى بولۇپ قالدى. روھى ئۇسكەن بالا تېخىمۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئوي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك ئوز ئۇستىگە ئالدى. تاماق ئەتكەن، نان ياققان، كىر يۇغان چاغلاردىمۇ ئامىنەمىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ئاخشاملىرى ئاپىلىرىنىڭ، دادىسىنىڭ ئۇچىسىنى، پۇتلىرىنى تۇتۇپ، ياتقىچە، تۇرغىچە كىيىملىرىنى تەق قىلىپ، چوڭلارنى ھورمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش بىلەنلا كورگەنلىكى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۇرمەكتە ئىدى.

شوپۇر ئوغلىنى مەكتەپكە بىرەي دىۋىدى، نوپۇسى يوقكەن دەپ ئالمىدى، يىللاپ ماڭسىمۇ ساقچىنىڭ ھەممىسىلا "نوپۇس توڭلىتىلدى" دەيتتى. بۇ توك تومۇزدىمۇ ئېرىمەيدىغان مۇز داۋانىنىڭ مۇزىدەك ھىچبىر ئېرىپ دىمەيتتى. بىر كېچىدىكى بىلىگىگە ئاق باغلاپ ئومۇمى يۇزلۇك نوپۇس تەكشۇرۇشتە بالىنى ساندۇققا سولاپ توپىسىدە ئادەم ياتمىغان بولسا، يىغىۋىلىشقا ئېلىپ كەتكىنى تاس قالغان ئىدى.

شوپۇر بالىنى بىرەر ئىشقا، ھۇنەرگە، ھەتتا مەدىكارچىلىققا بەرمەك بولسىمۇ يەنە شۇ نوپۇس داۋىنىدىن ئەسلا ئۆتەلمەيتتى. ئەمما ئارقا ئىشىكنىڭ ئېپىنى بىلىدىغانلارنىڭ نەچچىلەپ نوپۇس-پوپۇسلىرى ئوڭايلا پۈتۈۋېرەتتى. مۇنداق چاغلاردا، بالا روھسىزلانغانلىرىدا: كوڭلىڭنى يېرىم قىلما بالام، خۇدانىڭ بىرەر ياخشى كۈنىمۇ باردۇ، دەيتتى ئۇلار. ئەمما، بالىنىڭ يامانلارغا ئارىلىشىپ، ناچار يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسى-رەيتتى، كوز-قۇلاق بولۇپ نەسھەتلەر قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىمكان ۋە ئىلاج بولمىغاندىن كېيىن شوپۇر بالىغا ۋېيدە رېمونتچىلىقنى ئۆگەتتى. كېيىنچە بۇ بالا ماشىنا نەرسى-لىرىنىلا ئەمەس، رادىيو، توك دەزمال، سائەت، قۇلۇپ قاتار-لىقلارنى ياساشنىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئەل ئارىسىدا ئەتىۋارلىق ئوبدانلا بىر ئۇستا بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە بۇلارغا “يەر ئاستى زاۋۇت ئاچقان ئائىلە” قالپىقى راسلىنىپ، مەجلىسلەر، تەھدىتلەر قىزىپ كېتىۋاتاتتى، ئاڭغىچە ئادەملەر بەختىنىڭ ياۋۇز دۈشمەنلىرى “تۆت كىشىلىك گورۇھ” بەربات قىلىنىپ، يېڭى ھايات باھارىنىڭ سىگنالى ياڭراشقا باشلىدى. ئائىلىدىن ئالەمگىچە خوشاللىق ساداسى كوتىرىلمەكتە، كوڭۈللەر كۈلمەكتە ئىدى.

شوپۇر باش ساقچىغا باردى. ئۇ:

— جىڭ باشلىقنىڭ ئۆزى بىلەن كورۇشمەن، — دىدى. باشلىق خۇ ياۋمىن ئىسىملىك پاكىنەكرەك كىشى ئىدى. شوپۇر

تەسترەك بولسىمۇ ئاخىر كورۇشتى. ئۇ، خۇجۇيجاڭغا بالا هەق-قىدە باشتىن-ئاياق سوزلىدى. ئاخىردا:

— مېنىڭ جەمىيەتتىكى ئاشۇنداق بىر بالىنى يامان يولدىن قۇتقۇزۇۋالغىنىم توغرىمۇ ياكى ساقچىنىڭ نوپۇسقا ئالمىغىنى توغرىمۇ؟ — دېدى.

خۇجۇيجاڭ بىر دەم ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى. ئاندىن ئۇڭ تەرەپ دەرىزە تۈۋىدىكى ئېگىز بويلۇق، پاينەكۋاش، كوزەيە-نەكلىك كىشىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— جۇڭگونىڭ گىراژدانى بولغان هەر بىر ئادەم ئەگەر مۇشۇ ئاددى شوپۇردەك جەمىيەتتىكى يامان ئىشلارنى تۈزەشتە ئۆزلۈگە-دىن ئۈستىگە بىرەر مەسئۇلىيەت ئالىدىغان بولسا، ئۇ هالدا مەۋجۇت نۇرغۇن ئىللەتلەرنى تېز تۈزەتكىلى بولاتتى، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى كوزەينەكلىكمۇ.

شوپۇرنىڭ روهىغا روه، جېنىغا جان قوشۇلغاندەك بولدى. ئۇ كەلگەندە ئوي ئىچى بايرام باشلانغاندەك شاتلىققا چومدى. شوپۇرنىڭ ئوغلى كالونىنىڭ رېمونتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئامراق ئوغلىنىڭ نوپۇسى هەل بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنىدىن چەكسىز شاتلانغان ئايىم ئاپا قىن-قىنىغا پاتماي هەممىگە هېكايە قىلىپ يۈرەتتى. ئەمما ئۇ ئانىنىڭ بىر تويغا بېرىپ گۇرۇچ ئاشتىن كېيىن هەسەل يېيىش بىلەن ئۈشتۈمتۇت قاتتىق ئاغرىپ قېلىشى هەممىنى بىارام قىلىۋەتتى. ئاخىر، داۋامۇ كار قىلماي، بىر سەهەر ۋاقتىدا تۈگەپ كەتتى. بىر دەم شوپۇر

دادىسىغا، بىر دەم مېھرىۋان ئاپىسىنىڭ تاۋۇتىغا ئېسىلىپ يىغلىغان ئوغۇل پۈتكۈل جۇمە جامائەتىنىڭ باغرىنى ئېزىپ كوزلىرىنى ياشلىماقتا ئىدى.

ئايىم ئاپىنىڭ يىل نەزىرىسىنى چىرايلىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۇلتان ئۇستا "ئاپامنىڭ ۋەسىيىتى" دەپ، ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ كالىغا كاسىر بولغان قىزى ئالىدەم بىلەن ئوغۇلنى چىرايلىق توي قىلىپ چىتىپ قويىدى.

شۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل كېيىن شوپۇرنىڭ ئۆزى قان بېسىمى بولۇپ پېنسىيىگە چىقىپ، ئورنىغا ئوغلىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئالىدەم تۇنجىسىنى قىز تۇغۇپ ئىسمى ئايىمگۇل قويۇلغان ئىدى.

ئايىمگۇلنى سۇلتان چوڭ دادىسى بىلەن ئامىنەم ئاپىسى بويۇن باشلىرىدا كوتىرىپ چوڭ قىلماقتا. ئالىدەم ئېغىر بوي بولسىمۇ ئۆيدە زېرىكىدىكەنمەن دەپ ئىشلىمەكتە: دادىسى، ھەم ئۇستىسى، ھەم قېيناتىسى شوپۇر سۇلتاننىڭ قولىدىن رولىنى ئالغان ئوغلى ئۇنىڭ ھايات يولىنى داۋام ئەتتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

شوپۇرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئۇيغا چوكتۇم ۋە ياشمۇ توكتۇم. ئاخىردا:

— ئۇ كىم ئىدى؟— دىدىم. شوپۇر كۈلدى.

— ئۇ مەن ئىدىم.

81 - يىل 15 - نويابىر.

# كۈتكەن كۈن

يارىم بەرگەن بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
قىلچىلىك گۇنا بولسا،
قىلىچ مېنىڭ بوينۇمدا.
— خەلق قوشىغى.

## 1

— ھوببەللى...مانا، يىگىت دېگەن مۇشۇنداق بولسا...
قايرىلىپ قارىغان ھەۋەسىنەم تاغار ئارتىلغان ئېشەكنى يېتىلەپ قومۇش قوشام كەينىدىكى يان كوچىدىن چىقىپ كەلگەن سېلىم بوۋاينى كورۇپ سالام بەردى ۋە يولەپ ئېرىقتىن ئوتكۈزۇشتى.

— توگمەنگە ماڭدىڭىزمۇ؟

— ھەي، — دەپ بېشىنى چايقىدى بوۋاي، — توگمەن جاپاسىمۇ جانغا جازا بولۇۋاتىدىغۇ! ھە، ئوزىڭىز بۇ ئاپەت باسقان ئازگاللارنى كوزدىن بىر يۇتتۇرەي دەپسىز-دە.

— ھەئە، ئادەملەر ئۇتسىمۇ، سۇ ئېپكەلسىمۇ قىينالمىسۇن دەپ...

— تولىمۇ ئوبدان ئويلاپسىز، ساۋاپنى تاپاي دەپسىز ئۇكام. يول ياساش دىگەن بەكمۇ ساۋاپلىق ئىش. ئۇلۇغ ئىش.— بوۋاي بىر دەم توختاپ بۇ ئازگاللارنىڭ ئاۋارىچىلىغى ھەققىدە ئازراق سوزلىۋالدى؛ بىر بالىنىڭ پاتقاقتا ئولگىنىنى، دۈيىنىڭ بازاردىن ياغ ئېلىپ چىققان ھارۋىسى ئوتكەندە ئورۇلۇپ ئەزا-لارنىڭ بىرمۇنچە ياغ نورمىسىغا زىيان بولغىنىنى، ھارۋىنىڭ شۇتىسى، ئاتنىڭ پۇتى سۇنغىنىنى، ھارۋىكەش ھامۇتقا زىيان ئارتىلىپ بىر توپىغى تولەگگە كەتكەنلىگى قاتارلىقلارنى دىدى. ئېشىكنى ئېرىققا تارتىپ مىنمەكچى بولغىنىدا ھۇسەينەم يولەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى ۋە ئاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشتى. دىمىسىمۇ مەھەللىنىڭ ئارىسى، ئۇچ ئېرىقنىڭ ئايرىلىشىدىكى بۇ يەردە ئېچىق كومۇشلەرگە كولاۋېرىپ شۇنداق ئاجايىپ ئازگاللار پەيدا بولغان ئىدىكى، ئەقەللىسى گۈل يا ئوتياشقا سۇ ئېپكەل-گەنلەرمۇ ئاشۇ كولدەك خەندەكلەر تولۇپ تاشمىغىچە ئىنتىزار تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. مۇنداق چاغلاردا ئادەملەرنىڭ ئوتەل-شى بەك تەس، بەلكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ باللىق، ئېغىر بوي ئايالالار بىلەن قېرىلار قايناپ-قاخشاپ نېرىدىكى كوچىلاردىن چورگىلەشكە مەجبۇر بولاتتى. ھەتتا، قۇرۇق چاغ-لاردىمۇ يېقىلىپ، قاخشاپ-قاغاپ يۇرگەنلەرنىڭ ئاچچىق زارىنى قىش-ياز ئاڭلاشلار ئادەت ئىدى. شۇ يەرگە يېقىنلا

چىغ-چىرىمدانلىق بىر دوڭ بولۇپ، ئۇنى "ئىتلارنىڭ ھاجەتخانىسى" دېيىشەتتى. دىمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ يوقتىلسا، ئورنىنى ھۇسەيىنەمنىڭ ئويى ئالدىدىكى دەرەخلىككە ئۇلىشەتكىلى بولاتتى ۋە يولىمۇ خېلى خوپ كەڭرىيەتتى. بۇنداق بولغىنىدا ئەل-جامائەتنىڭ جىمىسى ئەلۋەتتە ئاپىرىن ئوقۇيتتى. بۇنىڭغا كوزى يەتكەن ھۇسەيىنەم ئەپچىل بىر غالتەك ياساپ شۇنىڭ بىلەن سەھەر، ئاخشاملىرى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى بىجانىدىل ئىشلەپ دوڭنىمۇ، ئازگاللارنىمۇ يۇتتۇرمەكتە ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ بېرىشىدا ھۇسەيىنەمنىڭ كوڭۇل ئىكرانىدا ئورمانچىلىق قائىدىسىگە مۇۋاپىق رەتلىك تىكىلگەن كوچەتزارلىقنىڭ سالقىن ھاۋالىق، خۇش داۋالىق گۇزەل بوستانى جىلۋىلىنىپ، شۇ ئىشتىياق بىلەن غالتەكنى ھامان ھەۋەستە ھەيدەيتتى. ھازىرمۇ شۇنداق پەيزى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا خۇددى توكۇر توشقاندەك دىڭگوسلاپ سايىت ساختا كەلدى. ئۇ:

—ئاداش، نىمە ئىش قىلىۋاتىسىلە؟—دىدى مىيىغىدا كۈلۈپ.

—بۈگۈنكى دەم ئېلىشتا بۇ بىتاپ يەرلەرنى ئىمانغا كەلتۈرەيمىكىن دەيمەن.

—بۇ يەرگىمۇ ئابدىنىلىك تېرىمسىلە يا؟...ھى...ھى...ھى...

—سىلەچە چوڭ يولغىمۇ ئابدىنىلىك تېرىشقا بولامدۇ؟

—ياق، ئەمدى دەيمىنا ھى...ھى...ھى...

سايىت ئاشۇنداق بىر تۇرلۇك ھىجايغىنىدا ئۇنىڭ ئىگىسىنى

ئالدىغان قۇشنىڭكىدەك باتىل كوزلىرى ئەجەپ بىر ياڭزا چىمىر-لايتتى. بۇلىرى بىكار ئەمەس ئىدى. ئوتكەن يىل ھۇسەينەم ئوي ئەتراپىدىكى پارچە-پۇرات يەرلەرنى توزەپ ئابدىملىك تېرىۋاتقىنىدا سايىت كەلگەن، ئۇ سورىغاندا ھۇسەينەم "رادىيودا تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدىغۇ، ئابدىملىك دولەت سانائىتىگە زورۇر ئىكەن، تېرىغۇچىلارغىمۇ پايدىسى كوپ ئىكەن، پۇلىنىڭ تاشايە-ىندا يەنە قوشۇمچە ياغمۇ بېرىدىكەن "دىگىنىدە، ئۇ: "پايدا چىقىدىغانلىكى توشۇك بولسا، تولۇم چاشقاندەك ھىچبىرىنى قۇرۇق قويمايدىغان بولدۇڭلارغۇ؟...ھى...ھى...ھى..." دەپ كۇلگەن. كۇزدە ھۇسەينەم ئابدىملىكتىن بىر يۇز سەكسەن كوي ەق پۇل، ئۇچ يېرىم كىلو ياغ قوشۇمچە كىرىم قىلغاندىن كېيىن نېخىمۇ ئىچى ئاداپ: ئوزىگە بېرىلگەن يەردىن ئەمەس، بولەك يەرلەردىن كىرىم قىلدى، يەرلىرىنى كېڭەيتتى، شەخسىيەتچى، ئۇنداقچى-مۇنداقچى، دەپ يۇرگەن. بۇگۇنكىسىمۇ ئاشۇ تەنە تاشلىشىنىڭ داۋامى ئىدى. ئەمما "ئۇ ھىلىگەر، مۇتىھەم، كاززاپ، زامان زومىگىرى"نىڭ قىلغىنىنى ھۇسەينەم ھىچقاچان-دىمۇ قىلمايتتى. سايىت ئاشۇنداق قىلسىمۇ يەنە بۇلتۇر ھى-ھىلەپ كىرگىنىدە "ئىت ئاغزىغا سوڭەك" دەپ ئۇنىڭغا ئون بەش كوي ئوتنە بېرىپ، تا ھازىرغىچە نەچچە نوۋەت سورىغاندا بەرمىسىمۇ ئىندىمەي كېلىۋاتاتتى. ھۇسەينەم يەنە جىددى ئىشلەۋاتاتتى. سايىت بايا ئاشۇنداق كۇلكىلەر بىلەن ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا ئۇ يەرگە سەلدەك يامراپ سۇ

كەپقالدى. ئۇقتەك بارغان ھۇسەينەم كوردىكى، چوك ئىرىقنىڭ بىر يەرى پۇت بىلەن ئىچىۋىتىلگەن. ئاڭغىچە يان قاشىنى گۆپ قىلىپ يىقىتقان سۇ كومۇشكە بوي بەرمەيتتى. ھۇسەينەم سەل نىرىدىكى سەيگە سۇ تۇتۇۋاتقان ھەربىنى ياردەمگە چاقىردى. ئىشارەتكە مۇۋاپىق پاخال كوتەگەچ كەلگەن ئۇ ئالدىراپ سوز- لەپ: ھىلىراقتا ھىلىقى ئىگىز بويلۇق ئاقساقنىڭ بۇ يەرنى دەسسەپ ئىچىۋىتىپ ئوتۇپ كەتكىنىنى...— دىدى.

ھۇسەينەم يارنى ئىتتىۋىتىپ كەلگەندە، غالتەك سۇغا چىلىشىپ سىڭىپ ياتاتتى، ئازگاللار بولسا، كولدەك لىق تۇلۇپ سۇ يىنىشىپ، ئۇستىدە ئەخلەت، لوجىلەر لەيلەپ تۇراتتى.

## 2

— ۋاي ئىست... ئاقۋاش ساغلىقنىمۇ سويۇۋەتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، سويۇۋەتتىم.

— ئىككى بالىسى چىققاندۇ ھەرقاچان؟

— ھەئە.

— ئاۋۇ شۇمۇ؟ — تىرىلەردە تۇرغان گوشلەرنى ئايلىنىپ، بۇلۇڭ تەرەپكە ئوتكەن ئاسگۇل نادامەت چىكىشكە باشلىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، ماۋۇ قارا قوزا مىدىرلاۋاتىدىغۇ؟... تۇكلىرى چىقىپ تەييار بولۇپلا قاپتىكەن ئەمەسمۇ؟ — ئۇلۇك ياتقان ئالتە قوزىغا ئۇنىڭ مولدۇرلەپ تۇرغان كوزلىرى قادىلىپ-

لا قالغان ئىدى. سايىت بولسا، ھە دەپ پىچاق بىلەپ ۋە ئاسە-
گۈلنىمۇ بەزلەپ ئالدىرىماقتا ئىدى. ئاسىگۈل ھەسىرەت بىلەن
بېشىنى چايقاپ، ئىڭىگىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ سوزلەيتتى:
—ئاۋۋاش ساغلىق... قوزا چېغىدىن قولۇمدا چوڭ بولغان.
يىلدا قوش كىزەك تۇغاتتى. ئايىغى ياراشقان، قۇتاتىقان قوي
ئىدى. ئىست، ئىست ئالتە قوزا، تېچ-ئامان تۇغۇلسا، كۆزدە
ئالتە قوي بولىماتتى؟
—بولدى-بولىدى، سەن قوزىنى پوزا قىلغىچە ھوكۈمەت
تېرىسىنى موزا قىلماقچى بولۇۋاتسا، قاراپ تۇرۇپ تارتقۇزۇپ
قويغىچە ئۆزىمىز جايلىۋالغىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ؟
بەش ساغلىقنىڭ ئالىيىپ تۇرغان كوزلىرىگە ۋە قانغا چىلىشىپ
ياتقان قوزىلارنىڭ ئولۇگىگە قادىلىپ قاراپ قالغان ئاسگۈلنىڭ
ئۆزىمۇ ئانا ئەمەسمۇ! ئەمدى ئۇ يىغلىۋەتتى.
—بولدى يىغلىما،—دەپ بىر تۇرلۇك ھىجايدى سايىت،—
بۇ گوشلەرنى سېتىپ ساڭا سائەت ئېلىپ بېرىمەن.
ئاسگۈل ئېرىگە قەھرى بىلەن لاپپىدا بىر قارىدى. ئەمما
ھېچنىمە دىمىدى. "تويۇمدىن تارتىپ ئالداپ كېلىشى يېتەر"
دىمەكچى بولدىيۇ، يەنە سايىتنىڭ قىزىلمۇچلىغى يادىغا يېتىپ
دىمىنى ئىچىگە يۇتتى-دە، قايتىپ نېرىقى ئويگە ئۇن-تىنسىز
چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ ئورنىغا ياتقاندىن كېيىنمۇ ئاشۇ
كوزلىرىنى چەكچەيتىپ قانغا مىلىنىپ ياتقان، تېخى تۇغۇلمايلا
ئانا قارنىدىن سۇغۇرۇۋېلىنىپ ۋاقىتسىز نابۇت بولغان يۇمران

قوزىلارنىڭ ئۇلۇكلىرى كوز ئالدىدىن كەتمەي يۇرەك-باغرىنى ئېچىشتۇراتتى. بوغاز ماللارنى بوغۇزلاشقا قولى بارغان، باغرى تاش، قارا يۇرەك ئېرىنىڭ سورۇن قىياپەت ۋە قىلىق-لىرىنى ھەر بىر ئويلىغىنىدا، ئوز ئانىسىنىڭ تۇللۇغى ۋە يوقسۇللىقتىن ئاشۇنداق نامەرت بىر نائەھلىگە ئومۇرداش بولۇپ قالغىنى ئۇچۇن ئاچچىق ئەپسۇس چېكىپ ھەسرەت-نادامەت بىلەن ئۇھ تارتتى.

سايىت گوشلەرنى تەخلەپ بولۇپ تالانى تىڭشاشقا چىقماقچى بولغىنىدا ئابىيام ئاسكۇلنىڭ "مۇشۇ قىلىۋاتقانلىرىڭىزنى تەشكىل بىلىپ قالسا قانداق قىلىسىز" دېگىنى بىردىنلا يادىغا يەتتى-دە، كوڭلىگە دەككە-دۇككە چۇشۇپ ئۇنى ئالدىغىلى نېرىقى ئويگە ماڭدى. ئۇ كىرگەندە ئاسكۇل ئۇخلاپ قالغان ئىدى ۋە نىمىلەرنىدۇر دەپ جۇيلۇيتتى: "ياق... ياق... مەن ئەمەس؛ ماڭا... مەن..." دەيتتى ئۇ.

"ھە... دىمەك، بۇ مېنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىمنى پاش قىلىدى-كەن-دە" دەپ ئويلىغان سايىت قانلىق قوللىرىنى شىمايلاپ ئۇ تەرەپكە ماڭدى.

## 3

ئاخشام ئىدى. ئاي قاشلىرىنى قىيا قىلىپ تاغدىن ئورلەپ باراتتى. بازاردىن چىققان سايىت ھوسەينەمنىڭ ھارۋىسىنى

بېرىۋېتىشكە كىرگەندە ئۇ يوق بولغاچ ئالتۇنخان هويلىغا چىقىپ تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئىككىنچى دۈيگە كەتكىنىنى ئېيتتى، ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋىدى، ئاۋۇ: "كېيىن كىرىمەن" بىلەن ئىلدام چىكەتتى. ئۇ، ئاغزىنى كالچايتىپ كىرگەندە ئاسگۈل ئوغلىنى ئويىنىتىپ ئولتۇراتتى. سايىت سېرىق سومكىسىدىن بىر تۇگۈنچەكنى چىقاردى-دە، چىڭ چىگىلگەن قولياغلىقنى چىشلەپ يەشكىلى تۇردى. ئاسگۈل بولسا، قىيا قاراپ، مېيىغىدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئىچىدە "تايىنلىق يەنە شۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىسىل كەمپىتتۇ" دەيتتى ئۇ. دەل دىگىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇ، ئۇلارغا بىر سىقىم كويۇك كەمپىتنى تەڭ تەقسىمگەندىن كېيىن:

— بالىغا ساقلاپ بېرەمىز؟ — دەپ، ياغلىقنى يەنە تۇگدى.

— ساندۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ! — دىدى ئاسگۈل مەنىلىك تەلەپپۇزدا.

— ساندۇقتا سالمىسامۇ تۇرا، — دەپ ئالايدى ئاۋۇ. چۈنكى، ئىشتانغا چىقىقىنى كوكۇلگە تايىن بولغىنىدەك "ساندۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ"نىڭ ئوقى ئۇدۇل بېرىپ، خۇددى زالىم قېينانىلار قۇلۇپلاپ ئاچقۇچىنى ئىشتان باقىقا ئېسىۋالغانىدەك قىلىپ پۇختىلىۋالغان قەلەمتۇراچ زەنجىرىدىكى نىشانغا دەل تېگەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىنى ئاز جىملىق ئارىلىدى.

— ئىچىدىغان يۇندا-پۇندا يوقمۇ؟ — دەپ گولەيدى سايىت. ئۇنىڭغا لاپپىدا قارىغان ئاسگۈل بىرنىمە دىمەكچى بولدىيۇ،

ئەمما ئۇنچىقىمىدى. چۈنكى ئۆتكەندە بىر قېتىم ئۇ ئاشۇنداق دېگەندە "يۇندىنى ئىتقا بېرىۋېتىپتىكەنمەن. يۇندىنىمۇ ئىتقا بەرمەيدىغان ئىش بولسا، مۇندىن كېيىن يىغىپ قوياي" دەپ ھەقلىق جاۋاپ بەرگەن، لېكىن بىرمۇنچە ماجىرا چىققان ئىدى. شۇڭا بۇ دورەم ئۈن-تىنسىز بېرىپ، جوۋەندە ئۇنىڭدا ئېتىلگەن يوگەكلىك كاۋا مانتىسىنى كەلتۈردى. سايىت ئۇنى خۇددى ئەركەك قاشقىردەك ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقىنىدا، تالادىن يوتەلگەن، "سايىتەم بارمۇ؟" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاڭغىچە ئىشىكنى غاچچىدا ئاچقان ئەخمەت سايىتنىڭ بىر نەرسىنى كاۋات تېگىگە تىقىۋەتكىنىنى كورۇپ قالدى ۋە سالام بىلەن تەڭ سوزۇلۇپ كىرىپ كەلدى. ئېرىنىڭ ئەپتىگە زەردە بىلەن قارىغان ئاسگۈل قىزىرىپ كۈلۈمسىرەپ:

—كېلىڭ ئەخمەت ئاكا،—دەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

—كېلىڭلار، يۇقۇرى ئۆتۈڭلار،—دېدى سايىتمۇ ئېغىزبۇرنىنى ئېرتىۋېتىپ.

ئەخمەت كارۋاتقا ياناپ سېلىنغان ئەپچىل كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى-دە، ئادىتىچە سوزنى بىر تاغدىن-بىر باغدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن سايىتنىڭ بۈگۈنكى بازار ئەھۋالى، ئولجا-ئۇتۇقلىرى، ئاڭلىغان-ئۇققانلىرىنى بىلمەك بولدى. ئاندىن ئاتام ئېيتقان بايىقى ئوزىنىڭ قانداقچە پومىششىك بولۇپ قالغانلىغى، كۈرەشتە دوڭغايتىپ قويۇلغاندا راۋرۇس تۇرغانلىقلىرىنى ئەمىلىي ھەركەتلىرى بىلەن دوراپ كورسىتىپ، لوگەيدە

زۇجاك بولغانلىغىنى خۇددى بىرەر شەھەرگە ئامبال بولغانىدەك
يۇقۇرى ھاياجان بىلەن سوزلەپ، ئاخىرىسدا ئۇزىنىڭ مايماق
ئىشىگىنى ماختاشقا چۇشكەندە، باياتىن بالىسىنى پەپىلەپ ياتقان
ئاسكۇلمۇ يېنىك خورەكنى باشلىغان ئىدى.

—سايىتەم، بازارنىڭ ئاچچىقراق تاماكىسىدىن بولسا، بىرەر-
دىن چەكمەيلىمۇ؟—دېدى ئەخمەت ھىجىيىپ.

—بار، بار،—دېدى سايىت. ئۇ، ئادەتتە تاماكىسى بار
تۇرسىمۇ باشقىلاردىن تىلەپ چېكىدىغان ۋە بەك خۇمارى قىستاپ
كەتكەندە يىراقلارغا ھاجەتكە بېرىپ چېكىپ كېلىدىغان، كىشىلەر
ئۇنى "سايىت ساختا" دەپ بىكار ئېيتىمىغان "تېگى يوق، تەنھا
بىر ئىنسان" بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئاۋۇنى چەكسە چىقىپ
كېتەرمىكىن دىگەن نەزەر بىلەن دەرھال يانچۇغىنى كولىدى.

ئەخمەت بىلەن سايىتنىڭ ياش پەرقى ئاتا بىلەن بالىنىڭكى-
دەك بولسىمۇ، ئەمما نىمە ئۇچۇنكى، ئىككىسىنىڭ ئاشۇنداق
قاغا بىلەن سېغىزخان جۇپلەشكەندەك ئۇلپەتچىلىگى ۋە بەزەن
ئالدى-بەردى، مۇناسىۋىتىمۇ بار ئىدى. بەلكى بۇ ھەقتە
كىشىلەرنىڭ "بۇ ئىككىسى ئۇزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ"،
"بىر بىرىسىدىن كاززاپلىق تېخنىكىسىنى ئۇگىنىدۇ" دەپ پىچىڭ
قىلىپ كۇلۇشلىرى بىكار بولمىسا كېرەك.

ئەخمەت ئۇزاپ چىققاندا ئاي ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ، ئالەم-
نى پاسقىنىڭ كوڭلىدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى. ئۇ
يوتىلىپ-قاقىرىپ قاياققىدۇ كەتتى. قايتىپ كىرگەن سايىت

ئۈشكنى ئېتىپ كېلىپ، كارۋات ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان ھىلىقى مۈزلاپ كەتكەن مانتىغا ھۇجۇم باشلىدى.

## 4

ئاشىق-مەشۇقلار "شەنبە شېكەر" دېگىنىدەك، بۈگۈنكى شەنبە ئاخشىمىمۇ بۇ دۆيدىكى دېخانلار ئۈچۈن شېكەردەك بىر ئاخشام بولغان ئىدى. چۈنكى، ئايلاپ ئارامسىز ئىشلىگەن جامائەتكە "ئەتە يەكشەنبە بىر كۈنلۈك دەم ئېلىش" جاكالانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن كېچىلىك "جابەر" (دېخانلار تىلى بىلەن ئېيتقاندا "جان بەر") يا مەجلىس بولمىغاچ، ھۇسەينەملەر ئائىلىسىمۇ ئارامى خۇدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشمەكتە ئىدى.

تالاغا چىققان سايىت ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئەتراپنى بىر دەم تىڭشىدى. ئاندىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كوۋرۇك ئاغزىغا كەلدى. ئۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ مورىسىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈنىنىڭ رەڭگىگە قاراپ تاماقىنىڭ تۈرى ھەم قەرەلىنى خۇددى ئاپشاركىدەك سېزەلەيدىغان ۋە خىلمۇ-خىل بانىلار بىلەن دەل ۋاقتىدا كىرەلەيدىغان "ۋاقتى ھازىر ئىنسان" بولغىنى ئۈچۈن، ئويلىدىكى: ھۇسەينەم تۈنۈگۈن رۇخسەت سوراپ بازارغا كىرىپ چىققان، بۈگۈن ئۈنىڭكىدە چوقۇم بىرەر ئىس-پۇراق بار دەپ، "تاغار سوراپ كىرگەن"گە توغرىلاپ يولنى ئۇدۇل شۇ يان تارتتى. ئۇ، پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ، ئىشىك-

نى غىچچىدە ئىچىپ، بىر تۇرلۇك ھىجىيىپ كىرگىنىدە تۇيۇق-
سىز ئولتۇرغان ئاۋۇلار چ-وچۇپ كەتتى. قاتتىق قورققان ئانار-
گۇل ئاپىسىنىڭ قۇچىغىغا ئوزىنى ئاتتى. ئالتۇنخان بولسا،
ئارزۇلۇق قىزىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ،
چىڭگىلەك چاچلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. ھۇسەينەم ئورنىدىن
تۇرۇپ تورگە تەكلىپ قىلدى. ئاۋۇ خوش-خوشلاپ تاماق
جوزىسىنىڭ سول بۇرجىگى تەرەپتە ئولتۇردى.» دەل ئويلىغان
يېرىمدىن چىقتىغۇ» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

چاي قۇيۇلۇپ، نان ئوشتۇلدى. بۇ نان بازارنىڭ گىردىسى
ئىدى. ئۇنى سايىت ماختاپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىغاندا
جوزا ئاستىدىن ئەركىلەپ چىقىپ كەلگەن يوغان ئالا مۇشۇك
مياڭلاپ ئۇنىڭغا سۇركەلگىنى تۇردى. مۇشۇكنى ئۇ جەينىگى
بىلەن دوشكەلىۋىدى، ھۇسەينەم قىچقىرىۋېلىپ جوزا ئاستىغا
نان تاشلاپ بەردى. مۇشۇك پاقىراپ تۇرغان قاپ-قارا قۇيرۇ-
غىنى ئوينىتىپ نان يېيىشكە باشلىدى.

سايىت ئاغزىغا سالغان لوقمىنى خۇددى قېرى كالا كوشى-
گەندەك چايناۋېتىپ چاي ئوتلىۋىدى، ئوپكىسىگە كېتىپ پۇرقى-
ۋەتتى. ئانارگۇل بولسا قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى.

— ھاي! — دىدى ھۇسەينەم بىلەن ئالتۇنخان تەڭلا. قىز
قىزىرىپ لېۋىنى چىشلەپ، يەرگە قارىۋالدى.

— ئاداش ھۇسەينەم، — دەيتتى سايىت نان چايناۋېتىپ، —
سىلەر مۇشۇنداق گىردىلەرنى نەدىنمۇ تاپىدىغانسىلەر؟ ئۇۋۇ

بىزنىڭ بىر تال ئوغلىمىزمۇ ئاق ناننىڭ خەقىشىنى قىلىپ بېشى-مىزنى ئوچاق ئېتىۋېتىدىغان بولدى.

—ۋاي ئاداش، پۇل بولسا جاڭگالدا شوۋا دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بازارغا كىرگەنلەردە قاراڭغۇ بازارچىلاردىن ئانچە-مۇنچە تاپقاچ چىقىمەن. ئويگە ئەل-ئاغىنىلەر ياكى مېھمان-يۇچۇن كەپقالسا، ئاق نان بولمىسا سەت تۇرىدىكەن، باللارمۇ ئاقسىراپ كېتىدىكەن...

—مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ، بازارغا كىرگەنلەردە ئۇنداق-لارنى ھېچ ئۇچرىتالمايمىنا!

—ئۇنداقلار ھەمىشەملا ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار نەرسىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېپچىقسا، ھىلىقى تايغانلار تارتىۋالىدۇ ئەمەس-مۇ؟ ئۇنداق نەرسە ساتىدىغانلارنىڭمۇ پەمى بار. ئۇلار ئەپلە، تۇرۇپ كەچتە-پاتتا، يا چۇشتە، ھىلىقى بىرنىمىلەر كوزدىن يۇتكەن چاغلاردا غىپپىدە ئېپچىقىپلا، بولۇك-پۇچقاق، داللىدا-لاردا ھايت-ھۇيت دىگىچە سېتىپلا قاچىدۇ. مەن كوزلەپ تۇرۇپ شۇنداقلاردىن ئالىمەن. بولمىسا، بايىقى داۋۇت پاكىنىڭ ئويىگە كىرسەم، شۇ بەش-ئوننى بېرىدۇ.

—داۋۇت پاك دىگەن ھىلىقى قاپ-قارا، ئۇزۇنتارا، دوقۋاش شۇمۇ؟

—ھەئە، شۇ.

—ئۇ پاكىنىڭ ئويى قەيەردە ئىدى؟

ھۇسەينەم جاۋاپقا ئاغزىنى ئومەنلەۋاتاتتى، ئالتۇنخاننىڭ

كوز قىرىدا مەنىلىك قاراپ قويۇشى بىلەن ئۇ دەرھال پەدىنى يوتكەپ: ئويى بازارنىڭ ئالدىدا، دوڭ بازاردىن دالدىدا دىگەندەك گەپلەر بىلەن ئوتكۇزۇۋەتتى. بىر دەمدىن كېيىن سايىت ئۇزاشقا ماڭدى. بابا كېپىنى قىلغان "تاغار"نىمۇ دىمەستىن چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە ئاۋۇلارمۇ گەپ قىلمىدى. تالاغا چىققاندا ھۇسەيىنەمگە ئۇ يېقىن ئارىدا شەخسلەرنىڭ توخۇسىدىن بولەك مال-چارۋىلىرىنىڭ ھەننىۋاسىنى تەشكىل يىغىۋالدىغانلىقىنى، بۇنى مۇھىم بىر يەردىن ئۇققانلىقىنى، كوڭلىنىڭ يېقىنلىقىدىن ئېيتىۋاتقانلىقىنى، ھېچكىمگە تىنماسلىقىنى، ھۇسەيىنەمنىڭمۇ ماللىرىنى جىمىقتۇرۇۋېلىشىنى... دىدى. ئوزى ھەققىگە كەلگەندە:

—شۇڭا بازاردىكى تۇققانلارنىڭ مەن بېقىپ تۇرۇۋاتقان قويلىرىنى قايسى كۇنى سىلەرنىڭ ھارۋا بىلەن كېچىلەپ ئېپكىرىپ بېرىۋەتتىم، —دەپ كۇلدى. كالىنىمۇ توغرىلايمەن دىگەننى ئاستا قوشۇپ قويدى.

بۇ "مىش"نى ھۇسەيىنەمۇ گۇڭشېدا بىرسىدىن ئاڭلاپ قالمىغان بولسا، ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئوزىنىڭ بېشى گاڭگىراپ تۇرغىنىنى دىۋىدى، ئاۋۇ: كالىسىنى سويۇۋېتىش، بۇنىڭ چارىسى كالىنىڭ پۇتىنى چېقىۋېتىش، "پۇتى سۇنۇپ كەتتى" دەپ، مال دوختۇرىغا بەش-ئون جىڭ گوشنى دالىۋۇي قىلىش ئارقىلىق سويۇشقا رۇخسەت قەغىزى ئېلىشىنىڭ چوقۇم مۇمكىنلىگى، گوشنى سېتىش جەھەتىگە كەلگەندىمۇ ئوزىنىڭ بازار-

دىكى يېقىن بىر تۇققىنى ئارقىلىق جىن ـ ئالۋاستىغىمۇ تۇيدۇرماي ئەپلەپ بېرىشكە، ۋاھالەنكى ھۇسەينەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدىغان بولسا، كاللىنىڭ پۇتىنى ئۆزى ئۇرۇپ چىقىپ جايلاپ بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىلىرىنى نان، تۇز، ئاق سۈت بەرگەن ئانىسى نامىدىكى قەسەملەر بىلەن كاپالەتلەندۇرۇپ، ئىشىنىڭ ۋاقتى، قەرەللىرىنىمۇ، ھى ـ ھىلەپ، قەدەم ھەققىلىرىنىمۇ پۇتۇشكەندىن كېيىن:

ــ خەپشۇك، مەن ھىچكىمنى كورمىدىم، ــ دىدى ـ دە، توپەلىق يول بىلەن غىپىلداپ كەتتى.

## 5

دۇيگە "خىزمەت دۈيى" كەلدى. ئۇلار بىكىتۇەندىن كەلگەن ئىدى. باشلىقى شى دەرىجىلىك كادىر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا "فۇجىڭۋېي" ئىكەن. ئىگىز بويلۇق، گۇرەنلىك، تەن پىچىمى خېلى قاملاشقان، خۇش مۇئامىلىلىك، خېلىلا سالماقلىق، كوزى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سەل ـ پەل ئەلەسرەك بۇ كىشى گوڭشېدا تۇرسىمۇ، لېكىن ھەر بىر دۇيدىكى "خىزمەت گۇرۇپپىلار"نىڭ ئىشلىرىنى ئۇقۇپ ۋە بەزەن كوزدىن كەچۇرۇپ تۇراتتى. ھەر دۇيدىكى "خىزمەت گۇرۇپپىسى"غا يەرلىكتىنمۇ بىرەدىن كىشى قوشۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن توت كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. ئۇلار ئىشنى "توتنى چىڭ تۇتۇش"تىن باشلىدى.

ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىشخانا ۋە مەجلىسخانىنىڭ تورىگە چاپلىغان هەيۋەتلىك خەتلىرىنىڭ بىرىنچىسىدە ئىشلەپچىقىرىش؛ ئىككىنچىسىدە ئۆگىنىش (سىنىپىي كۈرەش)؛ ئۈچىنچىسىدە قوغداش؛ تۆتىنچىسىدە تەرتىپ-ئىنتىزام ۋە تازىلىق تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشى بىرىنچىچە كۈن ھەممە ئىشنى قويۇپ "ماتېرىيال ئوقۇش"، ئاندىن كېيىن بىرىنچىچە كۈن دەبدەبىلىك "سۆزلەش"تىن ئىبارەت بولدى. ئاقىۋەتتە "تەرتىپ-ئىنتىزام" دېگەنگە كوكۇل شۇنچە بولۇندىكى، ھەر كۈنكى مەجلىسلەرنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇرلارنى، مەسىلەن: توخۇ-تۇخۇم-لىرىنى تەشكىلگە ئوتكۈزمەي، باشقىلارغا ساتقان ھايانكەشلەرنى، تەستىقلاتماي مال سويغانلارنى... قاتتىق چەكلەش، جازالاشنى جاكالاشتىن ئىبارەت بولدى. ۋاھالەنكى، ھەر بىر ئائىلىگە "توخۇ-تۇخۇم نورمىسى" بەلگىلىنىپ، شۇنىڭ بىلەن بوغالتىر، كاسسىرلارغا سۆۋەت-سومكا ۋە جىگدىلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ كوچىما-كوچا يۈرۈيدىغان "ئوبدان ئىش" چىقتى.

شۇنداق قىلىپ باشقا ماددىلارغا كۈچ ئاشماي بوش-بىكار قالدى ياكى ئۆز ئېتىۋارى بويىچە ئېيتقاندا، ھىلىقى "ھەيۋەت-لىك خەت" شىلىملىرى قۇرۇپ، شامالغا ئۇسۇل ئوينايدىغان قەغەز بولۇپ قالدى.

شۇنىسى شەك-شۈبھىسىز ۋە ئېنىق ئىدىكى، "خىزمەت گۇرۇپپىسى"دىكى تۆت ۋەلسىپىتنىڭ بىرسى ھەر كېچە توخۇ-

تۇخۇملارنى، كېيىنرەك بولسا، گوش، ياغ، ئاق ئۇن، گۈرۈچ-لەرنى "پۇختا" يۇكلەپ، نوۋەت بىلەن قاياققىدۇ توشۇپ تۇراتتى.

ۋىجدان ھالاللىقى بىلەن شۇنى ئېيتىش ئەلۋەتتە زورۇر ۋە لازىمكى، باشتىكى باشلىق (جېڭگۋېي) "خىزمەت خۇي-باۋلىرى"نى بىلىپ تۇراتتى. ۋاھالەنكى، بۇ تومۇرئاتلارنىڭ تۈندىكى يورغىلاشلىرىنى كورمەيتتى. كورمىگەن ئۈچۈن بىلمەيتتى-دە...

بۇ ئىشلارنىڭ بىرىشدا "سايىت"لارنىڭ ئوينىغان روللىرى ئاجايىپ ۋە بەكمۇ غارايىپ ئىدى. كىمنىڭ قانچە تۇخۇسى بار؟ قانچىسى ساق؟—سايىت سان-سانىغىنى قانداقمۇ بىلىپ بولغان، دەپ ئەجەپلەنمەك ۋە ھەيرانمۇ قالماڭ. چۈنكى، ئۇ ئۆز خوتۇنىنىڭ تۇغىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن خوراز-مىكيانلىرىنىڭ كۈندىلىك "مۇھەببەت-مۇناسىۋەت"لىرى بويىچە ئۇلارنىڭ تۇغىدىغان تۇخۇملىرىنى ھىساپلىيالايدىغان تۇرسا، ئۇنچىلىك ئىشلارنى بىلمەمتى؟!

دۇيدە بىر كېچىسى ئۇشتۇمتۇتلا دەرىزە چېكىپ ئادەم چاقىرىش بولدى. بۇ جىددى مەجلىسكە سايىتمۇ ئەلۋەتتە چاقىرىلغان ئىدى. مەجلىستە، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى راخمان، مۇئاۋىنى جاڭ يۇمىلەر سوزلىدى. ئۇلار خۇسۇسلىقنى بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا، كوللىكتىپنىڭ زىرائەت، ئوت-چوپلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشنىڭ باش ئامىلى بولغان بارلىق

خۇسۇسى مال-چارۋىنى قويماي يىغىۋېلىشنى ئۇقتۇرۇشتى، ئاكتىپلارنىڭ باش داگزىسىدا سايىتنىڭمۇ نامى ئاتالدى. نوۋەتتىكى ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تارقالدى.

مەجلىستىن قايتقان سايىت قاقىرىپ-يوتىلىپ ۋە كىملەرنىدۇ ئۇنلۇك تىۋلاپ ئۇدۇل ئۆيگە كېتىۋاتقانلىقىدىن بەلگە بېرىپ باراتتى. ئۇ كېلىپ ئىشىگى ئالدىدا، كېيىن ئارقىغا ئۆتۈپ قومۇش لاپاس كەينىدىكى دالدىدا ھاجەت قىلغان بولۇپ شۇك تۇرۇپ ئەتراپنى تىڭشىدى-دە، ئاندىن يولنى ئارقا تامنىڭ تۈۋى ئارقىلىق ئۇدۇل ھۇسەيىنەملەرگە توغرىلىدى. ئۇلار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغان ئىدى، ئاقىۋەت ئويغاتتى. چېپەرقۇت چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان ھۇسەيىنەم ئوندەرەپ:

—نىمە گەپ؟—دەپ ئالدىراپ سورىدى.

—تىش!—دىدى سايىت ئۇنىڭغا يېقىنداپ.—يېڭى گەپ.

—ھە، ھە، نىمە؟ قېنى...

—مەيەگە كېلىڭلار.

ئۇلار دالدىغىراق باردى. لاپاس ئاستىدىكى ئوچاقنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ سايىت ئوزىنىڭ ئاشۇ ئالدىن ئېيتقان "دانىشمەنلىگى"نىڭ بۈگۈن راست بولۇپ چىققانلىقىنى، ئىشنىڭ ئوگۈنلۈككە ئەتىگەندىن تارتىپ باشلىنىدىغانلىقىنى، بازاردىكى تونۇشنى ئاللىقاچان توغرىلاپ قويغانلىقىنى، خەۋەر بەرسىلا ۋاقتى-قەرەلدە چىقىدىغانلىقىنى، كالا سويۇلۇپ ئەتە ئولگۇرسىلا تېلېفون ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىپ، كېچىسى

بىلەن يولغا سېلىۋېتىشكە كۈچ چىقىرىدىغانلىغىنى، باشتىكى قەسەم-ۋەدىلىرىنىڭ ھوددىسىدىن چىقمىسا ئادەمگەرچىلىك، بۇرادەرلىككە توغرا كەلمەيدىغانلىغىنى بىلدۈردى.

—مال تاپماق ئوڭايمۇ؟ كوزىنى مولدۈرلىتىپ تۇرۇپ تار-تىۋالسا قانداقمۇ چىدىغىلى بولىدۇ!—دېدى ئۇ. ئىش، ۋاقىت ئەتىكى تۇنگە قارار تاپتى. سايىت ئوزىنىڭ مال سويىدىغان موڭگۈز ساپلىق سىختۇما پەچىغىنى بېرىپ غىپپىدا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى خامانىنىڭ بۇلۇڭىدا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىنى جاڭ يۈمىن سايىت بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى. جاڭ: ياخشى ئىشلىگەنلەر، خىزمەت كورسەتكەنلەر دەۋاتقىنىدا چويۈن چوماق بىلەن قاتتىق ئۇرۇلغان داڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ سوھبىتىنى بولۇۋەتتى. سامان دوۋىسىنىڭ دالدىسىغا كەلگەندە ئىككىسى ئورە تۇرۇپ بىر دەم سوزلىشىۋالغاندىن كېيىن مېڭىۋېتىپ جاڭ سايىتنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ.

—خو، خو!—دەپ كۈلەتتى. ئىككىسى كۈلۈشكەنلىرىچە خامان دەرۋازىسىدىن قاتار چىقىپ كەتتى.

## 6

—كىملەر بۇ؟

—...

—توختات ھارۋىنى!

قارا سۇ كوۋرۇگى تۇۋىدىكى قىيپاش بەلدىن ئۇنۇپ چىققان-دەكلا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قارا كولەڭگىلەر قول چىراقلارنى پاقىرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار كەلگىنىچە ھارۋىدىكى نەرسىگە يېپىلغان تاغار، پالاسلارنى قايرىپ قاراپ:

—ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن-دە،—دەپ توۋلىدى. بۇ، ھەممىگە تونۇش ئاۋاز—خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى راخماننىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ بىرسى مىلتىقنىڭ پاينىگى بىلەن شوتىدىكى چامبۇل ئېشەكنى بىرنى ئۇردى-دە، سىل-كىشلەپ تارتىپ ھارۋىنى كەينىگە قايتۇرماقتا ئىدى.

—ئۇكام... ئۇكام توختاخۇن توختىغا...

—راخمان زۇجاڭ، راخ... راخمان ئەپەندى، خۇدا ھەققى...

—ماڭ بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېشەككىمۇ يا ئادەمگىمۇ گۇپ-گۇپ تەككەن مىلتىق پاينىگىنىڭ ئاۋازى بۇ جىمجىت ۋە سۇرلۇك قاراڭغۇ قوينىدا، نەنەلەرگىچە ئاڭلىنىپ باراتتى.

ئەتىسى يېرىم كۈن داۋام قىلغان كەسكىن كۈرەشتىن كېيىن بازاردىن چىققان خۇدا بەردىنىڭ ھارۋىلىرى دۈيگە ئېلىنىپ، ئۇزى ئىككى مىنبىگىنىڭ قوراللىق قوغدىشى ئاستىدا گوڭشېغا ھەيدەلدى.

ئەمدى ھۇسەينەم ھالىغا كەلسەك ئەھۋال بەكمۇ ئاجايىپ ئىدى. ئۇ كالا تېرىسىنى يېپىپ "كالا" ياسالغان ئىدي. ئىككي

پۇتلۇق بۇ ”قارا كالا“ مۇڭگۇزلىرىنى تىك قىلىپ ماڭغىنىدا، ئۇنىڭ ئاق ئالىماچ ئۇزۇن قۇيرۇغى يەردە سورۇلۇپ باراتتى. بۇ كارامەت كومىدىيىنىڭ تام كەينىدىكى گىرىمچىلىرىدىنمۇ ئامراق چۇقانچى تاماشابىنلىرى بولغان بىرمۇنچە باللار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئاۋاتلاشتۇرغان ئىدى. ئۇ شۇ تەقلىتتە بىرنەچچە كۈن سازايى قىلىندى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەزالارنىڭ چارۋا-ماللىرى قويماي يىغىۋېلىنىشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە سايىت خۇددى لالما كۈچۈكتەك كوچىمۇ-كوچا، ئۆيمۇ-ئۆي سوكۇلداپ يۈرەتتى. ئۇ بەزىلەرگە ئاستا پىچىرلاپ:

— ئىست، ئىست، سىلەرگە تازا ئۇۋال بولدى-دە، قاراپ تۇرۇپ تارتىۋالسا-ھە، — دەيتتى. قايسىبىر ھويلىدىن مىنبىڭلار سورەپ چىققان ماللارنى كورگەندە دىڭگوسلاپ كېلىپ:

— تېز بولۇڭلار، تارتىڭلار، — دەپ، كەينىدىن ئىتتىرىشىپ، ۋاق-ۋۇق ئۇرۇپ ھەيدىشىپ كېتەتتى.

ماللار ماخوغا يىغىلماقتا؛ كىشىلەر تاملاردىن، توشۇكلەردىن ماراپ يىغلىماقتا. كالا-موزايلار مۇڭلۇق مورىسە، قوي-قوزا، ئۆشكە-ئوغلاقلار ھەر ياڭزا مەرەپ، قوتاننى قىيامەتكە ئايلاندۇرماقتا ئىدى.

”چارۋا-ماللار ئىگىلىرىنىڭ كوزىدىن نېرى تۇرمىسا بولمايدۇ“غان بولۇپ، جاڭگاللىغا كوچۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كۈندە دىڭگۇدەك نەچچىلەپ سان قاشقىرنىڭ نامىغا ”ئوچۇرۇلدى“.

## 7

سەھرا كېچىسىنىڭ قاراڭغۇ بىر ئاخشىمى، ئارقا كوچا بىلەن ئاۋايلاپ ماڭغان سايىت "خىزمەت گۇرۇپپىسى"نىڭ ياتىقىنى كۆزلەپ باراتتى. ئۇ، يول بويى ھېچكىمنىڭ كۆرمىگىنىدىن خوش ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ دەرىزىسى تۈۋىدە بىر دەم تىمتاس تۇرۇپ تىڭشىۋىدى، شالاپشىپ بىر نەرسە يەۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

"توختا! بۇلار گۆش يەۋېتىپتۇ-دە، مۇسادىرە قىلغان ...وشنى! تازا ئۈستىدىنلا چۈشەي، ئۇلارنى مۇشۇنداق نەق ...ەركەت ئۈستىدە ئىلىۋالسام، ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى..."

سايىت ئىچىدە ئاشۇلارنى دېدى-دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئارقىغا ياندى. ئايلىنىپ بېرىپ بوسۇغا تۈۋىدە توختاپ ئۆزىنى ئوبدان ئوڭشىغاندىن كېيىن بارلىق سالمىقى بىلەن ئىشىكنى بىراقلا ئىتتىردى. چۈنكى، بۇ ئىشىكنىڭ ئاشۇنداق چىڭ ئىتتىرمىسە ئېچىلمايدىغان كېسىلىنى ئۇ بىلەتتى. ئەمما بۈگۈن ياغاچچى ئۇ كېسىلنى داۋالاپ، ئەتە مۇكەممەل بېكىتىش ئۈچۈن ھازىر مانداقلا توختىتىپ قويغىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا ئاشۇنداق سالماق بىلەن گەۋدىسىنى ئۇرغان سايىت ئىچىدىن ئىلمىگى ئېلىپ قويۇلغان ئىشىك ئۇلگۈجەكلىرى بىلەن بىراقلا يىقىلغاندا ئۈستىگە موللاق ئېتىپ چۈشتى. بۇ تويۇقسىز

ھادىسىدىن قاتتىق چوچۇگەن راخمان ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا پۇتلىشىپ جاق ئوڭدىسىغا يىقىلغاندا، ئۇ يانغا قاچماقچى بولغان جاڭ يۈمىن ئۈنىڭ توپىسىگە يىقىلىپ، ئورۇندۇقنىڭ پۇتىغا تېگىش بىلەن بۇرنى قاناپ كەتتى. يەنە بىر خىزمەتدىشىمۇ ئۈستەلنىڭ تېگىگە مۈكمەكچى بولغىنىدا بېشىنى ئورۇۋېلىپ، مۈكچەيگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. سايىت سەل ھېجىيىپ ئىشىك-نىڭ ئۈستىدىن ئورە بولۇۋاتقىنىدا ئاۋۇلار باش-كوزلىرىنى سىلاپ تۇرۇشاتتى، جاڭ يۈمىن بولسا، قولىدىكى قوش مۈشتەك گوشنى يەرگە ئېتىۋېتىپ، ئىڭىشىپ بۇرنىنىڭ قېنىنى تازىلىغاچ ھە دەپ چالۋاقايتتى. ئاڭغىچە ئاۋۇلار ئىشىكنى ھاپىلا-شاپىلا يولەپ تۇرغۇزۇشتى-دە، يوغان كالتەك بىلەن چىلىك تاقىۋەت-كەندىن كېيىن سايىتنىمۇ قاتارغا ئېلىپ سېرىق سىرلىق جاۋۇر دىكى ھورى چىقىپ تۇرغان گوشنى ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا سايىت ئۆزىنىڭ ھاماقىسىنىڭ ئېرى ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئىككى ياشلىق بىر غونۇجىنىنى "تىيانشان" دۇيىنىڭ جاڭگالدىكى مېلىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى خەۋەرلەش بىلەن ئۇلارنىڭ كوڭلىنى يېڭىۋاشتىن خوش قىلدى. ئاندىن قوينىنى كولاپ پۈكلەنگەن بىر قەغەزنى چىقىرىپ ئۇلارغا ئۇزاتتى. ئاچقان راخمان كىكەچتەك دۇدۇقلاپ ئۇنى جاڭ يۈمىنگە بەردى. ئۇمۇ خەت ئوقۇشتا راخماندىن ئانچە ئارتۇق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئەھۋالنى سايىتنىڭ ئۆزىدىن ئوقۇشقا توغرا كەلدى.

— مېنىڭ سېغىپ ئىچۋاتقان كالام، — دەپ، ئىگىز-پەس

تىنىقتا ئارىلاشتۇرۇپ سوزلەيتتى سايىت، ــ ئەسلىدە بازاردىكى ئاكاملارنىڭ ئىدى. ئۇلار باقالماي قىينالغانلىقتىن مەن سېغىپ ئىچىپ بېقىپ بېرىشكە ئېلىپ چىققان. ئەمدى بۇ يەردە شەخسى مال بېقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولغانلىقتىن شۇ كالىنى ئېپكىرىپ بېرىشۈپتەي دېۋىدىم. لېكىن بۇ يەردىكى باشقىلارنى كورەلمەيدىغان ئىچى قوتۇر بەزى پىتنىخورلارنىڭ ۋاي سايىت ئانداق قىپ كەتتىيەي، مۇنداق قىپ كەتتىيەي؛ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدىيەي، يان باستىيەي دېگەندەك بولمىغۇر گەپلەرنى تاپمىسۇن دەپ، بازاردىن ئۇلارنىڭ ئىدارىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بۇ ئىسپات قەغىزىنى ئېلىپ چىقتىم.

جاڭ يۇمىن ئاتىنىڭكىدەك سوزۇق بېشىنى ئۇ ياق-بۇ ياق ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ خەتكە يەنە كوز سېلىۋېتىپ:

ــ هە زۇجاڭ، نىمە دەيسەن؟ ــ دەپ يۇمشاق كۇلدى.

ــ نىمە دىسەك بولىدىكىن تاڭ، ــ دەپ راخمان سوڭگىچىنى قاشلاشقا باشلىدى.

ــ يەنجۇيشا، ــ دىدى يەنە بىرسىمۇ ۋە بېرىپ كارۋاتتىكى يوگەكلىك شىكلىغا يېنىچە يولۇنۇپ چىشلىرىنى كولىغىلى تۇردى.

ــ كېيىما، مەن قوشۇلىدۇ، ــ دىدى جاڭ يۇمىن فۇزۇجاڭ.

ــ مۇنداق ئىسپات بولغاندىن كېيىن كىم بىرنىمە دىيەلەيدۇ؟ ــ دىدى راخمان.

ــ مەنمۇ تۇكيى ــ دىدى شۇتۇكزىمۇ.

"ئىشنى شۇنداق ئەپلىگەن" سايىت ھىلىقى مۇتەھەم ئىشكىتىن ئاۋايلاپ چىقتى - دە، خۇددى كونچىنىڭ كۈچىگىدەك يورغىلىغىنىچە ئارقا تامنىڭ تۈۋى بىلەن ئىلدام كەتتى.

## 8

مېتىر، چوت، دەپتەرلىرى قول - قولتۇقلىرىدا، بوغالتىرنى باشلىغان راخمان ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ "قالدۇرۇق يەر"لەرنى ئۆلچەمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە سايىت قاتارلىق بىرقانچە "ئاما ۋەكىللىرى"مۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆلچەشمەكتە ئىدى:

— يەنە قانداق قىلىق ئىكەن بۇ؟

— ئۆلچەپ كىشى بېشىغا بىر پۇڭدىن بېرىلگەن يەرلەرغۇ بۇ

— ئۆكەنلا ئۆلچەشكەن ئىدىغۇ؟

— ئىلگىرى يىلدا بىر ئۆلچەيتتى، ئەمدى ئايدا بىر ئۆلچەيدىغان ئىش چىققانمۇ نېمە؟

— قىلىدىغانغا ئىش تاپالمىسا، ئۇلار ئاشۇنداق قىلماي قانداق قىلىدۇ ئەمىسە؟

— يەنە بىر ياڭزا يېڭى سىياسەت چىققان ئوخشىمامدۇ؟

— چېكى توختىمايدىغان بۇ سىياسەتمۇ كۈندە بىر ياڭزا، ئايدا ئون ياڭزا چىقۋەرگىلى تۇردى!

— ئەتىگەندە پىركاز، كەچقۇرۇندا ئەتكەس دىگەن شۇ - دە.

— يېڭى پەدە غەزەل چىقتى، ئۇقۇيالىماي جىېنىم چىقتى دىگەنىدەك، ئاشنامجانىنى ئۇگىنەلمەيۋاتسام، ئەمىدى ۋاي دادەي دىگەن غەزەل چىققىنىدىن ئۇرگۇلۇپ كېتەي دەپتىكەن بىر خېنىم...

بۇ چاغدا، كىشلەر ئارىسدا ئەنە شۇنداق سوز-چوچەكلەر سەل سۇيىدەك يامراپ يۇرمەكتە؛ ئاۋۇلار بولسا، كاندىكلارنى چامداپ يۇرمەكتە ئىدى.

ھۇسەيىنەمىنىڭ يېرىنى قايتا-قايتا ئولچەشتى-دە،... چىلىك يەر ئۇشۇق (قوشۇۋالغان) دەپ ھىساپلاشتى. شۇنىڭ بىلەن "پارتىيىنىڭ يەر تۇزۇمىگە خىلاپلىق قىلغان" بولدى-دە، ئۇنىڭ پىپەك چىقراي دەپ قالغان قوناقلىرىنى ۋە پارچە-پۇرات يەرلەرگە تېرىپ قويغان، چىچەكلەشكە باشلىغان كاۋا، ئابدىملىك، گازىرلىرىنى، سەيدىن بولەكىنىڭ ھەممىسىنى قويماي يۇلۇپ تاشلاشتى.

شۇنىڭدىن ئۇچ كۇن ئاۋۋال راخمان يان كوچىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ:

— تېرىما دىگەن ماۋۇ يەرنى نىمىشقا تېرىدىڭ؟ — دىۋىدى، ھۇسەينەم كۇلۇپ:

— مەن ئۇ يەرنى تېرىمىدىم، — دىدى. راخمان سوقما تامدىن سەكرەپلا كىردى. ھۇسەيىنەم يەنىلا كۇلۇپ تۇرۇپ كورسەتتى. ئەھۋال مۇنداق ئىدى:

باھاردا ئولچىگەنىدە "كوچەتىلىكنى كەڭرىتكەن" دەپ

هۆسەينەمنىڭ تاۋاردەك ئىسىل ئېتىزىدىن توغرىسى ئۈچ مېتىر يەرنى "ئوشۇق" چىقىرىپ، قىر سېلىشقان. "بۇ يەرنى تېرىمايسەن" دېيىشكەن ئىدى. هۆسەينەم پىكىر قىلىپ: جۇڭگودا ئادەم تولا، نان كېرەك. نان چىقىدىغان مۇنداق ياخشى يەرنى تېرىماي تاشلىۋېتىش مېنىڭچە توغرا بولمىسا كېرەك، دېگىنىدە، ئاۋۇ: سەن تولا مەمەدانىلىق قىلما. جۇڭگونىڭ كوپ ئادىمى سېنىڭ مۇشۇ تۇماقتەك ئېتىزىڭدا تويامتىما؟ تېرىما دېگەندىن كېيىن تېرىما، دېگەن. هۆسەينەم ئىشنى مۇنداق ئەپلىگەن. هىلىقى قىرنى بويلىتىپ ئۆزىگە تەۋە تەرەپكە كاۋا تېرىغان. پېلىگىنى بولسا، شۇ "ئەتكەس يەر"گە قويۇۋەتكەن. تامدىن سەكرەپ چۈشكەن راخمان بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، بىرنىمە دەي دىسە كاۋىنىڭ كوتىگى هۆسەينەمنىڭ ئوز تەۋەسىدە تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەندە يېگەن خورازدەك قىزىرىپ، غىرىلڭ-پىرىلڭ قىلالماي كەتكەن ئىدى. شۇڭا بۈگۈن ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ "چارۋا بۇزغۇنچىسى"نىڭ كوچەتلىكلىرى، ئوتياشلىق، ئوي، ئېغىل، هاجەتخانىلىرىنىڭ ئورنىنىمۇ يەرگە هىساپلاپ "يېرى ئوشۇق" چىقىرىپ، تېرىلغۇلىرىنى ئاشۇنداق نابۇت قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا مېتىرنىڭ ئۈچىنى تۇتۇپ بەرگەن سايىتنىڭ يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى كونا تېخنىكىسى — "مېتىرنىڭ ئۈچىنى قولغا يىغىۋېلىش" هۈنىرىمۇ يەنە ئەسقاتتى.

چۈشلۈك داڭ ئۇرۇلدى. سۇ تۇتۇش نوۋىتىنى ئۇتكۇزۇپ كەلگەن هۆسەينەم ئېتىزدىكى ئەھۋالنى كورۈپ كەتمىنىنى يەرگە

گۇسسىدە قويدى-دە، ئېغىلنىڭ تېمىغا يېنىچە يۆلىنىپ، يەڭلىرى تۈرۈلگەن ئىككى قولىنى قولتۇغىغا تىقىپ، شۇنداق مۈگدىنىپ تۇراتتىكى، شۇ تاپتا ئۇنى كورگەن ھەرقانداق ئىنسان بالىسىنىڭ ئىختىيارسىز ئىچى سىرىلاتتى. ئۇ، ئاشۇ ھالدا قانچىلىك تۇرغىنىنى ۋە كوڭلىدىن نىمىلەرنىڭ كەچكىنىنىمۇ سەزمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا، كورگەنلىكى كىشى ھەۋەس بىلەن قاراپ، زوقلىنىپ ئوتىدىغان خۇددى ئوقۇغۇچى باللاردەك چىرايلىق ۋە رەتلىك ياپ-يېشىل ئوسۇملۈكلىرى ئەمدى يۈلۈپ تاشلىنىپ ئاپتاپتا سولۇشۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى ئۇشتۇمتۇتلا پەريات كوتەرگەن ئالتۇنخانىنىڭ ئاۋازى بۇزدى. ئۇ، تېزەك تېرىدىگەن سۋەت-پەۋتىنى تاشلاپ، تىترىگەن ئاۋازدا زارلاپ: قولى قۇرۇپ كەتكۈر جۇۋاينىمەكلەر، خۇدا زاۋالىڭنى بېرەر ئىلاھىم... دەپ قارغاپ قاخشىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا مەكتەپتىن خوشال كەلگەن ئانارگۈلمۇ ئەھۋالنى كورۇپ ئوزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

ھۇسەينەم ئويگە كىرگەندىن كېيىن ئايۋاندىكى كاڭنىڭ سۇپىسىدا، بېشىنى گىرەلەشتۈرۈلگەن ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ جاق ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ مۇڭغا تولغان كوزلىرى تورۇسنىڭ قەيېرىگىدۇر قادىلىپ قالغان بولسا، كوڭۇل ئېكرانىدا ئومۇر يوللىرىنىڭ ئەگرى-توقاي مۇساپىلىرى بىر-بىر ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

ئۇ، ئۇچىنچى-تۆتىنچى سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىدە

ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، تىكەندەك يالغۇز يېتىم بولۇپ قالغان. كېيىن تاغ ئارقىسىدىن بارغان يۇدى-يۇقى بىر تۇققىنىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، قايتىشىدا بىللە ئېلىپ چىقىپتىكەن. شۇنىڭدىن تاكى ئۇلكە ئازاتلىقىغا قەدەر ھۇسەينەم مۇساپىرچىلىق يۇرتلىرىدا سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىلا ئورمان ئىشچىسى بولۇپ مەلۇم ئوچاستىكىدا سادىقەتلىك بىلەن ئىشلىگىنى ئۈچۈن بىرقانچە مەرتەم ماددى، مەنىۋى مۇكاپاتلانغان ۋە ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان "ئورمانچىلىق يىغىنى"غا قاتنىشىپ كەلگىنىدىن كېيىن كادىرلىققا ئوستۇرۇلگەن. كېيىن بىر باشلىقنىڭ يوشۇرۇن ياغاچ سېتىپ ئورمانچىلىق تۈزۈمگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقىنى پاش قىلىپ، ئاردىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا يىراق باياۋاندىكى بىر توغراق پونكىتىن "خىزمەت ئېھتىياجى" بىلەن ئەۋەتىلگەن. ئۇ يەردە تۈرمۇش قىينالغانلىقتىن ئويلىنىپ كېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا بېرىپ، ھارۋۇ ھادىسىگە ئۇچرىغان ئاغرىق سەۋەبىدىن بىر يېرىم ئاي كېچىكىپ، ئىسپاتلىق كەلگەن بولسىمۇ "تەشكىلىي تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان" بولۇپ، خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، يېزىغا "شاپاك" قىلىۋېتىلگەن.

يېزىدا ئوبدان ئىشلىرى، ئىجابى پەزىلەتلىرى بىلەن كوپ كوڭۇللەرنىڭ تورىدىن ئورۇن ئالغان. بوش-بىكار يەرلەرگە ئورمان بىنا قىلىش ھەققىدە دۆيگە تەكلىپ ۋە تەرلىرىنىمۇ كوپ بەرگەن. ئوزىمۇ ئوستۇرۇپ كوچەت، كاۋا، تاماكا تاپاۋەتلىرى-

نىڭ قوشۇمچە قىممىتىدىن دۆي ھەم ئەزالار ئېھتىياجىغا ئۆتنە
بېرىشلەردە ئاممىنىڭ ئاپىرىنلىرىغا ئېرىشكەن. ئەمما، سايىت
ساختىدەك بىرنىملەر ئۇنىڭ ھەققىدە: "ئاق يەردىن ئاقچا
ئۈندۈرگۈچى"، "شەخسىيەتچى"، ئۇنداقچى-مۇنداقچى دەپ
كولاپ، بولۇپمۇ ھۆسەينەم ئۆتكەن باھار ئىككى يۈز سەكسەن
كويغا كوچەت ساتقىنىغا ئىچى تېخىمۇ ئاداپ، كوچەتلىگىنىڭ
كوپىنى دۆيگە ئوتكۈزۈۋالغۇزۇپ، قوتۇر كوكۈللىرى ئاران ئارام
تاپقان ئىدى. ئاشۇلىرىنى ئاز دىگەندەك ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئىسىل
دۇخاۋىدەك ئۇسۇملۇكلىرىنى يوقۇلاڭ باھانىلار بىلەن يۇلۇپ
تاشلاشلىرى ئۇلگەنىنىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك ئەلەملىك ئىش
بولماي نىمە؟ شۇڭا ئۇ ھازىر ھالال ئەمگەك ۋە ھەقىقەتنىڭ
بىر ئۇچۇم كوز بوياپچى، ئالدامچى، رەھبەرلىكنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ
ئالدايدىغان بەتبەخلەرنىڭ قەبىھ قوللىرىدا بەربات بولۇۋاتقىنىغا
باغرى خۇن بولۇپ، يۈرەكلىرى ئورتىنىپ، ھەسرەپ-نادامەت-
لەرنىڭ ئاچچىق خىياللار ئوتخانىسىدا تولغىنىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ
جاراھەتلىك خىياللىرىنى چىنە-چوگۇن كوتىرىپ كىرگەن
ئالتۇنخاننىڭ ئاۋازى بۇزدى. ئۇ، ئۇنلۇك قىچقىراتتى:
—ئانارگۇل، كەل قىزىم، داسقانغا كەل، بىزگىمۇ خۇدا بار.



ھويلىدىكى قارىياغاچتا ياتقان باغدات خورازنىڭ قاتتىق قانات

قېقىپ قىچقىرىشى ھۆسەيىنەمنى غەمكىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ، ئويدىكىلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ھەرقانچە قىلسىمۇ بولمىدى. ئاخىرى لامپىنى ياقتى.

— تاڭ ئاتامدۇ؟ — ئاستا سورىدى ئالتۇنخان.

— ھەئە.

— مەنمۇ چىقاي.

ئۇلار چىققاندا ئالەمنى تاڭ قاراڭغۇسى قاپلىغان ئىدى، باغرىنى بۇلۇتلار بويلىغان ئاسمان گۈمبىزى خۇددى كەڭ سەھرا ئۈستىگە كۆمۈرۈپ قويۇلغان قازاندەك سەت ۋە سورلۇق كۆرۈنەتتى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئۇيقۇدا ئىدى. بۇ جىمىلىقنى ئاندا-ساندا خورازلارنىڭ ۋە سازلىقتىكى قومۇشلۇق تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ھۇقۇشنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن خوشنا دۆيىدە قاۋاۋاتقان ئىتنىڭ سوزۇپ ھۇلاشلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

— بۈگۈن ئەجەپمۇ سەت قاراڭغۇ بولۇپتىيا! — دېدى تەنلىرى شۈركەنگەن چوكان.

— ھاۋا بۇزۇق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھۆسەيىنەم.

— يامغۇر يېغىپ قالارمۇ؟ ئوتاننىڭ يوقىدا...

ھۆسەيىنەم ئۈنچىقمىدى. ئۇلار قايتىپ كىرىپ ئورۇنلىرىغا ياتقان بولسىمۇ ئۇخلىيالماي يەنە ئاخشامقى يوتقان سوھبىتىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى:

— زادى كېتەي، بۇ نىملەرنىڭ كوزىدىن يوتەي. ئۇنىڭدىن بولەك يول قالمىدى. ئەمدى ئاشۇ ئالتە مىكيانىنىڭ ئارقىسىغا

تەلمۈرۈپ كورگەن كۈنمۇ-كۈن بولدىمۇ؟

—شۈنىڭغىمۇ ئارامى خۇدا قويسا مەيلىدىغۇ؟ سىز ئائىلىدىكىز-مۇ؟ توخۇلارنىمۇ تىزىملاپتۇ، ھەر بىر ئائىلىگە ھەر ئايدا تاپشۇرىدىغان تۇخۇم نورما بەلگىلەپ، تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئۆي-ئۆيگە جەدۋەللىك قەغەز تارقاتتى. مەن سىزگە كورسە-تىمەن دەپ ئۈنتۈپتىمەن. تارتمىدا بار، تاڭ ئاتقاندا كورستەي. مۇندىن كېيىن شۇ قەغەز بويىچە تۇخۇم تاپشۇرىدىكەنمىز. ئوتكۈزگەن تۇخۇمغا قاراپ، قەن، سوپۇن، سەرەڭگە سېتىپ بەرگۈدەك.

—سەككىز پۇڭدىن كىممۇ تۇخۇم ساتىدۇ.

—بولەكلەرگە ساتسا مۇسادىرە قىلغۇدەك.

—شۇمۇ كۈن بولدىمۇ، زادى كېتەي جۇمۇ!

—كەتسىڭىز بىز قانداقمۇ قىلارمىز؟

—ئاخشام ئېيتتىمغۇ، تاپقىنىمنى سىلەرگە ئەۋەتىپ تۇرىمەن دەپ.

—ئۇغۇ شۇنداق،... كەتسىڭىز نەگىمۇ بارارسىز؟

—بارارمەن بىر يەرگە، ئالەمنىڭ ئېتىگى كەڭغۇ، ھەممىلا جاينى مۇشۇ گوردەك دەمسەن؟

—ئۇغۇ شۇنداق...

ئارىنى ئاز جىملىق ئارىلىدى. ئاندىن ھۆسەينەم ئوز-ئوزىچە ئاستا پىچىرلايتتى:

ئاھ، كاج پەلەك! ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى

تار، يامانلارنى ئەزىز قىلدىڭ، ياخشىلارنى خار، دىگەن گەپ ھەق راست ئىكەندە! — ئۇ، ئۇھ تارتتى ۋە:

— بىر شائىر: دوپپىغا پاتقان بېشىم جاھانغا پاتمىدى دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن، — دىدى. ئالتۇنخان ئەسىندى ۋە ئاكىلىغۇچىنىڭ ئىچى سىرىلغۇدەك ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. ئاندىن ئاستا سوزلەيتتى:

— سىزگە يوللۇق بىر نەرسە پۇشۇرۇپ بېرەي دىسەم ئويدە ئىشۇ يېرىم خالتا سېرىق قوناقنىڭ ئۇنىدىن بولەك ھىچنىمە يوق، ئايلاپ ئاق ئۇن كورمىسە كىشى...

شۇ ئەسنادا سۇرلۇك داڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاۋۇ بۇت قەلەندىرى يەنە داڭلداتقىلى تۇردى، — دىدى ھۇسەينەم ۋە ئالدىراپ كىيىنىشكە باشلىدى. بۇ سەت سوز بىر چاغدا سايىتنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىدا ئۇنى سىلكىۋەتكەن ھۇسەينەمنىڭ ئەمدى ئوزى شۇنى دەۋاتقىنىغا ھەيران بولغان چوكان ئېرىگە لاپپىدە قارىدىيۇ، ئەمما ھىچنىمە دىمىدى.

## 10

ئاخشام ئىدى.

— ئالتۇنخان، سىزنى خىزمەت دۇيىدىكىلەر چاقىرىۋا-تىدۇ، — دىدى ئايااللار دۇيىجاكى. دەرىزىدىن شۇنى دەپ قويۇپلا كەتتى.

ئۇنى چاقىرتقان راخمان سوراق-سوئال قىلغىلى تۇردى. سولغۇن ئولتۇرغان ئالتۇنخان ئۇنىڭغا ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن تەمكىن جاۋاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ:

— سەن ئېرىڭنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، چوقۇم تاپىسەن! — دەپ ئۇستەلنى قاتتىق مۇشتلىشى ئالتۇنخاننىڭ ئوغىسىنى ئورلەتتى-دە:

— غىرت خوجام، — دېدى ئۇ بىردىنلا بوينىنى شاپتۇل قېقىپ، — گەپ قىلمىسا موك دەمسىز، ئىگىز تۇرسا دوك دەمسىز؟ مەن قاچۇرۇۋەتكىنى ئۇ بىر قەپەزگە سولاپ باقىدىغان قوشمىدى، يا نوختىلاپ قويىدىغان ئېشەكمىدى؟ ئۇنى قاچۇرغان سىلەرنىڭ ئوزەڭلا...

— ئا... ئا... ئا... ئۇ نىمەڭنى ب... بىز قاچۇرۇۋەتتۇقمۇ؟

— سىلەر قاچۇرماي كىم قاچۇردى ئەمىسە؟

— ما... ما... ما گەپنى قارىمامدىغان تېخى.

ئالتۇنخان ئۇلارنىڭ ئىش، ھەركەت قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئالدىغا قاتار-قاتار تىزىپ قويغاندىن كېيىن ئاشۇ چاغدىكى ھۇسەينەمنىڭ ئادەم، نان توغرىسىدىكى گېپىنى بۇمۇ تەكرارلىدى ۋە قەھرى-غەزەپ بىلەن دېدى:

— نان چىقىدىغان زىرائەتنى يۇلۇپ تاشلاپ، تاۋاردەك ئېتىزلارنى ئاق قويۇۋاتقان سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى جىنايىتىڭلارنى پارتىيە هازىر ئۇقمايۋاتىدۇ. ئۇقىدىغان بولسا سىلەرنىڭ كارامەتىڭلار ئاشكارا بولاتتى. بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن ئۇقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا كورىمىز تېخى. ھەممە قىلغۇلۇقنى ئوزەڭلا قىلىپ،

خەقنى قاچۇرۇۋېتىپ، يەنە سەن تاز دىگىچە مەن تاز دىۋالاي، دىگەندەك، يەنە مېنى ئېرىڭنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، سەن تاپسەن دەمسلە تېخى؟ ئېرىمنى چوقۇم سلەر قاچۇرۇۋەتتىڭلار، سلەر تاپسلەر...... ئېرىمنى سلەر تېپىپ بېرىسلەر، بولمسا مەن ئۈستۈڭلاردىن يۇقۇرىغا ئەرز قلىمەن، باردىغان يەرگە بارىمەن، — دەپ ۋاقىرىدى-دە، غەزەپ بىلەن قوزغالغان ئالتۇنخان ئىشكنى جاققدا يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىلدام كېتىۋېتىپ ئۇزىنىڭ بۇگۇن مۇنداق قالتىس جاسارەتكە كېلىپ قالغىنىغا ئۇزىمۇ ھەيران بولۇپ، ئۇز ئۇزىگە زوقلىنىپ ۋە مەغرۇرلىنىپ باراتتى. ”ھەي، — دەيتتى ئۇ، — يەنە بىرسى چالا قاپتۇ-دە، ئۇ لوملومىنىڭ ھىلىقى خوتۇن كىشىنىڭ قىزىل ئىشتىنىنى يېپىپ قويغان يەردىن چورگىلەپ كېتەلمەيدىغان كېسلىنىمۇ دەپ-دىۋەتسەم بوپتىكەن. يەنە بىر مورتى كەلسە چوقۇم شۇنداق قلىمەن، يا بەككە يەتكىچە بەل ئۇشتۇلدىغان ئىش بولارمۇ؟... نىمە بولسا بولمامدۇ، نىمە قورقۇش: قورقـ قانىسېرى بويۇنغا مىندىكەنغۇ بۇ بىرنىمىلەر!... بۇگۇن تازا تويغۇزۇپ قويۇۋىدىم، موللام مۇشۇك بولۇپ، سۇغا چۈشكەن كۇچۇكتەك شۇمشەرەپ ئولتۇردىغۇ، زوۋانى تۇتۇلۇپلا قالدى...“

ئالتۇنخان ئۇزىنىڭ ئىشى ۋە سوزلىرىنىڭ بىردىن-بىر توغرىلىغىنغا كوڭلى ئىشەنگەنسېرى روھى تېخىمۇ قاناتلىنىپ، ئۇزىنى قۇشتەك يېنىك سېزىپ باراتتى.

باياتىن بۇ ئەھۋاللارنى دەرىزىدىن تىڭشاپ تۇرغان سايىت

ساختنا ئەمدى قىن ـ قىنىغا پاتماي خوش بولۇپ، ئالتۇنخانىنىڭ
كەينىدىن قارا ـ كورە دىگىنىچە كىلەتتى. ئۇ، ھىجىيىپ
كىرگەندە ئالتۇنخان ياغلىغىنى ئېلىۋېتىپ ئەمدىلا ئولتۇرغان ۋە
ئانارگۇلنى خوشنىلاردىن ئىزدىمەكنى ئويلاۋاتقان ئىدى.
— كېلىڭ، — دىدى ئۇ ئارانلا مىدىرلاپ.
ياڭزىلىق ھى ـ ھىلىغان سايىت بىر ئىش بىلەن ئۇ يەرگە
بارغىنىنى، بولۇنغان گەپ ـ سوزلەرنى تولۇق ئاڭلىغىنىنى، ئەگەر
يانچۇغىدا ناۋىتى بولغىنىدا ئالتۇنخانىنىڭ ئاغزىغا سەپ قويغۇسى
كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ كېلىپ ئاندىن ئالتۇنخاننى راسا ماختىغىلى
تۇردى:
— قالتىس گەپلەرنى قىلدىڭىز جۇمۇ، ئەدىۋىنى راسا
بەردىڭىز، بۇرنى ـ قۇلىغىنچە تويغۇزۇپ قويدىڭىزغۇ، تازىمۇ
ئوبدان قىلدىڭىز ـ دە، دىگەنلىرىڭىز بىردىن ـ بىر توغرا بولغاچقا
ئاغزىنى ئاچالماي قالدى ئەمەسمۇ!
ساختىنىڭ ئالتۇنخاننى ماختاشلىرى، ئاۋۇلاردىن داتلاشلىرى
ئاز ئەمەس ئىدى. ئالتۇنخاننىڭ ئۇنى سوزنىڭ ئېپى كەلگەن
يېرىدە راسا چىقىۋالغۇسى، سۇخەنچى، ئولەمەنلەرنىڭ كاساپە-
تىدىن ئەھۋال ئاشۇنداق بولۇۋاتىدۇ دىگۇسى نەچچە نوۋەت
كەلدى. ئەمما، ئۇنچۇقمىدى. كېيىن سايىت:
— ئوتان ـ پوتان تەرەپتىن يالغۇزلۇق تارتىپ قالسىڭىز،
ياردەمگە بىز تەييار، — دىدى. ئاندىن يەنە بىر تۇرلۇك ھىجە-
يىپ: — كېچىلىرى يالغۇز يېتىپ،... — دەپ سەت بىر چاخچاق

قىلىۋىدى، ئالتۇنخان تويغۇزۇپلا قويدى:
— ئۇنداق گېپىڭىزنى ئىگىسىنى تېپىپ دەڭ. مەن بولسام سىز ئىزدەپ يۈرگەن رەسۋا-شەرمەندىلەردىن ئەمەسمەن. مەن ئالتۇنخانىمەن. بىلىپ قويۇڭ. كىمنى كورسە ھىڭگايغۇچى ئۇنداقلاردىن ئەمەسمەن!
"ئۇنداقلار" دىگەن سوزنى ئۇ ئالاھىدە تەلەپپۇز قىلدى.
— ھىھ... ھىھ... ھىھ... سىزنى سىناپ باقاي دەپ مۇنداقلا چاخچاق قىلىپ قويسام قايناپلا كەتتىڭىزغۇ، ھىھ... ھىھ... ھىھ...
— سىز ئايالارنى سىنايدىغان ئەر-خوتۇنچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىمتىھانچىسى يا يوتقان سالغۇچىسىمىدىڭىز؟
سايىت ئادەتتە ئانچە سوز تەسىر قىلمايدىغان مەخلۇق بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا شەلپەر ئىشتاندەك قىزارماقتا ئىدى:
— بو... بولدىلا، راخمان كادىردىن ئالالمىغان ئەلىمىڭىزنىڭ قالغىنىنى ئەمدى مەندىن ئالماقچىمۇ يا! — ئۇ يەنە زورغا ھىجايدى.
— بىلىپ قويۇڭ، بولەكلەرنى ساختا قىلالىغىنىڭىز بىلەن مېنى ساختا قىلالمايسىز.
ساختا سوزى سايىتقا خۇددى ئىشەكنىڭ يېغىرىغا تىكەن تەككەندەك تەگدى-دە، ئەپتىنى سەل ئوزگەرتىپ، تەرىنى بۇزدى. ئارىنى ئاز جىملىق ئارىلىدى. ئاندىن ئۇ تەھدىت تېرىلىرىنىمۇ خېلى تاراقلاتتى.
— ۋېش، — دەپ تۇمشۇغىنى پۇرۇشتۇردى ئالتۇنخان، —

ئىتتىن قورقـقان گاداي بولماس، ئىتتىن قورققان مالاي.
بۇ چاغدا ئانارگۇلمۇ كىرىپ كەلدى.
— خەير، ياخشى چۈش كورۈڭ، — دەپ سورۇن قىياپەتـتە قوزغالدى سايىت. ئۇ چىقـقانـدا ئىشكنى قاتتىـق ياپماقـنى ئابىيامـلا ئويلـىغان ئالـتۇنـخان ئەمـدى ئەلـپازىـنى ئوز-گەرتتى-دە، مىيىغىدا كولۇپ:
— چاي دەملىسەم بولاتتىغـۇ، قۇرۇقـلا سەت بولدىغـۇ، — دىدى. ئاڭغىچە ئاۋۇ تالاغا چىقىپ بولـدى. بۇسۇغىـدا تۇرۇپ ئۇزاتقان ئالتۇنـخان "خـوش" دىيىـش بىلەن تەڭ نىمىشقىـدۇ پىخخىدا كولۇۋەتتى.

## 11

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئەسكى كوۋرۇكنىڭ تۇۋىدە، تەخەيلىك ئىشەككە مىنىپ، بىر سىۋەت تۇخۇمنى ئالدىغا ئىلىپ ئويـچان كىتىۋاتقان ئالتۇنخانغا توساتتىنلا سايىت ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئادىتىچە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ھىجايـىدى ۋە تىچـلىق سورىۇ-شۇپ، نەگە، نىمە ئۇچۇن كىتىۋاتقىنىنى سوراپمۇ ئۇلـگۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئارقىدىراق قىلىپ كىلىۋاتقان يۇگلۇق قارا تەخەينى ئۇركۇتۇپ قوغلاپ يىتىشتۇرۇپ قويۇپ "ياردەم" قىلغى-نىدىن كىيىن يولىنى داۋام ئەتتى. قۇۋلۇق-شۇملۇقـنىڭ ھەر-قانداق قىسمەتلىرىنى چاقماق تىزلىگىدە ئويلاپ ئۇلگۇرەلەيدىغان

ئۇنىڭ ئالا بېشى بۇ دورەمۇ ماشىنىنىڭ موتورىدەك ھەركەتكە
كەلدى-دە، ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ:
— سەن سېرىق جالاپىنى، توختاپتۇر... ئەدىۋىڭنى شۇن-
داق بەرمەيدىغان بولسام، — دېدى-دە، سولغا بۇرۇلۇپلا كوممە
قوناقلىق ئارىسىدىكى چوڭ ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن خۇددى
قويۇن تازدەك چاپتى. ئۇ يىقىلىپ قوپۇپ، ھەسرەپ-ھومۇدەپ
كەلگىنىچە بايا كورۇپ ئوتكەن ئوستەڭ بويىدىكى باغلاغلىق
بوز ھاڭگىنىڭ قوزۇغىنى سۇغۇرۇپ قويۇپ قاچتى-دە، قوناق-
لىقنىڭ ئىچىدە مۇكۇپ تۇردى. ئالتۇنخان ئۇدۇلدىن ئوتۇپ
بېرىۋاتقاندا، سايىت بوش ئاۋاز بىلەن ”غىر... غىر... غىر...“
دەپ بوز ئېشەكنى ئويغاتتى. ھا... دەپ چاپقان بوز ھاڭگا
ئېرىقتىن ئىرغىپ ئوتۇپ ھۇجۇمغا شۇنداق ئوتتىكى، ئۇ دەھ-
شەتنى كورۇش بىلەن ئولە-تىرىلىشكە باقماي چاپقان ئېشەكنى
ھەيچقانداق قىلالمىغان ئالتۇنخان قىيا-چىيا بىلەن پەريات
كوتىرىپ باراتتى. بوز ھاڭگا ھايت-ھۇيت دېگىچە يەتتى-دە،
بارلىق ئىشتىياقى بىلەن مادىنىغا ئارتىلدى. جىگدە
كوتىكىگە قاتتىق چۈشكەن ئالتۇنخان ئايلىنىپ كەتتى. تۇخۇمى-
نىڭ تەقدىرىگە كەلسەك، ئۇنى دەسسەپ-پىتىقلاپ ھاڭگا
باتۇر ئوزىنىڭ ئالدىراش ئىشىنى پۈتتۈرۈشكە قىزىقماقتا ئىدى.
ئاڭغىچە سايىت غىپپىدە تىكىۋەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ يەرگە ئالدى
تەرەپتىن ۋەلىسىپىتلىق بىر قىز كېلىپ قالدى. ئۇ موڭغۇل قىز
ئىدى. قىز سەكرەپ چۈشتى-دە، ئالتۇنخاننى يولەشتۇردى. يالغۇز

چامىسى كەلمىگەچ دەرھال ئارقىسىغا قاراپ ئۇچتى. ئايلىنىشتىلا ئالا توپاق قوشۇلغان كىچىك ھارۋىغا ئۇچراشتى. ئۇلار ئىلدام كەلگەندە، ئالتۇنخان شۇ بويىچە ياتاتتى. ئاغامچىلىرىغا چىلىك چىرماشقان ئىشەكلەر بولسا، خۇددى قېيداشقان ئامراق ئەر-خوتۇنلاردەك ئۇزلىرىچە ماي تارتىشىپ تۇراتتى. ھارۋىدىكى ئاز ئۇن بىلەن تۈگمەندىن قايتقان لى يۈبىك بولۇپ، ئۇ، ئالتۇنخانلار دۆيىنىڭ گۈزەتچىسى ۋە داڭ ئۇرغۇچىسى ئىدى. ئىككىسى ھارۋىغا ئېلىۋاتقاندا ئالتۇنخان قاتتىق بىر چىقىراپ كۆزىنى يوغان ئاچتى-دە، يەنە چىڭ يۇمۇۋالدى. لى لوخەن ئاۋۇ "بوز جىنايەتچى"نى ئۇرۇپ، بولەك ئىلاج بولمىغاچ كەتەككە قاتتىق باغلىۋەتتى-دە، ئالتۇنخانىنىڭ ئىشكىنى ياندىقىا قوشۇپ، يەنە ئارقىسىغا قايتتى.

ئۇلار گوڭشې دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە چۈشتىن كېيىنكى ئالمىشىشتىن چىقىۋاتقان ئايال دوختۇر دىڭ شۇلەنگە ئۇچراشتى. ئۇ، ئەھۋال جىددىيلىكىنى كۆرۈپ بىللە كىرگەندە دوقا دوختۇر "كارۋات يوق"لىقىنى دىۋىدى، دىڭ دەيفۇ ...كارۋاتنىڭ بوشلۇقىنى بىلدۇردى. بۇ چاغدا دوقا دوختۇر قورۇق قاپلىغان خۇنۇك كۆزلىرىنى چىملداتتى-دە، "يۈز كوي تولەش"نى دىدى. دىڭ دەيفۇ "كۆرۈۋاتامسەن" دىگەندەك دوقىغا كۆز قىرىدا قارىدى-دە، ئالدى بىلەن ئادەم يوجىلىك، دەپ سىستىرالارمۇ ئۇلاش-چولاش ئالتۇنخاننى ئېپكىرىۋاتقاندا "دوقا دوختۇر" دەپ نام چىقارغان خاڭگاۋاش ياڭ چىمىن

كوسا يۇزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ نىملەرنىدۇ غودۇڭشىغىنچە نېرىقى بولۇمگە كىرىپ كەتتى.

موڭغۇل قىز دىنا ئالتۇنخاننىڭ شۇ ئەتراپتا تۇققىنى بارلىغىنى بىلەتتى. ئۇ خەۋەر قىلىشقا گۇڭشېنىڭ بوستانلىق كوچىسى ئارقىلىق ئۇچقاندەك كەتتى. لى يۇبىڭمۇ دۇيگە ئېيتقىلى ماڭدى.

دىنا كوپ ئۇتمەيلا ئالتۇنخاننىڭ سېرىق چاچلىق تۇققىنىنى باشلاپ كەلگىنىدە، ئۇ، ئاسما ئوكۇلدا، كوزلىرى ئوچۇق، كوڭلى كوتىرەڭگۇ ھالدا ياتاتتى. قىز خوشلاشقىنىدىن كېيىن ئوزىنىڭ ئىشىغا ئىلدام كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەن "خىزمەت گۇرۇپپا باشلىغى" راخمان ئۇ چارۋا بۇزغۇنچىسى، قاچقۇنچى، ئېغىر مەسىلىسى بار ئائىلىنىڭ ئايىلى بولغاچقا دۇيدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە، دوختۇردا ياتقۇزۇشقا بولمايدىغانلىغىنى دىگىنىدە، دوقا دوختۇرنىڭ ئىشىگى ئالتە چىشلىق بولۇپ، كۇلۇپ كېرىلىپ كەتتى، ئۇ خوتۇننى ئەتىلا چىقىرىۋېتىش ئۇستىدە گەپ بولۇۋاتقاندا، گەپ ئۇستىگە دىڭ دەيفۇ كىرىپ قالدى. ئۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان مۇنازىرە باردى. ئاقىۋەت دىڭ دەيفۇ دىدى:

— دوختۇرنىڭ ۋەزىپىسى — ئادەمنى ساقايتىش. ئەگەر قوراللىق ئۇرۇشتا ئەسىر چۇشكەن دۇشمەن ئولتۇرۇشكە تېگىشلىك بولسىمۇ ئالدى بىلەن داۋالاپ ساقايتىپ ئاندىن

ئولتۇرۇلدۇ، بۇ قائىدە. بۇ ئايال بولسا ئۇز كىشىمىز، ئەمگەك ئەھلىغۇ؟

بۇ چاغدا ئاۋۇلار ئۇدۇق-بۇدۇق قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بايىقىدەك گولىيسپ، يا تىكىلىپمۇ قارىيالماي خۇددى يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك سالپىيىپ قېلىشتى.

دىڭ دەيفۇ (دىڭ شۇلەن) خوش مۇئامىلە-مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئەل ئىچىدە "شاڭخەي قىزى"، "شاڭخەي گۈلى"، "شاڭخەي گۈزىلى" دىگەن ئېتىۋار ئىگىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىنقى يىلى قىشتا قوشكېزەك تۇققىنىدا خوشىنىسى مولىلابىتىنىڭ ئائىلىسى ۋە باشقىلارمۇ ھەر كۈننى تەرك ئەتمەي سۈت بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ بۇ ياردەملىرىنى دىڭ خانىمنىڭ ئۇزى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ھەممىگە ھىكايە قىلىپ يۈرەتتى.

"يۈز كوي" ھەققىدىكى ئەھۋالنى دۈيدىكىلەر ئۇقىقاندىن كېيىن كوپچىلىك غۇلغۇلا كوتىرىشىسە "نەق پۇل يوق"، "بانكا بەرمىدى"، "بوغالتىر ئاغرىپ قاپتۇ"، "كاسسىر توي قىلغىلى كەتكەن" دىگەندەك سەۋەپلەر خامىنىدىن ھىچبىر ئۈنۈم چىقمايتتى. شۇڭا: كوپ تۈكۈرسە كول بولۇر، بولمىسا چۈل بولۇر دىيىشىپ، بەش كىشى كېڭىشىپ يىگىرمە كويدىن جۇغلاپ، مىركىرىم باشلىق ئۇلار يۈز كوينى ئېلىپ، ئالتۇنخاننى يوقلاشقا باردى.

ئالتۇنخان ئاق كارۋاتتىن ئۇرە بولۇپ، بۇ غەمخورلۇققا مولدۇردەك ياشلىرى بىلەن رەھمەت ياغدۇراتتى. بۇ ياخشىلىق-

لارنى ئولسمۇ ئۇتتۇمايدىغانلىغىنى ئىزھار قىلىشقا بىر ئاغزى
ئازلىق قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئاندىن ئۇ ئانارگۇلنى باغرىغا
بېسىپ، ئۇنىڭ مەجنۇنتالنىڭ يوپۇرمىغىدەك بۇدرە چاچلىرىنى
سىلاپ تۇرۇپ:

— مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانا، مۇشۇ بالامدىن يانا، ئاللا ئامان قىلسا ھۇسەينەممۇ كېلەر، — دەپ ئۇنلۇك يىغلىۋەتتى.

ئەندىكى گەپنى ھۇسەينەمدىن ئاڭلايسىلەر.

## 12

"قاچقانىمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانىمۇ خۇدا دەيدۇ" دېگەندەك ھۇسەينەم تاشيول بويىدا تۇخۇم، تاماكىلىرىنى قويۇپ تۇرىشىغىلا بىر ماشىنا يوپۇرۇلىغا كېلىپ شىپپىدا توختىماسمۇ، ئۇ، ئۈمىت نۇرلىرى چاقنىغان كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ ئىنتىزار تەلمۈرەتتى. ماشىنىدىن چۈشكەن ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئوڭ، شىرىما چاپانلىق، ئاز-ماز چېچەك ئىزلىق شوپۇر كۇلۇمسىرەپ كەلگىنىچە كورۇشتى. ئالدى بىلەن تاماكا تۇتقان ھۇسەينەم ئۇنىڭ سىلىق مۇئامىلىسىگە قاراپلا مۇددىئاسىنى ئوچۇق ئېيتتى. شوپۇر ئۇنىڭغا مانداقلا بىر قارىغاندىن كېيىن بولەك گەپ قىلماستىنلا:

— چىقىڭلار ماشىنىغا، — دېدى-دە، ماڭدى. شۇ ماڭغىنىچە ئۇلار گېگى-مۇگى ئۇرۇمچىگە كەلدى. كەلگىچە شوپۇر شېرىپ

ھۇسەينەمنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ دىخانلارنىڭ ھالىغا بەك ئىچ ئاغرىتتى. ئاندىن ئۇمۇ ئۆز كورمۇشلىرىنىڭ بەزىلىرىنى سوزلەپ بەردى. ئۇ، گېئولوگىيە ئەتىرىدى بىلەن لوپنۇر تەرەپ-لىرىگە بارغىنىدا ئۇ يەردىكى دىخانلارنىڭ بۇيىغا يەتكەن قىزلىرىنىڭمۇ جۇلدۇر كىيىملەردە، ھەتتا تەنلىرى ئوچۇق يۈرگەنلىرىنى، بەزى قېرىلارنىڭ بۇلاردىكى گىردە نانلارنى كورۇپ، يۈز-كوزلىرىگە سۈرتۈپ، دۇنيادا مۇشۇنداق نانمۇ بار ھە؟ مۇشۇ نانىنمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم بالىسى يەيدۇ، ھە؟ ئاق نانىنمۇ كوزىمىز كورىدىكەن، دەپ نانىنى تاۋاپ قىلىپ يىغلىغانلىقىنى كوپ كورگىنىنى، خەلقىنىڭ يەر-سۇ بەرگەن پارتىيىدىن خوشلۇغى، ئەمما يەرلىك خاقانلارنىڭ بىچارە دىخانلارنى قان قاخشىتىپ، ئۆزلىرى باي بولۇش، باياشات ياشاشتا بۇرۇنقى بەگ، ئامبال، زالىم-زومىگەرلەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى ھەققىدىكى نالە-زارلىرىنى ھەر قەيەردە كورگەن-ئاڭلىغانلىغىنى ئېيتتى.

شوپۇر شېرىپ ئاندىن ھۇسەينەمگە: ئۆزىنىڭ ئۆيى ئۈرۈم-چىدە ئەمەسلىگى، خىزمەت بىلەن كېتىۋاتقانلىغى، ئەگەر بۇ يەردە بولغىنىدا ئۇنىڭغا باشپانا، خەيرىخاھ بولىدىغانلىغى ھەق-قىدە ئۆزرىخالىق ئېيتتى ۋە ئۇنى نۇر باققا يېقىن بىر يەردە چۈشۈرۈپ قويدى، ھۇسەينەم سۆەتتىكى تۇخۇمنى تەڭلىۋىدى، ئالمىدى. تاماكىدىن ئالغان بولسىمۇ پۇل تەڭلەپ تۇرۇۋالدى.

ھۇسەينەم:

— ياق بولمايدۇ، مۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ، — دېگىنىدە، ئۇ، نوزەمبەللا ئۇنىماي:

— ياق، مەن ئادەمگە رەھىملىكنى پۇلغا تېگىشمەيمەن، ساۋاپنى ساتمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماكىڭىزغا پۇل ئېلىشىڭىزنى سورايمەن. بولمىسا سىزدىن خاپا بولىمەن، — دەپ ئۇنىڭدىنمۇ چىڭ تۇرۇۋالدى. ھۆسەيىنەم نائىلاجلىقتا ئۇنىڭ پۇللىرى ئارىسىدىن بىر قىزىل تىزىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا:

— بولدى، بولدى، مەن رازى، — دەپ نېرى داجىدى. شېرىپ خوشلىشىپ ماڭغىنىدا ھۆسەيىنەم ھاياجىنىنى باسالماي دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ تەلمۈرۈپ:

— خوش... خوش، سالامەت بولۇڭ، خۇدا ئامان قىلسۇن، ئۆمرىڭىز ماڭغان يولىڭىزدىنمۇ ئۇزۇن بولسۇن! — دەپ تاكى ئۇ كۆزدىن غايىپ بولغىچە قاراپ قالدى. ھۆسەيىنەم ئۆز- ئۆزىگە ئاستا سۆزلەيتتى:

— ئاللەمنىڭ قوينى كەڭرى، ياخشى ئادەملەر ئەلۋەتتە بار، دۇنيا شۇلار بىلەن ئاۋات بولىدۇ.

## 13

تۈن تەڭ مەزگىل ئىدى، ”مۇساپىرلار مېھمانخانىسى“دا قاچ-قاچ بولۇپ كەتتى. ئاخشامدىن ئاستىغا تاش، كېسەك پېتىپ ئۇخلىيالماي يېڭىلا كۆزى ئىلىنگەن ھۆسەيىنەم ئۈستىگە بىرسىنىڭ

"كۆپ" قىلىپ يىقىلىشى بىلەن ئۆندەرەپ تۆرغىنىدا ئۆڭكۆرنىڭ تېشىغا ئۇسۇۋېلىپ، بېشى بەك ئاغرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قاچقانلار قاتارىدا بېشىنى سىلىغىنىچە تەمتىرەپ يۈگۈرەيتتى. شۇ ئاندا "قاچ-قاچ" توختاپ، كۈلكە ۋە كىمنىدۇ مەسخىرىلەش، تىللاش باشلاندى.

بۇ "مۇساپىرلار مېھمانخانىسى" دىگىنىمىز نەنزىگۇ تېغىنىڭ پويىز يولى تۇۋەيىنىدىكى ئۆڭكۆرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ يەرلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاشۇنداق ئۆي، ماكانسىز، سەرسان-سەرگەر-دان، مۇساپىر-مۇجاپىرلارنىڭ پانا جايىغا ئايلاندى.

ھۇسەينەم ئۇرۇمچىگە كەلگەن كۈنى كەچقۇرۇندا، گەرەژنىڭ ئالدىدا بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا ئۆزىگە ئوخشاش بىرسى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ:

—ۋاي ئاداش، ئادەم دىگەن بىر توشۇكتىن چىقىپ، يەنە بىر توشۇككە كىرگىچە نىملەرنى كورمەيدۇ دەيسىلە؟ تولا غەم قىلماڭلا، "ئادەمنى غەم يەيدۇ، تومۇرنى نەم" دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئۆلۈمدىن باشقىسىنىڭ بەرى تاماشا ئاداش. جۇرۇڭ-لار، مۇساپىرلار مېھمانخانىسىغا بارىمىز، —دەپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن. ئاندىن ئۇ ئەھۋال شارائىتىنى تونۇشتۇرۇپ: — بۇ يەردە... نىچى،... نىچى... نىچى مېھمانخانىلار بار، مۇنداق مېھمانخانىلار خىجاسەن تەرەپلەردىكى تاش كولايدىغان-لارنىڭ ئورىلىرىدىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ مېھمانخانىلارنىڭ باش ئىدارىسى ئەنە ئاۋۇ تاغ ئۈستىدىكى قارىياغاچلىقتا، —دەپ ئۇك

قولىنى ئۇنىڭ ياققا سوزۇپ قاپ-قارىيىپ تۇرغان "خۇگسەن تىغى"نى كورسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھۇسەينەم بۇ كېچە بۇ مۇساپىرلار قەۋمىنىڭ "يېڭى مېھمىنى" بولۇپ، بۇ بۇيۇك خانىدانىغا يەنە بىر سان قوشۇلغان ئىدى. يېرىم كېچە مەزگىلىدە "قاچ-قاچ" بولۇشى كىمدۇر بىرسى ھاجەتكە چىقىپ قول چىراق ياققان، "قاپاقۋاش قاراۋۇل"مۇ ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. ئۇ قول چىراقنى كورۇپ، ئوندەرەپ ۋاي ساقچى كەلدى... دەپ ۋاقىراش بىلەن بۇ "قاچ-قاچ پاجىئەسى" سادىر بولغان ئىكەن.

ھۇسەينەم ئەتىسى بويى قىزىپ، ئۇستىخانلىرى سىقىراپ، بىرئاز ھەرەج تارتىسىمۇ غەيرەت قىلىپ ئوتتۇرا كوۋرۇۋا ئەتراپىغا كەلدى. بىر كىچىك چايخانىغا كىرگىنىدە ئوتتۇ ياشلىق، دۇمچەك بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ كىش ھۇسەينەمنىڭ قولى ئەپچىل، ئوزى ئوگلۇق، ئايىغى يېنىك، ئاغزى يۇمشاقلىغىنى ياقتۇرۇپ قالدى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ماكانداش بولۇپ قالدى. بارا-بارا ھۇسەينەم ئوزىنىڭ ئىنساپ-دىيانىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەنمۇ ئۇ ئادەمنىڭ "سىناش" ئىمتىھانلىرىدىنمۇ مۇكەممەل ئوتۇپ، ئوز تۇققىنىدەكلا بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

دۇمچەك بوۋاينىڭ ئېتى ئىسلام ئاخۇن ئىدى. ئۇ بىر كەچقۇرۇنى بەك پەرىشان كەيپىياتتا كىرىپ كەلدى-دە، ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ھۇسەينەمگە بىر ئەنسىز خەۋەر ئۇققانلىغى، كېچىسى نوپۇس تەكشۇرۇش بولىدىغانلىغىنى

ئېيتتى. ھۆسەينەم تەشۋىشلىنىۋىدى:
— كەچ بولۇپ باقسۇن. بىر ئىلاجىنى قىلارمىز، كوپ ئەنسىرىمەڭ، تالا-تۈزگە چىقمايراق تۇرۇڭ، — دىدى.
ئاخشام باشلاندى. ئىسلام ئاكا ھۆسەينەمگە پۈتۈن يېتىش، سەگەك بولۇشنى تاپىلىدى. ئۇلار ئىشىك-دەرىزىلەرنى مەھكەم ئېتىپ ياتقىنىغا بىر ھازا بولغان بولسىمۇ ئۇيقۇلىرى كەلمەي ئۇ يان-بۇ يان دومىلايتتى ۋە ئۇ يان-بۇ ياندىن ئاز-تولا سوزلە-شىمۇ قوياتتى. پات-پات چىقىپ تالانىمۇ تىڭشايتتى. ئىسلام ئاكا كېيىنكى بىر چىقىپ كىرىشىدە:
— جىمجىتقۇ، ئارام ئالايلى! — دىدى-دە، ياتتى. ئەمما ئۇيقۇسى كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنچىقمايتتى. ئوي ئىچى جىمجىت ئىدى، بۇ جىملىقنى پەقەت پۈچقاق مۈشۈك بىلەن ئۇنىڭ بىر جۈپ ئاسلىنىنىڭ خۇددى قوۋۇز چالغاندەك نەغمە-لىك خورەكلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئاز كېيىن ھۆسەينەمنىڭمۇ يېنىك خورەكنى تەككەشلەۋاتقىنى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئەمدىلا كوزى ئىلىنگەن ئىسلام ئاكىغا "ھەي..." دىگەندەك بىر ئۈن زايە بولدى-دە، چوچۇپ ئويغاندى. تالادىن دۈپۈرلەشلەر شەپىسى كەلگەچ ھۆسەينەمنى دەرھال ئويغاتتى-دە، ئىككىسى ئىلدام چىقىپ يوچۇقتىن مارىۋىدى، كوچىدا ئادەم يامراپ يۈرۈپتۇ. ئىسلام ئاكا شۇ ئان ھۆسەينەمنىڭ پىشىدىن تارتتى-دە، ئاخشامقى گەپ بويىچە ئوگزىگە چىقىرىپ، ئوت خەسنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، شوتىنى ئېلىۋېتىپلا

كىرىپ يېتىۋالدى. سەل كېيىن ئىشىك قېقىلغاندا، ئۇ ھېچنېمە كۆرمىگەن ۋە بىلمىگەن بولۇپ ئەسنەپ، كۆزلىرىنى ئۇگىلاپ چىقتى. ئىشىك ئالدىدا ھەننىۋاسى ئوك بىلىكىگە ئاق لوڭگە باغلىغان ھەربى، ساقچى ۋە مەھەللە ۋەكىللىرى تۇراتتى. ئۇلار نوپۇس تەكشۈرىدىغانلىقىنى، قورقماسلىقنى، راست سۆزلەشنى ئۇقتۇرۇپ، ئاندىن مەھەللە ۋەكىلى بىلەن ساقچىنىڭ باشلام-چىلىقىدا قائىدە-يوسۇن بىلەن ھويلا ۋە ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا يان خوشنىلارنىڭ ئوكزىسىدە يۈرگەنلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئاڭغىچە ئۇلارمۇ بۇ تەرەپتىكىلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن ئىگىز ئوكزىدىن بىرسى پەستىكى ئوت-خەس ئۈستىگە سەكرى-ۋىدى، كوتىرىلىپ تۇرغان چوپ سىرىلىپ كېتىپ، سەكرىگۈچى دەل ھۆسەيىنەمنىڭ بويىنىغا مىنىپ قالدى. ئۇندەرىگەن ئۇ سەكرەپ تۇرغىنىدا ساقچى جاق ئوكدىسىغا چۈشتى. قول چىراقلار پاقىراپ كەتتى. سەكرەپ تۇرغان ساقچى ھۆسەيىنەمنى بىر كاچات سالدى. ئاڭغىچە ھەربىلەر ئارىچىلاپ ئورغۇزمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەم كۆلكە ھەم خاپىلىق باشلاندى، ئۇلار ھۆسەيىنەمنى ئېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئىسلام چال كۈچەپ-كۈچەپ سۆزلەيتتى:

— ئەمدى... ئەمدى... بىر مۇسۇلمان بالىسكەن، ئوغرى، قاراقچى ئەمەس...

## 14

ھۇسەينەمنىڭ يىغىۋېلىشتا ياتقىنىغا يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى، ئادەملەر شاپتۇلدەك قاچىلانغان تومۇر راشاتكىلىق "بۇ ئويلەر"دە، ئۇ تازىلىق جەھەتتىن بەك قىينىلىپ كەتكەچ بىر ئاخشىمى ئىشتىنىنى يۇيۇپ يېيىپ قويغان ئىدى، سەھەردە چىقسا يوق، ئۇ، زەن باشلىغىغا دېۋىدى، ما زەنجاڭ:

—بۇ يەر نە بىلەمسەن؟ بۇ ئوغرى، قاراقچى، قۇلاق كەستىلەرنىڭ ئۇۋىسى تۇرسا، ئا، ئا... سەن نېمىشقا ئۆزەڭگە پۇختا بولماي، ئوغرىلىق ۋەقەسىگە يول ئېچىپ بەردىڭ؟—دەپ توۋلىدى،—بۇ يەر توگە يۇتسە تۇكىنى تاپقىلى بولماي-دىغان يەر بۇ، بىلىپ قوي..."

"ھە،—دەيتتى ھۇسەينەم ئىچىدە،—مۇنداق گەپمۇ بار ئىكەن-دە، تېخى..."

ئۇ ئەندى ئىشتانسىز قالغانلىغىنى، بۇ يەرگە تۇتۇپ كەلگەن كېچىسى ئاختۇرۇپ ئۇلار ئېلىۋالغان پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدى، دۇرداي كالپۇك زەنجاڭ دەرغەزەپ بولۇپ:

—يو... يو... يوقال، ماڭ، چىق...—دەپ قوغلاپ چىقاردى.

ئىشتانسىز قالغان ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان ئاقسۇنىياز ياكى "ئاقنىياز" نىمكەش بىر شىمىنى بېرىپ تۇردى. ئىنچىكە بوي،

ئويناق كوز ئاقنىياز ھەر ئىشقا چىۋەر ئىدى، ئۇ بىر كۈنى ھۇسەينەمگە قىچىپ كېتىشنى دىدى، ھۇسەينەم ھە دىگەندە قورقتى. چۈنكى، قامال قاتمۇ-قات قاتتىق ئىدى. ئەمما ئاقنىياز ئۇنى ئاقىۋەت كوندۇردى ۋە ئىشەندۇردى. قوۋۇرغا، تومۇر، تاش تەييارلاشتى. "ھاجەتخانىنىڭ توشىگى بىلەن قىچىش" پىلانلاندى.

بورانلىق بىر كېچە ئىدى، ئىككىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىت قەرەلىدە چاقماقتەك تېز چىقىپ، نېرىراقتىكى ھاجنىڭ لىۋىگە بېرىشىغلا پوتەيدىكى پوس تۈيۈپ قېلىپ چىراق ياندۇردى ۋە ئوق ياغدۇردى. ئوق بىلەن تەڭلا ھۇسەينەم يارغا ئوزىنى ئاتتى، قايتىپ قوپالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ پۇتى چىقىپ كەتكەن ئىدى. ساقچىلار كەلگەندە ئۇ ئوك پۇتىنىڭ لىپىگىنى ئوگىلاپ ئىڭىراپ ئولتۇراتتى. ئاقنىياز بولسا، ئىككى يېرىدىن ئوق تېگىپ ئاللىقاچان ئولۇپ بولغان ئىدى. ھۇسەينەمنى ئېپكىرىپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ ئايرىم "خانا"غا قاماشتى. ئەتىسى ساقچى ۋە سوت خادىملىرى بىلەن دوختۇرلار كېلىپ ئاقنىيازنىڭ جەسىدى ياتقان نەق مەيداننى تەكشۈردى. ئاقنىياز "قاچمىغان بولسا ئولمەيتتى..." دەپ، يەنى قېچىپ ئولگەنلىكتە ئەيىپلەپ، چوڭقۇر كولاپ، دەسسەپ كومۈۋەتتى. ھۇسەينەمنى بولسا، قاچقان ۋە بىر ئادەمنىڭ ئولۇشىگە زامىن بولغان "يېرىم قاتىل" دەپ، قوش جىنايەتچىلىگى ئۈچۈن ئون توت يىلغا كەستى.

# 15

يىللار ئۆتمەكتە، بۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئەھۋاللار ھۆسەيىنەمنىڭ كاللىسىدىن ئەسلا ئۆتمىسمۇ ئەمما قاتتىق رىژىمنىڭ ھوكۈمىگە مەجبۇر كونگەن ئىبغىر كۈنلەر-تۈنلەرنى قوغلىشىپ ھەسرەت-نادامەتلەر باياۋىنىغا چوكۈپ كەتمەكتە، ئەلەملەر يەتمەكتە ئىدي.

ھۆسەينەم قورالىلىق رىژىم، ئىبغىر ئەمگەك ئاستىدا ئىدى، ھەر كۈنى تورغاي ئويغانماستىن بالدۇر ئىشقا ھەيدەلىسە، كەچ گۇگۇمدا ياكى بەزىدە ئاي يورۇغىدا ياندۇرۇلاتتى. ھاجەتكە بارسىمۇ سوراش، ھەر كۈنلۈگى ئۈچ ۋاق ئۈماچ، ياكى "ھوباتۇر"، مۇئامىلە-مۇناسىۋەتلەردىكى قاتتىق ۋە قاتمۇ-قات چەكلىمىلەر، بۇ يەردىكى بۇزۇلغان، كاردىن چىققان ئەسكى ئادەملەرنىڭ يىرگىنىشلىك گەپ-سوز، قىلىقلىرى، ئەڭ زىرىكەرلىك، نەپرەتلىك "ھايات"—ھەممە-ھەممىسى ھۆسەينەمنىڭ يۈرەك-باغرىنى گويا ئىچىگە كىرپە كىرىۋالغاندەك ئارامسىز تاتىلاپ، چىشلەپ، غاجاپ، كولاپ يەۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەمىشەم دىگۇدەكلا: كىم ئىدىم؟ كىم بولۇپ قالدىم؟ نىمە ئۈچۈن؟ دىگەن ئاچچىق، ھارارەتلىك گىدىرماچ سوئاللار ئىختىيارسىز ھالدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى ھەر ئوي، ھەر كويلارغا سالاتتى. ئۇ، ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى

پەقەت ئەركىنلىكتە، سىياسى ئەركىنلىكتە ئىگەنلىگىنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنمەكتە، ھور ھاياتنىڭ قەدرىگە بارغانسېرى يەتمەكتە ئىدى. نەسىل، ئەۋلات، جەددى-جەمەتىنىڭ باللىسىدىن-باللىسىغىچە ئاشۇنداق يەرلەرگە كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدە ۋەسىيەت، نەسىھەتنامىلەر يازغۇسى كېلەتتى.

ئۆز ئۆمرى ھەققىدە ئويلىغانلىرىدا، ھازىر ئوتتۇز ئالتە ياشتا بولسام، ئەللىك ياشتا چىقسام، بوۋايغا ئايلانسام، ئالتۇنخان موماينغا، قىزىم ئانارگۇلچۇ؟ ئوقۇشى، تۇرمۇشى دىگەنلىرىدە مۆكلۈق، دىمىق، قىستاڭ، قاراڭغۇ كېچىلەردە ئۇنىڭ كوز ۋە كىرپىكلىرى چىلىق-چىلىق ياشلارغا چومۇلەتتى.

"راستلا شۇنداقمۇ؟ ئون توت يىل ھە، ئاھ...خۇداۋەندە كېرىم سەن راست بارمۇ؟ يا يوقمۇ؟ بار بولساڭ ما ئالەمدە بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى كورمەيۋاتامسەن؟ قانداقمۇ تاقەت قىلىپ چىداۋاتىسەنا؟ يا مۇشۇنداق كۈنگە سېلىپ قويۇپ، ئوزۇڭ تاماشا كورگىلى ياراتقانمۇ بۇ بەندىلىرىڭنى؟ بىچارە بەندىلەرنىڭ ئاھۇ-زارى، نالە-پەريادىنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟ بىچارە دەرتمەنلەرنىڭ پىغان-پەريادى، ئاھلىرى ئوتقا ئايلىنىپ، پەلەك-پەرمانلىرىڭغا تۇتىشىپ كېتەر دىمەمسەن؟ ئەي خۇدا، — دەپ نىدالەر ئەيلەيتتى.

"ياق، قەتئى ياق. ئەبىدى مۇنداق بولۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس" دەيتتى ئۇ ئوز ئوزىگە تەسەللىلەر بېرىپ، "ئالەم ئالەم بولغاندىن بۇيان ھەر ئاجايىپ

ئىشلار بولغان ئىكەن، ھەر ئاجايىپ خانۇ-خاقان، نەمرۇت-شەدداتلارمۇ ئۆتكەن ئىكەن، ھەر-ھەر ئاجايىپ توپان بالاسىمۇ بولۇپ ئۆتكەن، يەنە ئالەم ئالەملىكتە قالغان ئىكەن. دىمەك، بۇ، ئۆتكۈنچى ئالەم ئىكەن. بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر، بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىدىغان چاغ، سورايدىغان ئادەممۇ چىقار. مەن ئويلايمەن، مەن ئىشىنىمەنكى، چوقۇم چىقىدۇ، شۇنداق كۈن چوقۇم كېلىدۇ، كومپارتىيە ھەقىقى كومپارتىيە بولىدىكەن، ئۇنداق كۈن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم كەلمەي قالمايدۇ. چۈنكى، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىككى-ئۈچ ھوكۇمەتنىڭ چالا قالغان ھىساۋاتلىرىنى قىلالىغان كومپارتىيە ئۆز زامانىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھىساپ-كىتاپلىرىنى قىلماي قويارمۇ؟ چوقۇم قىلىدۇ، چوقۇم، چوقۇم...“
ھۆسەيىنەم ئاشۇنداق ئۈمىت، ئىشەنچلەر بىلەن ھامان روھىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۆزىنى تېتىك، تىمەن تۇتاتتى، ”مەن ناھەق قامالغان“ دەپ، بىخۇتلارچە بىپەرۋا قارىماستىن، ئۇ يەرنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە قەتئى بوي سۇناتتى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىگى ۋە ئەپچىللىگى، قولىنىڭ ئىشچانلىغى، ئايىغىنىڭ يېنىكلىگى، ئاغزىنىڭ يۇمشاقلىغى شۇ يەردىمۇ ئەسقاتتى. ئۇ، سۇنغان، بۇزۇلغان، زەخىملەنگەن ئەمگەك سايمانلىرىنى غاچ-غۇچ تۈزەپ، رېمونتلاپ كوزگە چېلىقىپ يۈرگەچكە، قىشتا بىر دۆيجاڭ ئۇنى ياغاچچىخانىغا كىرگۈزۈپ قويدى-دە، ھۆسەيىنەم ئۇ يەردىكى ئۇچلۇق ۋاڭ ئۇستامنىڭ ھەقىقى ياردىمى بىلەن ئوب-

دانلا بىر ھۆنەرۋەن بولۇۋالدى ۋە خەنزۇچىنمۇ ئۆگىنىۋالدى. كېيىن ئۇ ئۆستىنىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياردىمى بىلەن يۇقۇرىغا ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ پارچە ئەرز يېزىۋىدى، بۇنى كورگەن يېڭى كەلگەن دوك قاپاق دۈيجاڭ بۇ ياۋاشلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، پوزىتسىيىسى ياخشى ئەمەس، چارىگە نارازى بولغۇچى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرغۇچى، يامان تەسىر قوزغىغۇچى، قۇتراتقۇچى، قانۇن بىلەن ئوينىشقۇچى... ئىبرەت ئۈچۈن مۇنداق ئۇنسۇرلارنىڭ ئەدىۋىنى تازا بېرىپ قويۇش كېرەك، بولمىسا، باشقىلارنى باشقۇرغىلى بولامدۇ؟ دەپ، كەسكىن كۇرەشنى ئۈچ كېچە قىزىتقاندىن كېيىن ھۆسەينەمنى "ئىبرەت ئەتردى"نىڭ يېڭى تەربىيىسىگە كىرگۈزۈۋەتتى. قاتتىق قوغدالغان، قورال ئاستىدا ھەر يان قوغلانغان، چاچ-ساقاللىرى پاخپىيىپ، چىرىيىدىن غېرىچ توپا ئورلىگەن ھۆسەينەم ئاجايىپ ھاشارەتلەرنىڭ ئوردىسى بولغان سېسىق پاخال ئۈستىدە تولغانماقتا ئىدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئاينىڭ ئاخىرقى بىر تۈنىدە، ھۆسەينەم بىر چۈش كوردى. چۈشىدە ئاجايىپ ئىش كوردى. ئالتۇنخان ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە سۈتنى ئىككى قوللاپ ئۇزاتقۇدەك، ئۇنى ئانارگۇل ئېلىپ دادىسىغا ئېپكىلىۋاتقۇدەك؛ ھۆسەينەم قىزىغا زوقلىنىپ كۈلۈپ، ئالدىغا قول سوزۇپ كېلىۋاتقىنىدا، ئاق شالغۇت خوراز ئوچاق بېشىغا ئۇچۇپ چىقىپ قاتتىق قانات قىقىۋاتقۇدەك... "ھەي... خوراز...

قازاندا سۇت...“ دەپ ۋاقىراپ ئويغانغان ھۇسەينەم، قارىسا چۈشى. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سىسىق پاخال ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ئويلايتتى: ”خەلقتە ئىشىك تۇزەلمىسە، چۈشۈڭ تۇزەلمەس“ دىگەن گەپ بار. ئاق سۇت، بۇ بەلكى ياخشىلىقتىن بىشارەتتۇر...“

شۇنىڭ ئەتىسى شەنبە ئاخشىمى ئىدى، كىنو كەلدى، ھەممە دۆلەر بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىغا خۇددى قارا قاغىدەك زىچ ئولتۇرۇشقان. ئەتراپتىكى قىلىن قوغدىغۇچىلاردىن بولەكلەرنىڭ مىڭىش-تۇرۇشلىرى مەنئى قىلىنغان، ”ئىبرەت ئەترىدى“نى ئىلىپ كىلىشتى. ئۇلارنى ۋاسكىتبول گارىغا يىقىن يەردە ئولتۇرغۇزۇشتى. چۈنكى ئۇ يەرنى كىنو چىرىغى تازا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى رىتىدىكى ھۇسەينەمنىڭ ئىچىنارلىق ئەپتىنى كورگەن ۋاڭ سىفۇ بويىنىنى سوزۇپ، كوز ئۇزمەي قارايتتى. بىر دەمدىن كىيىن، ئۇ، خام سىمىز، دوغىلاق باشلىقتا بىرىپ بىرنىمىلەر دىۋىدى، باشلىق باش ئىشارىسى قىلدى. ئۇدۇل ھۇسەينەمگە بارغان ۋاڭ ئۇستا ياغلىقتا تاماكا بىرۋىتىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— خوش خەۋەرلەر بار، ياخشى كۈنلەر...

— قايت، — دەپ قاتتىق كەلگەن ئاۋاز سىفۇنىڭ سوزىنى چالا قالدۇردى.

ئاردىن ئانچە كۈنلەر ئۆتتى، كەچلىك ئوگىنىشتىن كىيىن يوقلىما تۇگەش بىلەنلا ئادەتچە ھەممە ئىلدام ئۇخلاشقا ياتتى.

چۈنكى ئۇلارنى ھارغىنلىقتىنمۇ بەكرەك شىشە چىراقنىڭ ئىسلىرى تېز يېتىشقا ۋە يېتىۋېلىپ نوۋەت بىلەن ئېيتىشىدىغان ھېكايە، چوچەكلەرنى ئاڭلاشقا ئالدىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ- لىرى ”ئۆي ئۆپرىتار، قايغۇ قېرىتار“ دەپ كۆڭنى كۆلكە بىلەن ئۇتكۇزۇشكە تىرىشاتتى. لېكىن بۈگۈن نىمىشقىدۇ ئۇنداق ئەمەس، گەمە ئىچى جىمجىت ئىدى، تالا ئاق ئايدىڭ بولسىمۇ، ئەمما زەي ۋە چوڭقۇر بۇ ”ماكان“ خۇددى گوردەك قاراڭغۇ ئىدى، ياتقىنىغا خېلى بولسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىگەن ھۇسەينەمنىڭ تاماكا ئوتىلا بۇ مۇڭلۇق ماكانغا نۇر ۋە جان بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

—ھەي قايسىڭ سەنا! ئوتۇڭنى يورۇتۇپ تۇرغىنا. تالاغا.. ھىلىقى قېنىدۇ؟... ھىلىقى خېيىم نەدە قالغاندۇ؟

بۇلۇڭ تەرەپتىن چىققۇچى كىرگەندە ھۇسەينەم ئوتى بىلەن يەنە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاۋۇ:

—يىراقتىن ماشىنىنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ،—دىدى ۋە سوڭگەكچىنى قاشلاپ بارغىنىچە ياتتى.

كوپ ئۇتمەيلا ئىشىك ئېچىلىپ كىرگۈچىنىڭ قول چىرىغى گەمە ئىچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يوپ-يورۇق قىلىۋەتتى. كىرگۈچى- لەر ئۈچ كىشى ئىدى، ئۇلار تۆت كىشىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇدى.

—ھۇسۇيۇن ئابباس ئوغلى...كىيىنىڭ...

”سىز“ سوزى—نەچچە يىللاپ ئادا-جۇدا بولغان، يۇرەكنى قۇم يازدا يامغۇرغا زارىققاندەك تەشنا قىلغان بۇ سوزنىڭ ئىللىق

تەپتى ۋە ئۇ ”سىز“ دىگۇچىنىڭ ناۋات رەڭ چىرىيىنىڭ ئىسسىق مېھرى چىراقىنىڭ نۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ گوردەك قاراڭغۇ قەپەزگە خۇددى سۇبھى سويگەن، تاڭ چولپىنى بىلەن تولۇن ئاي مۇدھىش تۈننى يورۇتقاندەك نۇر چاقناتماقتا ئىدى. بۇ نۇر ھايات ھەقىقىتىنىڭ، ئادەملەر بەختىنىڭ ياۋۇز دۈشمەن- لىرى ”توت كىشىلىك گۇرۇھ“ سىياسى باندىتلىرى بەربات بولغاندىن كېيىنكى ھايات باھارى جىلۋىسىنىڭ پارلاق شولىسى ئىدى.

ھۆسەينەملەرنى ئېلىپ كەلگۈچى ساقچى كىيىمى كىيگەن، قاۋۇل، قارىقاش يىگىت — تەرجىمان مامۇت ئۇستەل يېنىدا يالاڭۋاش ئولتۇرغان كىشىگە ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇردى. كۆلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، ئورتا بوي، دوغىلاقراق ئۇ كىشى ”جىخ خىزمەت تەكشۈرۈش ئەترىتى“نىڭ بىر مەسئۇلى دېيىك شاۋلىن ئىدى. ئۇ، قول ئېلىشىپ كورۇشكەندە بۇ خىل ئىنسانىي مۇئامىلىگە زارىققان ئاۋۇلار ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ ”خىزمەت تەكشۈرۈش ئەترىتى“ ھۆسەيۇن ئابباس ئوغلىنىڭ مەسىلىسىنى بىرىنچى تۇركۇمدە ھەل قىلىپ ”يالغان ئەنزە“ بولغىنى ئۈچۈن يالغان بوخچىلارنى ئورتەپ تاشلاپ، تېگىشلىك ئەمگەك ھەقلىرىنى تولۇق بېرىپ، ئۇنى ئازاپتىن ئازات قىلدى.

## 16

ھۇسەينەم ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنىلا ئۇدۇل ئىسلام ئاكىنى ئىزدەپ باردى. ئەمما ئۇ يەرلەر ئاجايىپ ئۆزگىرىپ، ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر بىلەن كەڭ، گۈزەل يول ۋە گۈل-زارلىق پاركلار قەد كۆتەرگەن ئىدى. سۈرۈشتۈرگىنىدە بىلىندى-غانلاردىن بىرى ئىسلام ئاكىلارنى ھۆكۈمەت كونا ئايرۇدۇرۇم تەرەپتە ئالاھىدە يېڭى ئىمارەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن بۇ يەرلەرنى بۇزغانلىقىنى ئېيتىپ، ئادرېسىنى بەلگە قىلىپ بەردى. ئۇنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىنىڭ كوچا كارامەتلىرىنى كۆرۈپ، باياشاتچىلىق، تۇقچۇلۇقلاردىن كۆڭلى-كۆكسى كۆتى-رىلگەن ھۇسەينەمنىڭ روھى يايراپ باراتتى. ئۇ، نەنىمكىگە كەلگىنىدە گۈلزارلىقنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق سىمونت سۇپىسىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ئەترەتدىشى مىركېرىمنى كۆرۈپ قالدى. ئامما مىركېرىم ھە دېگەندە ھۇسەينەمنى تونىمىدى. چۈنكى ھۇسەينەم قىياپەت جەھەتتىن ئورۇقلىغان بولسا، شۇندىمۇ كىيىم-كېچەك جەھەتتىنمۇ پۈتۈنلەي بولەكچە تۈس ئالغان. "دوست بار، دۈشمەن بار" دەپ، راۋرۇس كىيىنگەن. شۇ تاپتا ئاۋۇ تۇرماق ئالتۇنخان كورسىمۇ تونىمىغۇدەك بىر يىگىت سولتىنگە كىرگەن. دېمەك ئۇ، بېشىغا ھەر بالا كەلسىمۇ روھىي جەھەتتىن بىلىنى، قويۇۋەتمەيدىغان بەردەم بىر ئۇيغۇر ئوغلى

ئىدى.

— ھوي... ھۆسەينەممۇ سىلە ئاداش، — دىدى مىركېرىم بولەكتىن كورۈشۈپ، — مەن باياتىن پەقەت تونۇماپتىمەن ئەمەسمۇ... بارمۇ سىلە ئاداش؟ تېچلىقمۇ؟... مېنىڭ ئېتىمنى ئاتاپ كورۈشسەڭلا كىمدۇ بۇ، قاچان، نەدە كورگەندىمەن دەپ، تىمەن تېخى. قانداق، تېچلىقمۇ؟ نەدىن سورايمىز ئاداش...—

ئۇ ھۆسەينەمگە باشتىن-ئاياق قاراپ: — شاڭخەي تەرەپلەردە يۈردۈڭلارمۇ يا، — دەپ كۈلۈۋىدى، ھۆسەينەم ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىنلا ئاشخانىغا باشلاپ ماڭدى.

— كورۈۋاتامسىلە، — دەيتتى مىركېرىم ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ كېتىۋېتىپ، — ئۈرۈمچى دىگەن ھازىر جاھاننىڭ ھەننۇۋا يېرىدىن بەلەن بولۇپ كېتىپتۇ جۇمۇ، توخىنىڭ سۈتى بىلەن يىلاننىڭ پۇتىدىن بولەكنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان بوپتۇ. ھوكۇمەت تۈزەلسىلا ھەممە ئىش تۈزىلىدىكەنغۇ... ھىلىقى توت قاراقچى نەدىن چىققان كاساپەتلەر بولغىيدى، ھىلىقى تاز جالاپىنىڭ ئېتى نىمىدى؟ جياڭ چىڭما، شۇمۇ يامان پاسكىنىكەن جۇمۇ، خوتۇن كىشىلىگىنى قىلماي قاملاشتۇرالمايدىغان نىمەڭگە ھوكۇمەت بولۇشنى كىم قويغان ساڭا!...

ئۇلار ''مەدىنىيەت كۇلۇبى'' ئالدىدىكى ئاشخانىلارنىڭ ئازادىراق بىرسىگە كىردى، ئاش-مانتا كەلگىچە چاي ئىچكەچ مۇڭداشتى، ئەتراپتىكى، مانتا ساناش، مېھمان چاقىرىشلار بىلەن قىڭراق، ساپلىقلارنىڭ ئارىلاشما ئاۋازلىرىلا ئۇلارنىڭ ئارامىنى

ئارىلاپ تۇراتتى. ھۇسەينەمگە مىركېرىم ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆي ئەھۋالىنى، ئالتۇنخاننىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئالتۇندەك خوتۇن ئىكەنلىكىنى، گۈلدەك ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغىنىنى، ئانارگۈلنىڭمۇ چىرايلىق چوڭ بولغىنىنى، ئەمما داداڭ قېچىپ كەتكەن دەپ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئالمىغىنىنى ئېيتقىنىدا ھۇسەينەمنىڭ سەل بىر قىسما بولغىنىنى سەزگەن ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئانارگۈلنىڭ ئەمگەكتىكى ئىلغارلىق پائالىيەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ كېيىن يالغاياق دوختۇر بولغىنىنى، ھازىر دادۇينىڭ دوختۇرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ سوزنى توغرىلاپ كەتتى. ئاندىن دۇينىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سوزلىگىنىدە:

— سۇ باشتىن سۈزۈك بولسىلا ئايىغى ئوبدان ئېقىۋېرىدىكەن، — دىدى ئۇ، ئاندىن ھېلىقى يەپ تويماس، بالاخور، كوز بويامچى ھاراقكەشنى ئېلىپ تاشلاپ، يېڭى دۇيجاڭ سايلانغاندىن كېيىن ھەممە ئىشنىڭ ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىنى دىۋىدى، ھۇسەينەم سورىدى:

— ھازىر دۇيجاڭ كىم؟

— موللابىتكامنىڭ ئابدۇسېلىم.

— ھېلىقى ئوقۇپ يۈرگىنمۇ؟

— ھەئە، شۇ. ئوقۇغان دىگەن بولەك گەپ ئىكەن، ئۇنىڭ بېشى بەك ئىشلەيدۇ. بايا دەيمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، ئۇ باشلىق بولغاندىن كېيىن دۇينى ئېلېكترلەشتۇردۇق، توك

تۇگمەن قۇردۇق. مۇنداق دىسەم كۇلىسلەغۇ؟ هەيران بولد-
ۋاتامسىلە، بۇنىڭ هەيران قالىدىغان هىچيېرى يوق، سىلىنىڭ
ئۆيدىغۇ هازىر بېشىغا قەغەز قالپاق كىيگۈزىدىغان ھىلىقى
مايماق لامپا يوق. ئىشنىڭ كارى ئېلېكتىر دىگەن سوز. مۇنداق
دىسەم قانداق قۇرغاندۇ، دەپ قالماڭلا. گۇڭشېدا ئېلېكتىر
ئىستانىسىسى قۇرۇلغان ئىدى، شۇنىڭدىن تارتتۇق. بۇ ئىشقا
ئازراق پۇل كەملەيدىكەن، ئۇنى ئابدۇسېلىم بىر مەجلىستىلا
هەل قىلدى. بۇنى كوپچىلىككە سېلىشۋىدى، كوپنىڭ كۇچى كوپ
ئىكەن، بانكىدا بارلىرى بانكىدىن، يېنىدا بارلىرى يانچۇغىدىن
بېرىپ بىر كۇندىلا پۇل پۇتتى. پۇل پۇتكەندىن كېيىن ھەممە
ئىش پۇتۇۋېرىدىكەن. ھە راست، ھىلىقى مايىمىن دىگەن ساقال-
لىق تۇڭگانىنىڭ بىر ئۇزى ئالتە يۇز كوي بېرىپ تۇردى، هازىر
دۇي ئۇ پۇللارنى قايتۇرۇپمۇ بولدى. تۇگمەن جاپاسىدىن قۇتۇل-
غاندىن كېيىن خەلق تېخىمۇ قىزىپ كېتىپ گۇرۇچ ئاقلايدىغان،
ياغ تارتىدىغان ماشىنىلارنىمۇ ئالدۇق. يەنە بىر تىراكتۇرمۇ
سېتىۋالدۇق. ئەمدى يۇك ماشىنىسى ئالماقچى، كىراغىمۇ ماڭ-
غۇزماقچى بولۇۋاتىمىز. دۇيدىكى قېرى-چورى ئات-كالىلارنىمۇ
سېتىپ، قالغىنىنى ئامىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلدۇق.
شۇنىڭ بىلەن هازىر بۇرۇنقىدەك ئالتە ئاتنىڭ ئاغامچىسىنى
بەلگە باغلىۋېلىپ خامان چورگىلەيدىغان ئىشمۇ كەلمەس يەرلەرگە
كەتتى. ھىلىقى ئاغرىققا ئالتە جىڭ ئاق ئۇن تېپىلمايدىغان،
قازانىنى پەلگۇچ بىلەن ياغلايدىغان كۇنلەرمۇ كەلمەسكە كەتتى،

دۆيلەردە مىنبەگلار ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ ئەزالارنى ئىشقا ھەيدەيدىغان، چىقالماي قالسا نومۇر بىلەن جازالايدىغان ئىشلارمۇ يوق. ھازىر ئەزالارنىڭ قولى پۇل كۆرىدۇ، پۇل كېلىدىغان بولغاندىن كېيىن ئىشنى ئادەملەر ئۆزى ئىزدەيدىكەن. قوساق توق، غەم يوق بولغاندىن كېيىن پىتنە-پاساتلارمۇ تۈگەيدىكەن. ھەممە ئۆيدە مال-چارۋا بار، بۇرۇنقىدەك بىر جانغا بىر مال باقسەن دەيدىغان، يىلدا بىر ئۆيگە بىر قوي ئالۋىڭى سالىدىغان، ئۆلىرىنىمۇ ئاز دەپ، ھەممە مالنى ”كوللىكتىپقا ئالىمىز“ دەپ تارتىۋالىدىغان ئىشلارنىڭ ئۆزى تۈرماق ئىزىمۇ قالمىدى. ھازىر دۆي شۇنداق ياخشىلىنىپ كەتتى. يەنە بىر ئىشنى دەيمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، دۆينىڭ ئوتۇن جاپاسىمۇ ھەل بولدى، قوغۇن، تاۋۇز، كوكتات تېرىپ، ئۇ شەھەر ئىدارىلىرىگە كومۇر ئېپكىلىپ بېرىشكە توختاملىشىپ ھەل قىلىندى. ھەر يازدا تاۋۇز تېخى چىچەكلىمەستىنلا ھەر ئۆيگە ئىككى توننىدىن كومۇر كېلىپ بولىدۇ، ئەھۋال مانا شۇنداق. دۆينىڭ گۈللىنىشلىرىنى كەچكىچە سوزلىسەممۇ تۈگىمەيدۇ، كورسەڭلار ھەيران قالىسىلەر. قالغىنىنى بارغىنىڭلاردا ئۆز كوزۈڭلار بىلەن كورۈپ راست دەپتىكەن دەيسىلەر، قاچان بارىسىلەر؟...يا بۇ چىرايلىق شەھەرلەردىن ئۈمىت ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ — مىركېرىم كۈلدى.

— ھەي ئۇنى بىر دىمەڭلار. بالا-چاقا كوزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتى، — دەپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنغان ھۆسەينەم

ئاشۇ يىلى ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئاز ۋاقت كېيىنلا ئەۋەتكەن خەت، پۈلىنىڭ كېپىنى چىقىرىۋىدى، مىركېرىم سوزنى بولۇپلا ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىپ بەردى:

— ئۇ ئەللىك كوي تازىمۇ ياخشى ۋاقتا بارغان. ئالتۇنخان دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان چاغ ئىدى

— ھە، ھە، نىمە؟ دوختۇرغا؟...

— ياقەي، ئاددىلا ئىش، ئېشەكتىن يىقىلىپ.

— ئېغىر جاراھەتلەنگەنمۇ نىمە؟

— ياقەي، يېتىم قوۋۇرغىسى ئازراق ئاغرىپ كېتىپتىكەن، شۇڭا... يەنە مىگىسى ئازراق...

— بېجىرىم ساقىيىپ كەتكەنمۇ؟ ھازىر ئەھۋالى قانداقراق؟ ھۇسەينەمنىڭ تەشۋىشلىك كوزىدە ئۇچقۇنلار چاقناۋاتقىنىنى كورگەن مىركېرىم:

— شۇڭا ئېيتماسەمەن دىۋىدىم، ھىلقى ئەللىك كوينىڭ گېپى بىلەن دەپ سالدىم-دە، — دىدى. ئاندىن ئۇ ئەللىك كوينى دۆي قەرزگە دەپ پوچتىدىن ئېلىۋالغاندا، ئەزالار غۇلغۇلا بىلەن ئۇزىگە بەرمىگۈنچە ئۇنۇمىغىنىنى، يۈز كوي دوختۇر پۈلىنىڭ دوستلىرىدىن ھەل بولغىنىدىن تارتىپ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە تولۇق ئېيتىپ بېرىپ بىرقەدەر كوڭۈل تىندۇردى.

— ئۇزۇڭلا قاچان كەلگەن؟

— بەش كۈن بولدى، توك تۈگمەنىنىڭ بىر سايمىنىنى ئالغىلى كەلگەن. راست بايا دەيمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، مەن شۇ

تۈگمەندە ئىشلەيمەن، ئىشۇ غېرىپ-سەنەم قويىلىدىكەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

— قاچان قايتىسىلە؟

— خۇدا خالىسا ئەتە جۈمەنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ... ھە راست بۈگۈن بىزنىڭ گۇڭشېنىڭ ئىككى ماشىنىسى سىمونتقا كەپتىكەن. بىر شوپۇرى ھىلىقى ئىلانىكامىنىڭ ئەكرەم. بايا ئۇچراپ، ئىشىمىز پوتسە ئەتە كېتىمىز، گېڭى-مۇڭى بىللە كېتەيلى، مونچىنىڭ يېنىدىكى گاراژغا چۈشتۇق دېۋىدى، شۇنى ئىزدەپ باقمايمىزمۇ؟ ئۇنداقتا بىللە كېتىمىز قانداق؟

— ئۇ گاراژ نەدە؟

— ئىشەدىلا، ئەردوچو دالۇنىڭ ئارقىسىدىكى كونا مونچىنىڭ ئورنىچۇ؟ ئاپتۇۋۇزغا ئىككى بېكەت.

دۇئادىن كېيىن ئۇلار گاراژغا ماڭدى، كېتىۋېتىپ مىركېرىم سورىدى:

— شۇنچە ئىشلار بولۇپتۇ، نېمىشقا خەت-خەۋەر بەرمىدىڭلا؟

— دەرتىنى ئوزەملا تارتاي، ئۇلارنى پاراكەندە قىلماي دەپ، يانا نومۇس دەپ...

ئاندىن ھۇسەينەم دۈيدىكى ئۇ، بۇ كىشىلەر ھەققىدە ئۇققىنىدىن كېيىن سورىدى:

— ھىلىقى داڭچى لى لوخەنمۇ بارمۇ؟

— دۈيدە داڭ-داڭ يوقالدى دەيلى دىسەك، ئەمما مەج-لىس، يىغىلىشلار بار. ئۇ قېرىمۇ بار، — دىدى مىركېرىم ئۇنىڭ

ئالتۇنخان ئىشەكتىن يىقىلغاندىكى ئىشلىرىنى، دوقا دوختۇرغا "بولمىسا مىنىڭ ھارۋامنى ئېلىپ تۇر" دەپ ئۇرۇشقانلىرىنى ئېيتقانلىرىدا ھۇسەينەم ئۈن-تىنسىز تىڭشاپ باراتتى. ئۇلپەت-چىلىگى، ئاپتاپ سۇنۇپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشىش، مۇڭدىشىشلىرى، ئاخىرىسىدا ھىلىقى خاپا چېغىدا ئۇنى "بۇت قەلەندىرى" دىۋەتكىنى يادىغا يەتتى-دە، "ئەسكى ئادەم-لەردىن ئاڭلىغىنىمنى دەپ سالدىم. ئۇ، شۇنچە ياخشىلىقمۇ قىپتۇ. ئۇ قېرىغىمۇ ئۇرۇمچىنىڭ تاڭسۇق نەرسىسىدىن بىرەر سوغات ئېلىۋالمىسام، نىمە ئالسام بولار، ھە، ھە، غاڭزا" دىدى ئىچىدە.

—جۇرۇڭلارچۇ، ئى ماگىزىنغا كىرىپ ئۆتىدىغان بىر ئىش بار.—ئىككىسى قاتارلىشىپ، پوزۇر پەشتاقلاردىن ئورلەپ ماگىزىنغا ماڭدى.

**17**

جۇمەدىن يانغان جامائەت نەنمىڭ كوچىسىنى ئاۋاتلاشتۇر-ماقتا ئىدى، ھاسا تايانغان ئىسلام ئاكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھۇسەينەم بىلەن مىركېرىم، ئارقىسىدىن ئاق-سېرىق شوپۇر يىگىت ئەكرەم چىقاتتى، ھۇسەينەم ئىسلام ئاكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

—خوش ئاتا، رازى بولسىلا، مەن سىلىنىڭ تۇز-تائام-

لىرىنى كوپ يىدىم، مېنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن كوپ ئىز-
دەپ، شۇنچە ئاۋارە بولۇپلا. ئاخشامدىنمۇ ئۆيلەردە قونۇپ،
بىسەرەمجان قىلدۇق. مەن سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كوپ
كوردۇم. ئەمما شۇنىڭغا يارىشا خىزمەتلىرىنى قىلالمىدىم. رازى
بولسىلا ئاتا! — دېدى.

بوۋاي كوزىگە لىق ياش ئېلىپ:

— مېنىڭ ئوغلۇم يوق دەپ خاتا ئويلاپتىكەنمەن، خۇدانىڭ
سىزدەك ئوغۇلنى ئېپكىلىپ بېرىشىنى بىلمەپتىكەنمەن. خۇدا
كوڭلىڭىزگە سېلىپ مېنىڭ ئاخىرەتلىكىمنى راسلاپ بېرىپ، يەنە
ئالدىمغا پۇل قويدىڭىز. رەھمەت بالام ھۇسەيناخۇن، خۇدا
رەھمەت قىلسۇن، بەختلىك بولۇڭ، بالا-چاقىلىرىڭىز بىلەن
قونۇشۇپ، ئۇزۇن ئومۇر كورۇشنى ئاللا نېسىپ قىلسۇن! خەير
بالام!

بوۋاي يىغلىۋەتتى. ھۇسەينەممۇ كوز يېشى قىلدى ئۇ:

— مەن كېلىمەن، مەن سىلىنى ئىزدەپ كېلىمەن، ئاتا
سىلىنى ئۇنتۇمايمەن، — دېدى. مىركېرىم:

— قېنى ئۇلۇغ جۇمە كۇنى قىلىۋىغا قاراپ بىر دۇئا قىلسىلا
ئاقساقال. — دېدى. چال ھاسىسىنى قولتۇغىغا قىسىپ دۇئاغا قول
كوتەردى، قاراپ تۇرغان جامائەتمۇ قوشۇلدى:

— ئىلاھا ئامىن.

ماشىنا قىلىۋىغا قاراپ ماڭاتتى، ئىسلام بوۋاي ئالتۇن رەڭلىك
ھاسىسىنى تىك تۇتۇپ، نەنىمىڭ گۇلزارىنىڭ گۇزەل سۇپىسىدا

غالىپلاردەك تۇرۇپ كۆتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن دەيتتى:
— خوش... خوش، ئامان بولۇڭ، ئەل - يۇرت ئامان بولسۇن!
گۈزەل نەنمىڭ باغچىسىنىڭ لەرزان تەۋرىنىۋاتقان ئاكاتسىيە دەرەخلىرىمۇ، ھەر بىر زىلۋا شاخ، يېشىل يوپۇرماقلارمۇ خوشلىشىپ "تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز" دەپ ئۆزئارا پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا گۈزەل ۋە سولەتلىك خەلق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى رادىيو كانىيىدىن ياڭراق سادا كۆتىرىلدى. ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر سەنئەت گۈلزارىنىڭ خۇش ئاۋاز بۇلبۇلى پاشانىڭ ئويناق ئاۋازى يۇرەكلەرنى يايرىتىپ، ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا پەلەكلەرگە پەرۋاز قىلاتتى.

1981 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

**在 天 山 脚 下**

（维吾尔文）

吐尔地．萨木萨克著

责任编辑：努尔穆罕默德

责任校对：热西提瓦依提

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：10 5/8

1982年 8月第1版

1982年 8月北京第1次印刷

印数：0001—15,500册 定价：0.49元

书号：M10049(4)137